بۇ ئالىي جاھ پادىشاھلار ۋە ئەنجۇم سىپاھ فەلەك دەر-

گاھلاردىن① ئەۋۋەلقى جەمشىد ۋە فەرىدۇن مانەند ئاتا بىلە فەرزەند ۋە سوڭغى ئەۋلاد ۋە ئەھفاد② ۋە ئەمجادغە فەلەك جەمشىد بىلە فەرىدۇنغە ئىچۈرگەندۇر، ئاياغىنى ئىچۈردى ۋە ۋۇجۇد بەزمگاھىدىن سۈردى ۋە ئەدەم فەرامۇشخانەسىغە كىيۈردىكىم، دۇنيادە ھەق تەئالا ئالارنى شاھ ۋە تەختگىر قىلغاندەك، ئاخىرەتدە [ھەم] مۇقەررەبى دەرگاھ ۋە ئەرشى سەرىر قىلغاي. ۋە ئالارنىڭ تەخت ۋە مۈلك، سەلتەنەتىن ۋە تاج ۋە سىپاھ ۋە ھەشەمەتىن ئالارغە ۋارىسى بەرھەق ۋە مۈلكى ھارىسى مۇتلەق، يەئنى سۇلتان ساھىبقىرانغە مۇسەللەم تۇتقاي، ۋە رۇھلارىنىڭ شەمئىن ھەم ئۆز ئوچاغلارى شۇئلەسى بىلە يارۇتقاي، ۋە سايىر شەھزادەلەر داغى بۇ دەۋلەتدىن بەھرەمەند ۋە شاھ ئىنايەتىدىن سەر بەلەند بولغاي، رۇبائىي:

تا تېمۇرۇ شاھرۇخ دېگەن بولغاي ئات،
ئاندىن سوڭ شەھلەر بارى فەرخۇندە سىفات.
ئەي دەۋلەتۇ ئىقبالغە ئاراستەئى③ زات،
مەجمۇئىچە بولسۇن ساڭا دەۋرانى ھەيات.

① بۇ سۆز تاشكەنت نەشرىدە «دەستىگاھلاردىن» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز قول يازما نۇسخىدا «اجفاد» دەپ يېزىلغان، تاشكەنت نەشرىدە «ئەجفاد» دېيىلگەن. مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئەھفاد» ئېلىندى.

③ بۇ سۆز قول يازما نۇسخىدا «فەرخۇندەئى» دېيىلگەن، تاشكەنت نەشرىدىكىسى بويىچە ئېلىندى.



# سەككىزىنچى مەجلىس

**سۇلتان ساھىبقىران ھەزرەتلەرىنىڭ لەتىف تەبئى نەتايىجىنىڭ زىبالارى ھۇسنۇ جەمالى زىكرىدەكىم ۋە شەرىف زىھنى ھەسائىسىنىڭ رەئنالارى غەنجۇ دەلالى شەرھىدەكىم، ھەرقايسى زەمان سەفھەسى بوستانىدە رەڭگىنلىغ ۋە رەۋانىغدىن گۇلئۇزارىدۇرۇر، سەرۋۇ قەد ۋە ھەر بىرىسى دەۋران ئەرسەسى [گۇلىستانىدە رەۋانلىغ ۋە رەڭگىنلىغدىن سەرۋۇ ئازادىدۇر، گۇلخەد].**

سەلتەنەت بەھرىنىڭ دۇررى يەكتاسى ۋە خىلافەت سىپىھرىنىڭ خۇرشىدى جەھان ئاراسى. سەخاۋەت ھەۋاسىنىڭ ئەبرى گۇھەربارى ۋە شۇجائەت بىيشەسىنىڭ ھۇزەبرى شىر شىكارى، ئەدالەت چەمەنىنىڭ سەرۋى سەربەلەندى ۋە مۇرۇۋۋەت مەئدەنىنىڭ گەۋھەرى ئەرجۇمەندى، كۇشىش رەزمگاھىنىڭ رۇستەمى داستانى ۋە بەخشىش بەزمگاھىنىڭ ھاتەمى زەمانى، ۋە فەساھەت ئالەمىنىڭ نۇكتە بىلە سېھرسازى ۋە بەلاغەت جەھانىنىڭ دىققەت بىلە مۇئجىزپەردازى، يەئنى، سۇلتانۇس-سەلاتىن ئەبۇلغازى سۇلتان ھۇسەيىن بەھادىرخان. رۇبائىي:

كىم مۈلكى دەۋامى تا قىيامەت بولسۇن،
زاتىغە بۇ دەۋر① ئۆزرە ئىقامەت بولسۇن،
ئەدل ئىچرە تەرىقى ئىستىقامەت بولسۇن.
ئالەم ئەھلى ئۈچۈن سالامەت بولسۇن.

بۇ خۇسرەۋى گەردۇن ھاكىمىنى نەسەبى بابىدا خامە سۈرسەم، يۈزمىڭ خان ۋە خاقاننى بۇ جۇزۋى مۇختەسەردە يىغىشتۇرسا بولۇر ۋە بۇ دارايى ئەنجۇم سىپاھىنىكىم، ھەسەبى شەرھىدە قەلەم ئۇرسام، يۈز تۇمەن خاقانى خانىنىڭ ھەممىدە ئەخلاقىچە سۆزنى بۇ مۇختەسەرلىغ ئەۋراقدا سىغىشتۇرسا بولماس. نەسەبى بابىدا فەساھەت شىئار ياخشىلار «نەسەبنامە» بىتىپدۇرلاركىم، ھەرسەفھەسى مانىي كارگاھىنى خىجىل ئېتەر. ۋە ھەسەبى شەرھىدە بەلاغەت دىسار مۇنشىلار تەئرىخى تەرتىب بېرىپدۇرلاركىم، ھەر ۋەرەقى چىن نىگارىستانىنى مۇنفەئىل ئەيلەر. ھەر كىشى ئۇل «نەسەبنامە» غە باقسە بىلگەيكىم، خاقان ۋە داراي ئاڭا بىر تۇرك ۋە بىر ھىندۇ بەندەدۇر. ۋە ھەركىم ئۇل تەئرىخنى مۇتالەئە قىلسە ئاڭلاغايكىم، جەمشىد ۋە ئىسكەندەر ئانىڭ ھەم بىلگەنلەرىدىن ۋە ھەم قىلغانلارىدىن شەرمەندەدۇر. بەس، چۇن بۇ مۇختەسەردە ھېچ نېمە ئۇل جىنس سۆزلەرىدىن سىغۇرسا بولماس ۋە ئالار شەرھىدە نۇكتە سۈرسە بولماس. ۋە يۇقارىدىغى سۆز ئۇسلۇبى ئىقتىزائى ئۇل قىلۇركىم، ئۇل ھەزرەتنىڭ لەتايىفى تەبئىدىن بىر نەچچە مەتلەئى بىلە بۇ ئەۋراقغە زىيبۇ زىينەت قىلغاي ۋە نەتايىجى زېھنىدىن بىر-نەچچە بەيت بىلە بۇ ئەجزاغە قەدر-قىيمەت بېرىلگەي. ۋە ھەر ئاشىقانە مەتلەئ بىلە دەرد ئەھلى جانىغە شۇئلەئى فەنا

① بۇ سۆز چاپ نۇسخا بىلەن تاشكەنت نەشرىدە «مۈلك» دېيىلگەن،



ياقىلغاي ۋە ھەر دەردمەندانە بەيت بىلە ئىشق ئەھلى كۆڭلىگە بەرقى بەلا چاقىلغاي. بەس، ئەمدى شۇرۇئى مەقسۇدغە رۇجۇئى مەتلۇبغە قىلالىكىم، سۆز ئىتنابى ئۇل نازۇك تەبئىغە مۇجىبى كەلال ۋە فەسانە تۇلى ئۇل لەتىف زەمىنىغە بائىسى مەلال بولماسۇن.

ئۇل ھەزرەتنىڭ خۇب ئەشئارى ۋە مەرغۇب ئەبياتى بەغايەت كۆپدۇر. چۇن دىۋانى ھەم مۇرەتتەب بولۇپدۇر. دىۋان ئىبتىداسىدىن بۇنياد قىلىلدى ۋە [ھەر] غەزەلدىن بىر مەتلەئ يازىلدى ۋە ئۇل دەريادىن بىرنەچچە گەۋھەر كىتابەتنىڭ قارا يىپەكىگە تارتىلدى (ۋە بىللاھىت-تەۋفىق).

مەلىكۇل-كەلام مەۋلانا لۇتفىنىڭ مەشھۇر مەتلەئى جەۋابىدا، **بەيت:**

ئەي، قەدىڭ تۇبىئى جەننەت خەددى گۇلگۈن ئۈستىنە،
كۆرمەدى دەۋران سىنىڭدەك ئاي گەردۇن ئۈستىنە.

بۇ مەتلەئ ۋاقىئ بولۇپدۇر، مەتلەئ:

زۇلفىنىڭ تارى تۈشۈپدۇر لەئلى مەيگۈن ئۈستىنە،
ئۈيلەكىم، جان رىشتەسى بىر قەترەئى خۇن ئۈستىنە.

بەسىرەت ئەھلى قاشىدا زاھىردۇركىم، تەفاۋۇت نې پاغلىدۇر. نې ئۈچۈنكىم مەۋلانا يۈزنى جەننەتغە نىسبەت قىلىبدۇر [ۋە تۇبى ئۈستىگە ئېئتىبار قىلىپتۇر ۋە بۇ] بەغايەت يىراقدۇر. باۋۇجۇدى بۇ ئىككى مىسرائ بىر-بىرىگە مەربۇت ئەمەس. ۋە جەۋابى باۋۇجۇد خەرابەت مەئنى ئىككەلەسى مىسرائ بىر-بىرىگە مۇۋافىق ۋە ئەلفازى بىر-بىرىنىڭ مۇقابىلەسىدە لايىق ۋاقىئ بولۇپتۇر.

ۋە قافىيەغە ئەغىيىر ھەم ئۇشبۇ رەدىق بىلە يانا ئىككى غەزەل ۋاقىئ بولۇپدۇر. باۋۇجۇد ئۇلكىم ئۇل مەتلەئدە خەت تەئرىفىدە ـ ئوقدۇركىم، مۇندىن غايەت فەۋت مەئلۇم بولۇر ۋە مەتلەئلەرى بىر ـ بىرىگە جەۋاب تۈشۈپتۇر. بىرى بۇدۇر. مەتلەئ:

ئۇل زۇمۇرەد خەتكى چىقمىش لەئلى خەندان ئۈستىغە،
سەبزەئىدۇركىم ئۆسۈپدۇر ئابى ھەيۋان ئۈستىغە،

يەنە بىرى بۇدۇر، مەتلەئ:

سەبزەئى خەتتىڭ سەۋادى لەئلى خەندان ئۈستىغە،
خىزر گويا سايە سالمىش ئابى ھەيۋان ئۈسىغە ①

ئۆتكەن مەزمۇنلاردا بۇ مەتلەئ خۇب ۋاقىئ بولۇپتۇر. بەيت:

قايسى جەننەت سەبزەسى خەتتى مۇدارىچە بار،
يا مەسىھا نۇتقى ئۇل لەئلى شەكەر بارىچە بار؟

يانا ھەم ئۇل مەزمۇندا بۇ ئۈچ مەتلەئ بىر ـ بىرىگە جەۋاب ۋاقىئ بولۇپتۇر ۋە قافىيە ۋە رەدىفى ئۇل ھەزرەتنىڭ ئىختىرائىدۇر. ۋاقىئەن بەسى بىر ـ بىرىسىدىن خۇبراغ ۋاقىئ تۈشۈپتۇر. بىرى بۇدۇرۇر. بەيت:

سەبزەئى خەتتىڭ ئىچىدە ئۆيلەكىم، جاندۇر نىھان،
ھۇققەقى لەئلىڭ ئارا ھەم دۇررى غەلتاندۇرنىھان.

① قول يازما نۇسخىدا «ئۈستىغە» رادىپى بىلەن كەلگەن يۇقىرىقى تۆت مىسرانىڭ رادىپى چاپ نۇسخىدا «ئۈستىنە» دېيىلگەن.



يانا بىرى بۇدۇرۇر، بەيت:

زۇلفى ئىچرە بەل، خەت ئىچرە ئىچرەلەئلى خەنداندۇر نىھان،
[ئۆيلەكىم، جاندۇرنىھان ھەم رىشتەئى جاندۇر نىھان.]

يانا بىرى بۇدۇرۇر، بەيت:

زۇلفى ئىچرە گۇل، گۇل ئىچرە لەئلى خەنداندۇر نىھان،
تۈندە مېھرۇ مېھر ئارا سەرچەشمەئى جاندۇر نىھان.

ھەم خەت تەئرىفىدە بۇ مەتلەئ خۇب تۈشۈپتۇر. بەيت:

لەئلى ئۆزرە سەبزەئى خەتتى نەمۇدارىغە باق،
شەۋقۇ رەڭ ئامىزنىڭ شىنگەرفى زەڭگارىغە باق.

ھەم ئۇل مەزمۇندا بۇ ئىككى مەتلەئ ھەم بىر ـ بىرى قىيامەتدۇر. بىرى بۇكىم، بەيت:

سەبزەئى خەتتىڭ خەيالى بىلە ئۆلۈرسەم، ئەي پەرى،
سەبزەئى قەبرىم نې تاڭ گەر بولسە ھىجران نەشتەرى.

يانا بىرى بۇ دۇرۇر، بەيت:

مۇشكى بۇ خەتتىنمۇ دەي، يالەئلى دۇربارىنمۇ دەي،
نۇرى ئىمانىمۇ دەي، يا زۇلفى زۇننارىنمۇ دەي؟

ئىشق شىددەتىنىڭ ئەجزىدىن كۆزنى ئەئمالىغە رەۋا كۆرۈپ قەزاغە كۆپ [خىتاب] قىلغانى دەرد مەندانە تۈشۈپدۇر، بەيت:

كۆزلەرىم كورئەت، قەزا، بىر شەكلى مەۋزۇن كۆرمەيىن،
ئۆزنى بىر لەيلىۋەشى ئىشقىدە مەجنۇن كۆرمەيىن.

بۇ مەتلەئ داغى ئۆز ھالى شەرھىدەكىم، ئانداغ بەلىيەئى ئىشق جىھەتىدىن بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدە بولمىش بولغاي، ياخشى تۈشۈپتۈركىم، بۇدۇر. بەيت:

يوق دەمىكىم، تەلبەلەردەك ئول پەرىغە زار ئېمان،
سەبرۇ ھۇشۇمدىن جۇدا دەدۇ بەلاغە يار ئېمان.

بۇ مەتلەئ ھەمكىم، ئۆز ئىشقى ۋە مەنزۇرى ھۇسنىن مەجنۇن ۋە فەرھاد ۋە لەيلى ۋە شىرىن ئىشقى ۋە ھۇسنىغە تەرجىھ قىلىپتۇر، ھەم غەرىب، ھەم دەردمەندانە ۋاقىئ بولۇپتۇركىم، بىتىلۇر، بۇدۇرۇر، بەيت:

ھۇسن ئىلە سەن كامىلۇ شىرىنۇ لەيلى شۇھرەتى،
ئىشق ئارامەن زار ئولۇپ فەرھادۇ مەجنۇن تۆھمەتى.

ئىشق ئوتى ھىرقەتى تەئرىفىدەكىم، ئول ئۆرتەمەگەن نېمە قالمامىش ① بولغاي. خۇب تۈشۈپدۇر، بەيت:

ئىشقىڭ ئوتى جىسمۇ جانى ناتەۋانىم ئۆرتەدى،
تۇرفە ئوت ئېردىكى، پەيداۋۇ نىھانىم ئۆرتەدى.

ئىشق ئۇيقۇنى كۆزدىن ئۇچۇرغان جىھەتىدىن كېچەسىنىڭ سەئب ھالى بۇ مەتلەئدە خۇب ۋاقىئ بولۇپتۇر، بەيت:

① بۇ سۆز چاپ نۇسخىدا «قالمىش» دېيىلگەن.



بىر قۇياش ھەجرىدە چەكتىم ئوتلۇغ ئەفغان بۇ كېچە،
كۆيمەكىم دۇدىدىن ئولدى چەرخى گىريان بۇ كېچە.

بىر نەزەر ئىلتىماسىداكىم، مۇجىبى خۇرسەندلىغ بولغاي، بۇ مەتلەئ خۇب ۋاقىئ بولۇپتۇر، بەيت:

بىزنى بىر باقماغ بىلە كۆڭلۈمنى خۇرسەند ئەيلەگىل،
ھەجر تارىن بىر زەمان ۋە سلىغە پەيۋەندە ئەيلەگىل.

يۈز دەۋرىدە قىران تەئرىفىدە بۇ تەجنىس مەتلەئ بەغايەت رەڭلىگىن ۋاقىئ بولۇپتۇر. بەيت:

ئول قۇياشكىم ئاي يۈزىنىڭ دەۋرىدا كەلمىش قىران،
بارچە مەھۋەشلەر ئاراسىدا ئېرۇر ساھىبقىران.

ئىشق ئوتى ئۆرتەرىدىن جانغە يەتكەندىن سوڭرا مەنزۇرنى تەرەھھۇمغە تەرغىب قىلىپ، [ئۆزنى ئۆرتەنۈردىن قۇتقارماقىن مەھال خەيال قىلىپ] ئول مەزمۇندا بۇ مەتلەئ ئەسرۇ دىلپەزىر ۋاقىئ بولۇپتۇر، بەيت:

ئارەزىڭ مېھرىن ئاچىپ جىسمىم ئاراجان ئۆرتەمە.
ئاشكارا لۇتف ئېتىپ كۆڭلۈمنى پىنھان ئۆرتەمە،

ئىشق ئاشۇبى ۋە بىدادى ئىمتىدادى شىكايەتىدە بۇ مەتلەئ خۇب ۋاقىئ بولۇپتۇر، بەيت:

نېچە ئول ئاي ھەجرىدە كۆڭلۈم بۇزۇلغاي غەم بىلە.
نېچە جىسمىم ئۆيى يىمرۇلگەي غەمۇ ماتەم بىلە.

ئۆز فىغانى شەرھىدە ۋە ئىشق داستانى بەيانىدا بۇ مەتلەئ مۇناسىب تۇشۇپتۇر، بەيت:

ۋەھكى، ئىشقىڭدىن جەھان ① ئىچرە فىغانىمدۇر مېنىڭ،
بارچە كويۇ كوجەدە بۇ داستانىمدۇر مېنىڭ.

مەنزۇرى پەرچەمى ئاشۇفتەلىغى شەرھىدە ۋە ئۆز كۆڭلىنىڭ ئاڭدا بەرھەملىغى ئاراسىدا بۇ مەتلەئ دىلپەزىر تۇشۇپتۇر، بەيت:

ئول قۇياشكىم، چەرخ ئارا ئاشۇفتە پەرچەمدۇر ② بۇ كۈن،
خەستە كۆڭلۈم زۇلفى ئابى ئىچرە بەرھەمدۇر بۇ كۈن.

بۇ قافىيە ۋە رەدىف ئول ھەزرەتىنىڭ خاسسەئى تەبئىدۇر، ھېچ يەردە ئىشلىتىلمەيدۇر. بەغايەت شىرىن ۋە رەڭگىن ۋاقىئ بولۇپتۇر، بەيت:

ۋەھكى، ھىجران تەرھىن ئول ئاي سالدى بۇنياد ئۆزگەچە،
ناتەۋان كۆڭلۈمگە بۇنياد ئەتتى بىداد ئۆزگەچە.

ئۆز جىسمىغە تۇتاشقان شوئلەنى مەنزۇرغە ئەرز قىلۇرغە بۇ مەتلەئ غەرىب تۇشۇپتۇر، بەيت:

ئاتەشىن خىلئەت دېمە جىسمىم ئۆزە، ئەي دىلبەرىم،
كىم ئېرۇر ئىشقىڭ ئوتى بىرلە تۇتاشقان پەيكەرىم.

---

① بۇ سۆز چاپ نۇسخىدا «فىغان» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز 840 - ۋە 1649 - نۇرەۋلۇق ئقول يازمىلاردا «پۇرخەم» دەپ يېزىلىپ قالغان.



گېچە ئەجەب خەيالىن بەيان قىلۇر ئۈچۈن بۇ مەتلەئ مۇئەسسىر ۋاقىئ بولۇپتۇر، بەيت:

كېچە ھەجرىڭدىن ۋىسالىڭغە خەيالىم بار ئىدى،
ھېچ كىشىگە ئايتا ئالمانكىم، نې ھالىم بار ئىدى.

ھەم ھەجر شامى سۇئۇبەتىدە ئۆزىن ئەنجۇم ۋە ئەفلاك بىلە مەشغۇل تۇتار كەيفىيەتىدە بۇ غەزەل باشتىن - ئاياغ بىلە پۇر مەزمۇن، ئەسرۇ دەردناك ۋە مۇئەسسىر ۋاقىئ بولۇپتۇر ۋە بۇ مەتلەئ بۇدۇرۇر، بەيت:

ھەجر شامى ئاي چىقىپ مەن يىغلارا ئېردىم دەرد ئىلە،
سەيرلەر قىلدىم سېنى ئىستەپ مەھى شەبگەرد ئىلە.

بۇ شېئىرنى بۇ ئەۋقاتىدا ھۇكىم بولۇپ ئېردىكىم تەتەببۇئ قىلغايلار. بەئزىدىكىم ئايىتتى، بۇلغا يېھدى. بەئزىدىكىم، ئايىتالماسلىغىغە مۇئتەرىف بولدىلار. ئول جۇملەدىن بىرى فەقىر ئېردىكىم ئىنساف بەردىم. مەتلەئى بۇدۇرۇر، بەيت:

ئوتغە سالغىل سەرۋنى، ئول قەددى رەئنا بولماسا،
يەلگە بەرگىل گۈلنى، ئول رۇخسارى زىبىبا بولماسا.

مەنزۇرىنىڭ لەبى تەبەسسۇمى ۋە ئۆزىنىڭ قاناغان داغىن لالەئى نۇئمان ۋە غۇنچەئى خەندانغە تەشبىھ قىلىپتۇر. ئول مەئنى ئەداسىدا بۇ مەتلەئ ئەسرۇ خۇب تۇشۇپدۇر، بەيت:

ئەيلەدى لەئلىڭ تەبەسسۇم، غۇنچەئى خەندان ئەمەس،
داغىنى كۆڭلۈم قاناتتى، لالەئى نۇئمان ئەمەس.

كۆڭلى نالەسىن بۇزۇغ جىسمىدىن ۋەيرانەداغى چۇغىر فەريادىغە نىسبەت قىلىپدۇر، ئول مەئنى شەرھىدە بۇ مەتلەئ ياخشى تۇشۇپتۇر، بەيت:

ۋەھكى، كۆڭلۈم خالەسى ھەردەم بۇزۇلغان جان ئارا،
گويىيا بىر چۇغز ئىرۇر فەرياد ئېتەر ۋەيران ئارا.

مەنزۇرىنىڭ ئۆزگە ئۇشاقغە ئىلتىفاتى بار ئىركەندىگە تەھەسسۇر ئىزھارىدا بۇ مەتلەئ خۇب تۇشۇپتۇر، بەيت:

ئەي كۆڭۈل، ئول دىلرەبانىڭ ئۆزگە يارى بار ئىمىش،
ۋەھ، ساڭا دۇشمەن بولۇپ ئول، ئۆزگەلەرگە يار ئىمىش.

مەنزۇرىنىڭ زۇلفىن ئاچىپ قاشىغە چىن سالىپ، ئۆز ئەھۋالاتى مۇتەغەييىر بولغانىنىڭ ئەداسىدا بۇ مەتلەئ بەسى نازۇك تۇشۇپتۇر، بەيت:

زۇلف ئاچىپ مەن تەلبەنى ئاشۇفتە ئەھۋال ئەيلەدىڭ،
چىنى ئەبرۇ كۆرگۈزۈپ كۆڭلۈمنى بىھال ئەيلەدىڭ.

ئىشق غەيرەتى مەقامىدەكىم، مەنزۇرنى يارۇ ئەغيارى بىلە كۆرە ئالماس، بۇ مەتلەئ خۇبلۇغدا بىنەزىر ۋاقىئ بولۇپتۇر.
بەيت:

قانى كۆركىم، سېنى كۆرگەيمەن دەمنى ئەغيار ئىلە،
ياكى كۆرگەيمەن يانا ئەغيار ئىلە گۇفتار ئىلە.



ئەشك قانى ۋە كۆكس جاكى ئىزھارىدا بۇ مەتلەئ بەسى ئاشىقانە تۇشۇپتۇر، بەيت:

قان كۆرۈپ ئەشكىمنى كۆڭلۈم نالەسىنى سورماڭىز،
چاك ئولۇپ كۆكسۈم، جىگەر پەرگالەسىنى سورماڭىز.

ئىشق زۇلمىدىن تارتقاندا كۆزگە ھەم يار ۋە غەيرىي سارى باقاردىن مەنئ قىلۇر مەئنىدە بۇ مەتلەئ ئەسرۇ دەردمەندانە كېلىپدۇر، بەيت:

ئەي كۆز، ئۆزگە يۈز سارى ئۆزۈڭنى ئەھزان ئىستەمە،
بىر ۋەفاسىز ئىشقىدىن كۆڭلۈڭنى ھەم قان ئىستەمە.

غەم تۇندى باددىن جىسمى بىناسى ۋەيران بەلكى يەر بىرلە يەكسان بولۇر مەئنىدە بۇ مەتلەئ خۇب ئەدا تاپىپدۇر.
بەيت:

غەم يەلى جىسمىم بىناسىن بولدى ۋەيران قىلغۇدەك،
قايسى ۋەيرانكىم، قارا يەر بىرلە يەكسان قىلغۇدەك.

بۇ مەتلەئنىڭ قافىيەسىدىن سوڭرا ئەتنى ۋاۋىن كەلىمەنىڭ ئەسلى ھەرفى ئورنىغە تۇتۇلۇپ، غەرىب ئىختىرائ قىلىلىپدۇر، بەيت:

ئەي جەفا تىغى، كېلىب مەجرۇھ كۆكسۈمنى يارۇ،
قول يالاڭ ئەيلەب سالىپ بىريان ئىچىمنى ئاختارۇ.

بىدىللىغىدىن تەلبە كۆڭلۈنى تىلەي بارغانلىن بۇ غەزەلدە ئاخىرغىچە مۇسەلسەل ئايتىلىپدۇر. مەتلەئى بۇدۇر، خۇب دېيىپ ئېيتىپدۇركى، زىكر قىلىلۇر، بەيت:

تەلبەزەپ ئىتكەن كۆڭۈلنى ئىستەرەم ھەريان بارىپ،
كوھۇ دەرياۋۇ بەيابانلارنى بىر ـ بىر ئاختارىپ.

پەرىۋەش يارى ئىشقىدىن ھالىنىڭ پەرىشانلىغىدىكىم، تىل شەرھىدىن لال بولغاي، نىھايەت خۇبلۇغىغە بەيان ① قىلىپدۇر. بەيت:

ئول پەرىۋەش ئىشقىدىن ئانداغ پەرىشان ھالمەن،
كىم ئانىڭ شەرھىن قىلۇردىن ئەسرۇ گۇڭگۇ لالمەن.

كۆڭۈل ھەجرىدىن مۇزتەرىب كۆرۈپ، تەسكىنى [ئۈچۈن] غايىب يارنىڭ كېلۇرى مۇژدەسىن بەرگەنى بۇ مەتلەئىدە لەتىق سۈۋرەتدە مۇئەددى بولۇپتۇر، بەيت:

غەم يېمە، مەھزۇن كۆڭۈلكىم، دىلرەبايىڭ كەلگۇسى،
بەزمى ئىشقىڭ تۈزگۈچى ئىشرەت فەزايىڭ كەلگۇسى.

ئىشق ئۇتىنىڭ شىددەت ۋە ھىرقەتىكىم، مەجنۇن ئانىدىن بىر ئۇچقۇن تىلەسە باشتىن ئاياغى ئۆرتەنگەي. بۇ مەتلەئىدە بەسى سوزۇ نازۇك ئايتىلىپدۇر، بەيت:

① بۇ سۆز 1649 ـ نومۇرلۇق قول يازمىدا «خەيال» دېيىلگەن.



ئىشقىم ئۇتىدىن كېلىپ مەجنۇن بىر ئۇچقۇن ئىستەدى،
«ئال» دېدىم، سۇنغاچ ئىلىك باشتىن ئاياغىن ئۆرتەدى.

گەردۇن شىكايەتىندەكىم، ئافىيەتىن رەسۋالىغ بىلە بەدەل قىلمىش بولغاي. بۇ مەتلەئ داغى خۇب، بەغايەت دەرد ئامىز ۋە بىنىھايەت شور ئەنگىز ۋاقىئ بولۇپتۇر، مەتلەئ:

ئەي كۆڭۈل، گەردۇن بەلىيەت تاشىنى ياغدۇردىلار،
ھەر تەرەف سەبرىم ئۆيى دىۋارىنى سۇندۇردىلار.

ئىشق سۇئۇبەتىدىن ھالىنىڭ بىر ـ بىر شىددەتىن ئايتىپ، ھېچ كىشىگە بۇ ھاللار بولماسۇن دەپ ئىستىدئا كۆرگۈزمەك بۇ مەتلەئدە دىلپەزىر تەۋر بىلە بەيانغە كېلىپدۇر، بەيت:

ئىشق ئارا ھېچكىم مېنىڭدەك زارۇ شەيدا بولماسۇن،
بولسا ھەم، ۋەھ، مەن كەبى مەھجۇرى رەسۋا بولماسۇن.

ئىشقىدىن تۈرلۈك ـ تۈرلۈك بەلىيەت باشىغە كەلگەنىنىڭ شەرھىن بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرىغىچە بەيان قىلىپدۇر ۋە مەتلەئى بۇدۇر، ئەجەب دەرد مەندانە ۋاقىئ بولۇپتۇركىم، شەرھ قىلىلۇر، مەتلەئ:

ئىشقىدىن كەلدى مېنىڭ باشىمغە ئانچە سەئىب ھال،
كىم ئانى فەرھاد ئىلە مەجنۇن قىلا ئالماس خەيال.

مەئشۇق ئىشتىياقىدىن خەيال قىلمىش بولغايكىم، ئانى كۆرگەچ فىغانى جانىدىن بۇرۇن چىققاي، جان خۇد رەشكىدىن

فىغاندىن بۇرۇن جىقىغانى بۇ مەتلەئىدە ئەسىرۇ غەرىب ئەدا تاپىپتۇ. مەتلەئ:

...سىنى كۆزگەچ دەر ئىدىم چىقىغاي فىغان جاندىن بۇرۇن،
چىقىماسۇن دەپ رەشكىدىن جان چىقتى ئەفغاندىن بۇرۇن.

ئول ھەررەتنىڭ يانا خاسسەئى ئىختىرائاتى بۇ ئۈچ شېئىردا دۇركىم، «ئۆزگەچە» لەفزىن رەدىف ۋە قافىيەلارى ھەرقايسىنىڭ ئۆزگەچە ۋاقېئ بولۇپتۇر، ۋە ھەرقايسىنىڭ لەتافەتى بىر-بىرىدىن خۇبراغ تۈشۈبدۇر. بىرى بۇدۇركىم، مەتلەئ:

غەم يەلى ئەيشىم بىناسىن قىلدى ۋەيران ئۆزگەچە،
ھۇشۇ سەبرىم مۈلكىنى يەر بىرلە يەكسان ئۆزگەچە.

يانا بىر مەتلەئى بۇ نەۋئ ۋاقېئ بولۇپتۇر، بەيت:

ئاھكىم، بولدۇم يانا ئىشق ئىچرە شەيدا ئۆزگەچە،
ئەقلۇ ھۇشىمدىن جۇدا، خەلق ئىچرە رەسۋا ئۆزگەچە.

يانا بىرى بۇ نەۋئ ۋاقېئ بولۇپتۇر، مەتلەئ:

بولغالى لەئلى ئۆزە خەتتى نەمۇدار ئۆزگەچە،
تۈتتى ئاھىم بەرقىدىن كۆك يۈزى زەڭگار ئۆزگەچە.

بۇ رەدىفدە يەنە بىر شېئىر باركىم يۇقارى ئۆتتى.

غەزەل تەۋرىدە، مەرسىيە ئامىز شېئىر ھەزرەتى خوجە ھافىز شىرازىغە ۋاقېئ بولۇپتۇركىم، زىكر ئولىنۇر. ئول تەۋردە بۇ شېئىر مۇسىبەت ئەنگىز تۈشۈپتۇر. مەتلەئى بۇدۇر، بەيت:



ۋاي، يۈزىڭ ۋايكىم، سەرۋى رەۋانىم باردىلا،
ھۇشۇ سەبرىم مۈلكىدىن ئارامى جانىم باردىلا.

بۇ فەقىرنىڭ غەزەلىغە جەۋاب بۇ غەزەل ۋاقېئ بولۇپتۇر. ئۆزۈم ئىنساف يۈزىدىن مۇئتەرىفمەنكىم، غەزەل يۈز مەرتىبە ئارتۇغراق تۈشۈپتۇركىم، بەيت:

تۈشكەلى ھەجرىڭگە، ئەي سەرۋى گۈلئەندامىم مېنىڭ،
نې كۆزۈمدە ئۇيقۇ بار، نې جاندا ئارامىم مېنىڭ.

مەئشۇق ۋەسلى ئۈمىدىدە دەرد ۋە ھەسرەتىنى ئىزھار قىلىپ، بىتاقەتلىغىچە رەھم ئىلتىماسىدا بۇ مەتلەئ خۇب تۈشۈپدۇر. بەيت:

نېچە بولغاي ۋەسلىڭ ئۈمىدىغە دەردۇ ھەسرەتىم،
رەھم قىلكىم، يوقتۇرۇر ھەجرىڭدە ئەمدى تاقەتىم.

مەسەل تەۋرىدە بۇ مەتلەئىدەك پەرۋەردە ۋە ئاراستە ئاز ۋاقېئ بولغايكىم، ئول ھەزرەتغە ۋاقېئ بولۇپدۇر، مەتلەئ:

مەن ھىلال ئولدۇم غەمىڭدىن، سەن قۇياشسەن، ئەي سەنەم،
ئەيب ئەمەس، گەر بولسە مەندىن كەملىكۇ سەندىن كەرەم،

مەۋلانا يەقىنىيغە جەۋاب ئايتىلىپدۇر. فەقىر ئىنساف بەرگەندەك ئەگەر مەۋلانا تىرىك بولسە ئېردى، ئىنساف بەرگەي ئېردى. مەتلەئى بۇدۇركىم، زىكر قىلىلۇر، بەيت:

ئەي ۋىسالىڭ خەستە كۆڭلۈم مەرھەمى ئارامى جان،
ئۆلمەدىم ھەجرىڭ ئىلىدىن مەن قاتتىغ جانلىغ يامان،

ھەم بۇ بەھر ۋە قافىيەدە يانا بىر شېئىردۇركىم، ئىككىـ لەسى بىر-بىرىدىن لەتىفراق ۋاقىئ بولۇپتۇر. مەتلەئى بۇدۇر. **مەتلەئ:**

ئەي سىنىڭ قاشۇ كۆزۈڭ سەر فىتنەئى ئاخىر زەمان،
لەبلەرىڭدۇر خەستە جانىمغە ھەياتى جاۋىدان.

مەھبۇبىنىڭ خۇيىنىڭ بۇلئەجەبلىغىدەكىم، مېھرىدە جان بەرسە ئىنانماس. ئەجز يۈزىدىن بۇ مەتلەئ ئەجەب ئاشىقانە ۋاقىئ بولۇپتۇر، **بەيت:**

نې ئەجايىب خۇي ئىرۇر، ئەي شوخ سىيمىنبەر ساڭا،
كىم نەچە مېھرىڭدە جان بەرسەم، ئەمەس باۋەر ساڭا.

مەنزۇرىنىڭ مۇفرىت ئىلتىفاتىدىن بىھال بولۇپ، بىخۇدانە ئول ئىلتىفاتى ئىزھار قىلۇر مەئنىدە بۇ مەتلەئ ئەسرۇ غەرىب ئەدا تاپىپتۇر. **بەيت:**

ئەۋرۇلۇپ گۇل باشىغە بۇلبۇل ۋىسال ئولغاي ئاڭا،
گۇل ئانىڭ باشىغە ئەۋرۇلسە، نې ھال ئولغاي ئاڭا.

مەئشۇق نامەسى يەتكەنىدىن مەسرۇر بولغان مەئنىدە بۇ غەزەل رەڭگىن ۋاقىئ بولۇپتۇر، ئاخىرىغەچە مۇسەلسەل بىر مەزـ مۇندۇر. مەتلەئى بۇدۇر، **مەتلەئ:**



فۇرقەتىڭدىن يوغ ئىدى جىسمىمدەۋۇ جانىمدا تاب،
كۆزدە خۇناب ئىردىيۇ غەمكىن كۆڭۈلدە پىچۇ تاب.

مەئشۇق ۋەسلى ئۇمىدىدىن مۇستەمەند بولۇپ، ئول دەۋلەت مۇيەسسەر بولغانىدىن سوڭرا سېھھەت مەرەزىغە مۇبەددەل بولغان نەھرىرىدە بۇ غەزەل بىمەسەل تۈشۈپتۇر. ئىككى بەيتى بۇدۇرـ كىم، شەرھ بولغايدۇر، **بەيت:**

مۇددەتى ئىشقىڭ خەيالى بىرلە ئىردىم مۇستەمەند،
بادەئى ۋەسلىڭ بىلە بىردەم بولاي دەپ بەھرەمەندە.

چۇن بۇ دەۋلەت بولغۇدەك بولدى مۇيەسسەر، ۋايكىم،
سېھھەتىم ئول لەھزە تالىئ زەئفىدىن تاپتى گەزەند.

ئول مەزمۇنداكىم، باۋۇجۇدى ئولكىم، بەھار ۋەسلى مۇيەسـ سەردۇر، كۆڭۈل فىراق خەزانىنىڭ خارىدىن ئازۇدەردۇر، بۇ مەتلەئ بەس سوزۇ نازۇك تۈشۈپتۇر، **مەتلەئ:**

تازە بولدى باغۇ كۆڭلۈمدە فىراق ئازارىدۇر.
جىلۋە قىلدى گۇل، نېتەي، باغرىمدا ھىجران خارىدۇر.

بىر ماھ روي فىراقىدىن تىيرە بەختلىغىن زۇلفىغە ئوخشاتىپ شىكايەت ئىزھارىدا بۇ مەتلەئ ھەزرەتى مەخدۇمى نۇرەن تەتەببۇئىدۇركىم، زىكر ئولىنۇر، **مەتلەئ:**

قىلدى بەختىمنى قارا زۇلفىدەك ئول ماھ ئەز فىراق،
نېچە كۆيدۇرگەي مەنى دىلخەستەنى، ئاھ، ئەز فىراق.

مەتلۇبىنىڭ ماھ ئارەزىنى سەئادەت مەلئەلەئى ۋە خاكى دەرگاھىنى ئەھلى بىنىش تۇتىياسىغە نىسبەت بېرىپدۇر. بۇ مەتلەئ خۇش ، ساف ۋە سەلىس ۋە پاك تۇشۇپدۇر، مەتلەئ:

ئەي سەئادەت مەتلەئى، ئول ئارەزى ماھىڭ سېنىڭ،
ئەھلى بىنىش تۇتىياسى خاكى دەرگاھىڭ سېنىڭ.

مەھبۇب جەمالىدىن كۆز رەۋشەن بولۇپ، خەستە كۆڭۈلگە ۋىسالى كويى مەسكەن بولغان شۇكرانەغە بۇ مەتلەئدەك ئاز ۋاقىئ بولۇپدۇر، مەتلەئ:

شۇكرى لىللاھكىم، جەمالىڭدىن كۆزۈم رەۋشەن بولۇر،
خەستە كۆڭلۈمگە ۋىسالىڭ گۇلشەنى مەسكەن بولۇر ①

ئۆز نىيازى ۋە مەھى بەد مېھرى نازى شەرھىدە بۇ مەتلەئ بەسى بەلا ۋە دەردمەندانە ۋاقىئ بولۇپدۇر، بەيت:

ۋەھ، نې ھالەتتۇركى، مەن ھەر نېچە كۆرگۈزسەم نىياز.
ئەي مەھى بەد مېھر، سەندىن زاھىر ئولماس غەيرى ناز؟

سەفەر ئەزمىدە مەنزۇرىدىن ئايرىلۇر مەھەلدىر خەيرباد مەزمۇنلۇغ ئەلفازىنى رەدىف قىلىپ ئايتىلگەن شېئرىنىڭ مەتلەئى بەغايەت شور ئەنگىز ۋە دەرد ئامىز ۋاقىئ بولۇپتۇر، مەتلەئ:

---

① بۇ مەتلەئنىڭ رادىپى قول يازما نۇسخىدا «بولۇر» ئېلىنغان. چاپ نۇسخىدا «دورۇر» دېيىلگەن.



ئاھ ئىلە ئەزم ئەتتىم، ئەي رازىمغە مەھرەم، ياخشى قال،
دەرد ئىلە ئايرىلدىم، ئەي دەردىمغە مەرھەم، ياخشى قال،

ئىشىق ئوتىدىن ئۆز دەردۇ ھەسرەت ۋە فۇرقەت داغىدىن مەھبۇب غەفلەتىن بۇ مەتلەئدە ئەسرۇ پاك ۋە بەغايەت سوزناك ئايتىلىپدۇر، بەيت:

ھەددىن ئاشتى ئىشقىڭ ئوتى ئىچرە دەردۇ ھەسرەتىم،
ۋايكىم، سەن غافىلۇ كۆيدۈردى داغى فۇرقەتىم.

ماھى تابانىن مۇخاتەب قىلىپ ئاندىن ئايرۇ تۈشكەندە چەشمى گىريانىنىڭ قان ياشىن ئىزھار قىلىپدۇر. ۋە مۇبكىيۇ مۇھلىك تۈشۈپدۇر، مەتلەئ:

سەندىن ئايرۇ تۈشكەلى، ئەي ماھى تابانىم مېنىڭ.
دەمبەدەم قان ياشى يەغلار چەشمى گىريانىم مېنىڭ.

مەتلۇبى ئۆز زۇلمىنىڭ ئۇزرىن تەئنەئى تىز بىلە ئايتۇركىم فىلھەقىقەت، ئول داغى يەنە ئاشىق جانىغە بىر زۇلمدۇر. بۇ مەتلەئدە غەرىب ئەدا ھەم ئاشىقا بەيان تاپىپدۇر، بەيت:

ئۇزر ئۇچۇن سىرىن ھەدىسىڭنى شەكەررىز ئەيلەمە،
بۇ فۇسۇن بىرلە ئۇتۇمنى دەمبەدەم تىز ئەيلەمە.

ئۆز ئىشقى ھالىدىن خەبەر بەرمەكتەكىم، كۆڭلىنى نېچە يار دەردۇ غەمىدىن ئازار تاپار، ئەمما ئانىڭ ماھ رۇخسارىدىن كۆرگەچ مېھرى فۇزۇنراق ۋە مېھنەتى سەر رىشتەسى ئۇزۇنراق

بولۇر. بۇ مەتلەئنىڭ نەزىرى يوقتۇر، مەتلەئ:

هەر نېچە تارتار كۆكۆل دەردۇ غەمۇ ئازارىنى،
مېھرىم ئارتار هەر نېچە كۆرسام ئۇل ئاي رۇخسارىنى.

سەۋرى ئازادىنىڭ باغدا جىلۋە ئەيلەمەكى [ۋە ئۇل سەـ
بەبدىن ئاھـ پەريادى ئىشق ئەهلىنى ئۆرتەمەكى] بەيانىدا بۇ
مەتلەئ ئەددمۇل ـ مىسل تۈشۈپدۇرۇر، مەتلەئ:

جىلۋە ئەيلەر باغ ئارا ئۇل سەرۋى ئازادىم يانا،
كۆيدۇرۇر ئىشق ئەهلىنى بۇ ئاهۇ فەريادىم يانا.

دەۋرانىنىڭ ۋەفاسىزلىغى شىكايەتىدە بۇ بەيت مەۋئىزە تەرىـ
قىدا مۇفىد بىتىپدۇرۇر، بەيت:

دەهر باغىنىڭ رەياهىنىدە يوق بۇيى ۋەفا،
خاهى رەئنا، لەلاسىن كور، خاهى گۇلزارىغە باق.

گەردۇن بىدادىدىن ئەلنى بادە قۇتقارۇر مەزمۇنىدە، ساـ
قىنى مۇخاتەب قىلىپ، مەي تۇتماق ئىستىدئاسىدا بۇ بەيت
هەم بەغايەت مۇنتەجدۇر، بەيت:

ساقىيا، تۇتغىل تولا گەردۇن كەبى ساغەرنىكىم،
جانىمە دەردمەن دەمى بىدادى گەردۇن كۆرمەيىن.

ئۇل ئالەم ئەهلى سۇلتانى [هىممەتى] قاشىدا بەسكى
ئالەم سۇلتانلىقى مۇھەققەر كۆرۇنۇر ۋە فەقرنى فىلھەقىقەت



سەلتەنەتغە تەرجىھ قىلۇر. بۇ بەيتدەكىم، ھەقىقەت مەئنىسى
مەجاز سۇرەتىندە ئەدا تاپىپدۇر. ئۇمىد ئولكىم، ئۇل ھەززەتىـ
نىڭ تەرىـتىدە ھەم ھەر نېمە مەجازى بولسا ھەقىقەتغە
مۇبەددەل بولغاي. مەجاز ئەهلىغە تەمام [ئەھسەن ۋە ھەقىقەت
ئەهلىغە ھەم] مۇستەهسەن ۋاقىئ بولۇپدۇر، بەيت

كىم گەدايىڭ بولسە ئالەمدىن كېچىپ، ئەي دىلرەبا،
فەقر ئەهلى ئىچرە ئۇل سۇلتانى ئالەمدۇر بۇ كۈن.

## خىلۋەت *

ئالەم ئەهلىغە ئانداقكى، مەجلىس بولۇر، مەجلىس ئەهلى
ھەسرەتىدىن تەبئىغە كەلال ۋە زېھنىغە مەلال يۈزلەنگەندىن سوڭـ
رە، ھەر تائىفە ئۆز خۇردى ھالىغە كۆرە مەخسۇسلارى بىلە خىلـ
ۋەت ئىختىيار قىلۇرلار. چۇن «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» نىڭ يەتتى
مەجلىسىنى تەبئ ئەهلى غەۋغاسى ۋە نەزم خەيلى ئەلالاسى
بىلە ئۆتكەردىلدى. سەككىزىنچى مەجلىس سۇلتان ساھىبقىران
مەجلىسىدۇركى، ئانى ئانداقكى ھەقىدۇر. بەيان قىلماق
مۇمكىن ئېرمەس ۋە ئۇل دەئۋاغە ئەقلىكىم مۇنسىق ھەكەمدۇر،
رۇخسەت بەرمەس. نېچۈككىم بولسە شىكەستە ۋە بەستە ۋە
بەئزى پەرىشان ۋە بەئزى پەيۋەستە ئەدا تاپتى. ئەمدى خىلـ
ۋەتىدە داغى بىرـ ئىككى نەقل ئۇل ھەززەتىنىڭ غەيرى نەزم
لەتايىفىدىن ھەم بىتىلسە ۋە بىر ئىككى سۆز شەرھ ئېتىلسە
يىراق بولماغاي.

ئۇل جۇملەدىن: مەۋلانا لۇتفىيكى، ئۆز زەمانىدە خۇراسان

مۇلكىدە تۈركىي ۋە فارسىيدا مەلىكۇل-كەلام ئېردى. بىر-ئىككى كۈن بەھار ئەيياممىدەكىم، بۇلۇت ئاشىق كۆزىدەك ئەشكبار ۋە ئول ئەشك قەترەلىرىدىن ھەر بىرى مەئشۇق ۋەئدەسىدەك بىر مەۋھۇم تار ئاشكار قىلۇر ئېردى. بۇ فەقىرغە يولۇقتى ۋە دېدىكىم: «بۇ ياغىن تارلارى مەھسۇس بولۇپدۇر، مىر خۇسرەۋ ھىندۇچە ئەشئارىدە بىر ئەجىب-غەرىب مەئنى ئايتىپدۇر. ۋە ئول بۇدۇركىم: مەھبۇب بەھار ئەييامىدە بىر يان بارادۇرمىش بولغاي ۋە ياغىن جىھەتىدىن يەر بالچىق بولمىش بولغاي ۋە ئانىڭ ئاياغى بالچىغدىن تايىپ يىقىلۇر چاغىدە، غايەت نازۇكلۇكىدىن ياغىن رىشتەسىن مەدەدى بىرلە تۇتۇپ قوپمىش بولغاي.» بۇ فەقىر بۇ مەئنىنى ئىشىتكەچ خۇشھال بولۇپ، مىر خۇسرەۋنىڭ بۇ دەقىق خەيالىغە ئافەرىنلەر ئوقۇدۇم ۋە تەبئ ئەھلىدىن ياغىن تەقرىبى بىلە ھەركىم قاشىدە بۇ سۆز نەقل قىلىلدى، ماڭا يۈزلەنگەن خۇشۋەقتلىغ ئاڭا ھەم يۈزلەنىپ، مىر خۇشرەۋنىڭ تەئرىفىدە بىئىختىيار بولدى.

بىر كۈن ھەم مەزكۇر بولغان تەقرىب بىلە سۇلتان ساھىبقىران ئالىي مەجلىسلەرىدە بەندە بۇ سۆزنى ئەرز قىلدىمكىم، بىر كۈن مەۋلانا لۇتفىي مىر خۇسرەۋدىن بۇ نەۋئ غەرىب مەئنىنى نەقل قىلدى، دەپ. خەيالىمدە بۇ كىم، ئول ھەززەتنىڭ ھەم لەتىف تەبئلەرىغە خۇش كېلىپ، تەئرىفىدە مۇبالىغە قىلغۇسىلاردۇر. بەندە كۆپ شەئف بىللە ئايتقان ئۇچۇن فىلجۇملە تەبەسسۇم قىلىپ، ئىنبىسات ئىزھار قىلدىلار. ئەمما كۆپ ئىلتىفات ۋاقىئ بولمادى. سوڭغى كۈنى ئانداق مەئلۇم بولدىكىم، ئول ھەزرەتنىڭ مۇبارەك تەبئلەرىغە مىر خۇسرەۋنىڭ بۇ خەيالىدە ئىبتىرازى يۈزلەنگەن ئېرمىش بولغاي، يەنە ھەيرەت دەست بەردىكىم، مىر خۇسرەۋنىڭ بۇ خەيالىغە جەمىئ تەبئ ئەھلى تەئرىف ۋە تەھسىندىن ئۆزگە ھېچ نېمە زاھىر قىلما-



دىلەر، ئايا، ئول ھەزرەت نى ئىبتىراز قىلىپ ئېيتقانلەر، ئالىي مەجلىسدە يەر ئۆپۈپ، ئەرز قىلدىمكىم، ئول ئىبتىرازنى گۆھەر بار ئەلفازدىن ئىشىتمەك مۇراددۇر. دېدىلەركىم: «ئول ئىبتىراز بۇدۇركىم، ئول ياغىن قەترەسى يىراقدىن قۇيى ئىنىپ كېلەدۇر. مۇقەررەردۇركىم رىشتەسىغە دائىم ھەمۋل ھالدۇر. رىشتەئىكىم مەيلى قۇيى بولغاي، ئانىڭ مەدەدى بىرلە يىقىلادۇرغان ئۆزىن ئاسراماقى مەھالدۇر.» ئول ھەززەت بۇ ئىبتىرازنى نەقل قىلغاچ، فەقىر بىلدىمكىم، مەن ۋە ھەر كىشىكىم، بۇ مەئنىنى ئىشىتىپ، تەھسىن قىلىپدۇربىز، بارچە غەلەت قىلغان ئېرمىشبىز، قۇلاق تۇتۇپ ئۆز نۇقسى تەبئىمىغە مۇئتەرىف بولدۇم. ئاندىن سوڭ ئول ھەزرەت دېدىلەركى: «بۇ بەيت ئانداق ۋاقىئ بولۇپتۇركى، ئىبتىراز مەھەللى يوقتۇركىم.» بەيت:

زەئفدىن كۆلبەمدە قوپماق ئىستەسەم ئەيلەر مەدەن،<br>
ئەنكە بۇتى رىشتە ئاسقان بولسە ھەر دىۋارغە.»

ئۈمىد ئۇلكىم، مۇنداق ساف تەبئ كۆزگۈسىغە ھەرگىز دەۋران ھەۋادىسىدىن غۇبارى ئولتۇرماغاي ۋە مۇندا رەۋشەن زېھىن شەمئىن ھەرگىز زەمان نەۋائىبى سەرسەرى ئۆچۈرمەگەي.

ئول جۇملەدىن بۇدۇركى: مەۋلانا فەبۇلىي دېگەن كىچىك ياشلىق يىگىت قۇندۇز ۋە ھىسار تەرەفىدىن كېلىپ ئېردى. تەبئى تۈركىي ۋە پارسىي نەزمغە مۇلايىم ئېردى. ئالىي مەجلىسقە مۇشەررەف بولۇپ، پادىشاھانە تەھسىن ۋە ئېھسانغە ھەم سەرئەفراز بولۇپ ئېردى. بىر كۈنى بىر تۈركىي غەزەلكى، مەتلەئى بۇدۇركىم، مەتلەئ:

نەئىل كەسنىم دەردى ئەفزۇن بولدىيۇ كەم بولمادى،
داغ قويدۇم سوزى كەم بولغاي دەبان، ھەم بولمادى.

ئايتىپ كېلىپ ئېردىكىم، يۇقارى ئەرز قىلغاي. فەقىرغە بەردىكىم، تەگرەسىدە ئەۋرۇلگەيمەن ۋە خاتىرغە كەلگەننى ئاڭا ئايتقايمەن. چۇن ئوقۇدۇم. «ھەم بولمادى» قافىيەسىنى ياخشى ئايتمايدۇر ئېردى. دېدىمكىم: «ياخشى قافىيەسى بۇدۇر، مۇندىن ياخشىراق باغلاساڭ بولۇر ئېردى». ئول دېدىكىم: «مەن خېلى تەشۋىش تارتتىم، ياخشى باغلاي ئالمادىم، ئەلبەتتە بۇ قافىيەنى سىز باغلاڭ». چۇن مۇبالەغە قىلدى، فەقىر ئول قافىيەنى باغلادىم، بۇ نەۋئكىم، بەيت:

سەرۋ مايىل بولدىكىم ئوپكەي ئاياغىڭ تۇپراغىن،
يوقسە ھەر سائەت سەبا تەھرىكىدىن خەم بولمادى.

ئەلقىسسە، قەبۇلي بۇ شېئىرنى بىتىپ نەۋۋابدىن بىرىنىڭ ۋاستەسى بىلە ئالىي مەجلىسقە يەتكۇرۇپتۇر. ئول ھەزرەت ئوقۇغاندىن سوڭرە دەپتۇرلاركى، ئىككىنچى بەيتى ئانىڭ نەزمىنىڭ رەڭگى ئەمەس، خەيالغە ئانداق كېلۇركىم، فەلانى مۇنى ئانىڭ شېئرىدە ئايتمىش بولغاي. فەقىرنى تىلەپ، بۇ بابدە تەكەللۇم قىلدىلاركى «بۇ بەيتنى، ئايا ئۇلمۇ ئايتىپ ئېركىن، يا بىراۋمۇ ئانىڭ ئۇچۇن دەپ ئېركىن؟». فەقىر تەئەججۇپ قىلدىم، ئەمما لۇتفى يوق ئېردىكى، ئول غەرىب يىگىتكىم، بۇ شېئرنى ئۆتكەرىپ ئېردى، دېگەيمەنكىم، «بۇ بەيتنى مەن ئايتىپمەن». چۇن ئىقرار قىلمادىم. مۇبالەغە بىلەن سورۇلدى. ئول ھەزرەتقە چۇن رەۋشەن بولۇپ ئېردى، ئىنكار قىلا ئالمادىم. دېدىمكىم: «مۇبارەك خاتىرغە كىم مەۋرىدى ئۆيۈزى غەيبىيدۇر، چۇن زاھىردۇر، نې نەۋئ تانغايمەن». بەغايەت



مۇنبەسىت بولۇپ، ھۆكم بولدىكىم: «قەبۇلىينى تاپىپ كەلتۈرسۇنلەر كىم، بۇ بابدا ئانىڭ بىلە مۇتايەبە قىلالى». فىلھال تاپىپ، ئالىي مەجلىسدە ھازىر قىلدىلار. ھەزرەت جۇلۇس ھۆكمى بۇيۇرۇپ، ئىلتىفات زاھىر قىلىپ، شېئرىنى تەھسىن قىلدىلار. فەقىر مۇتەرەددىدكىم، تەئرىف بۇنياند بولدى، ئاڭا ئەجەپ شەرمەندەلىغ بولغۇسىدۇر ۋە فەقىرغە ئاندىن ئارتۇغراق. ئول بابدە ھېچ سۆز دېمەدىلەر. مۇددەتى ئولتۇردى ۋە سۆز ئۆزگە تەرەفلەر تۇشتى، تا ئولكى، مەجلىس نىھايەتىغە يەتتى ۋە ئەل تارقالدىلار. ئاز كىشى مەھرەملەردىن قالدى. نەۋۋابدىن بىرى ئەرز قىلدىكىم: «قەبۇلىينى كەلتۇردىلەر ۋە ئول بەيت بابىدا ئانىڭ بىلە مۇتايەبە قىلمادىلەر، ھەماناكى ئۇنۇتۇلدى». ھەزرەت بۇيۇردىلاركىم: «ئۇنۇتۇلمادى، ئەمما ئول سۆز زىكرىدە ئاڭا ئۇيات بولۇر ئېردى. تىلەمەدۇككى غەرىب يىگىت مەجلىسدە ئەل ئاراسىدا ئۇياتلىغ بولغاي. ئول سەبەبدىن ئانىڭ شېئرى ۋە ئول بەيت بابىدا سۆز دېيىلمەدى». بۇ فەقىر يەر ئۆپۈپ ئەرز قىلدىمكىم: «بۇ رەھم يالغۇز ئاڭا ۋاقىئ بولمادىكىم، ماڭا داغى بولدى»

سۇبھانەللاھ، ئافەرىن ئول سانىئەكىم، بىر ساھىب دەۋلەتقە مۇنچە ھۇسنى خۇلق ۋە كەمالى فەزل ۋە زېھنى بەلەند ئىدراك ۋە تەبئ ۋە زېھنى پاك كەرامات قىلىپدۇركىم، بۇ ئەفسانەلەرنى ياساپ بىراۋغە باغلاسەلەر، ئىشىتكەن كىشى ئىنانا ئالماغاي، بەلكى جەئلىيدۇر دەپ، ئايتقۇچىنىڭ تەكەللۇمىغا قۇلاق سالماغاي.

بۇ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئىرەم ئايىن سۇھبەتلەرىدە ۋە فىردەۋس تەزيىن خىلۋەتلەرىدە بۇ نەۋئ غەرىب لەتايىف ۋە ئەجىب زەرايىف ھەر لەھزە مۇتەئاقىپ ۋە مۇتەۋاتىر ۋە ھەرلەھزە مۇتەزائىد ۋە مۇتەكاسىر زاھىر بولۇر. تا سىپېھر شەبىستانىنىڭ شەمئى زەررىن لەگەنى بەدرى مۇنىر بولغاي ۋە

# مەجالىسۇن نەفائىس

(يەشمىسى)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ئەفلاك شەھرىستانىنىڭ مەشئەلى ئەنجۇمەنى مېھرى ئالەمگىر بولغاي، بۇ ئەدالەت ئەۋجىنىڭ تولۇن ئايىغا كەملىك يۈزلەنمەسۇن. ۋە بۇ سەلتەنەت بۇرجىنىڭ خۇرشىدى ئالەم ئارايى كەمال دەرىجەسىدىن ئايرىلماسۇن!

ئۇل ھۇمايۇن تەبئىنىڭ بۇ نەۋئ دەقىقىسازلىق ۋە نۇكتە پەردازلىقلارىنى سىپىھر دەۋرى يىللار بىتىپ تەمام ئەتمەس ۋە خىرەد خوردەدانى خۇش تەقرىرى قەرنلەر ئايتىسا ئىتمامىغا يەتمەس. ئەۋلا ئولكىم، ئىختىسار بىلەن تەمام قىلىنغاي ۋە دۇئا بىلە ئىختىتام بېرىلغاي، رۇبائىي:

يارەب، بۇ زەمانە شاھلارىنىڭ شاھى،
كىم كۆڭلى ئېرۇر سىررى نىھان ئاگاھى.
بەرگىل ئاڭا ئەۋجى ماھىدىن تا ماھى،
بەلكىم، نېكى بار ئېسە ئانىڭ دىلخاھى.

رۇبائىي:

كۆك ئەرسەسى بەزمگاھى ئولسۇن، يا رەب،
كۈن شەمسەسى چەترى جاھى ئولسۇن، يا رەب.
كەۋكەب ئەدەدى سىپاھى ئولسۇن، يا رەب،
ھەر ئىشدا ھەق پەناھى ئولسۇن، يا رەب.

ئامىن، يا رەببىل - ئالەمىن

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

تەڭرىگە يۈزلىگەن ماختاش ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، ئۇ جاھاننىڭ تۆرلۈك باغ ۋە بوستانلىرىنى ياسىدى، ئۆزىنىڭ ھۆسن-جامالىدىن گۈل ۋە رەيھانلارنى ياراتتى، تەنلەرگە جان بېغىشلىغۇچى بۇ باغ (جاھان) نى يارىتىپ، شائىرلارنى ئۇنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى قىلدى.

پۈتكۈل بارلىق ۋە يوقلۇقنىڭ مېۋىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گە سان-ساناقسىز دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن، رۇبائىي:

ئۇ پاساھەت تەختى ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن بېرى، شائىرلار جامائىتى ئىچىدە ھەرقانداق نەزمە ئىجاد قىلمىسا، (ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز سەنئەت قابىلىيىتى ئارقىلىق) ھەم نەزمە ئىجاد قىلغۇچىنىڭ مەرتىۋىسىنى سىندۇردى، ھەم نەزمىسىنى قارا تۇپراق ئۈستىدە پەس قىلدى.

دانالار نەزەرىدە ۋە ئاقىللار ھۇزۇرىدا شۇنىسى مەلۇمكى، ئەرەب پاساھەت ئىگىلىرى بالاغەت زىب-زىننەتلىرى ۋە پاساھەت گۆھەرلىرى بىلەن بېزەپ نەزمە گۈزەللىرىگە جىلۋە بېرەتتى ۋە بۇ جەھەتتىكى دەۋا ناغرىلىرىنىڭ ئاۋازىنى پەلەككە يەتكۈزەتتى. بارلىق ئالەملەرنىڭ پادىشاھى بولغان مۇقەددەس تەڭرىنىڭ مۆجىزىلىك ۋە ئىنتىزاملىق سۆزى مۇبارەك خىسلەتلىك جىبرىئىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى

ۋە ئۇلۇغ بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشتى. نەزمە سۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىگە يۇقىرىقى پاكىتلار كۇپايىدۇر.

دېمەك، نەزمە ئىلمىنىڭ ئالىملىرى ۋە شېئىرىيەت پىرىنىڭ كامالەت ئىگىلىرى نازۇك پىكىرلەر گۆھىرىنىڭ ئۇممان دەرياسى ۋە گۈزەل مەنىلەر ياقۇتىنىڭ كانى بولالايدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار ئۇلۇغ جامائەت، ئەزىز قەۋم ھېسابلىنىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نامىلىرى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرى زامان سەھىپىلىرىدىن ۋە دەۋران ئابىدىلىرىدىن يوقالماي كەتمىسۇن دەپ، ئەسەر يازغانلار ئەسەرلىرىدە ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىغان پەسىللەرنى تۈزۈپتۇ ۋە تالاي بابلارنى بېزەپتۇ، ئۆز كىتابلىرىغا بۇ جامائەت بايانى بىلەن زىب - زىننەت بېرىپتۇ.

شۇلاردىن بىرى: ھەزرىتى مەخدۇمى شەيخۇل - ئىسلام مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى (تەڭرى ئۇنىڭ يولباشچىلىقىنى ئۇزۇن قىلسۇن) دۇر، شېئىر:

ئەگەر بۇ تۇققۇز پەلەكنى خىيالىمىزغا كەلتۈرسەك، بۇ ئۇنىڭ ئىلىم - ئېرپان دېڭىزىدىن بىر تامچە مىسالدۇر. ئۇنىڭ زېھىن بۇلىقى جاھانغا سۈزۈك سۇلارنى چىقىرىشقا باشلىغاندىن بېرى، ئۆزىنىڭ جان بېغىشلىغۇچى ئابىھاياتى بىلەن جاھاننى تولدۇرۇپ كەلمەكتە.

بۇ ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار ئۆزىنىڭ «باھارىستان» ئاتلىق كىتابىدا سەككىز باغ ئېچىپتۇ. سەككىز جەننەت بېغى بۇ باغلار ئالدىدا خىجىل بولۇپ، ئەل كۆزىدىن يوشۇرۇنلۇق پەردىسى ئىچىگە قېچىپتۇ. ئۇنى سۇلتان ساھىبقىران (ھۈسەيىن بايقارا) نىڭ نامى بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلەپتۇ ۋە ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ گۆھەرلىرى بىلەن تاجدار قىپتۇ. بىر بېغىنى بۇ خۇشناۋالىق ۋە خۇش سادالىق بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدىن چىن



سۈرەتخانىسى گۈزەللىك ۋە پىردەۋس بېغى رەشك قىلغۇدەك دەرىجىدە ياساپتۇ. خۇراسان مەملىكىتىنىڭ ئېسىل ئەمىرزادىلىرى ئىچىدە پەزىلەت ۋە ئىلىم - ئېرپان بېزەكلىرى بىلەن بېزەلگەن يوقسۇللۇق، قانائەتچانلىقنىڭ سائادەتلىك تاجى بىلەن بېشى ئۈستۈن بولغان ئەمىر دەۋلەتشاھمۇ سۇلتان ساھىبقىران نامىغا «شائىرلار تەزكىرىسى» ناملىق كىتابنى يېزىپتۇ. بۇ ساھەدە ئۇ كۆپ رىيازەت چېكىپ، ئۆز كىتابىدا شائىرلار جامائىتىنى ياخشى جەملەپتۇ. بۇ توغرىلىق يەنە باشقا رىسالە ۋە كىتابلار بار. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئەھۋالى، خىسلەتلىرى ۋە ئۆتكەن زامان سەنئەتكارلىرىنىڭ ناملىرى بايان قىلىنىپ، يېزىق قۇرلىرىدىن ئورۇن ئېپتۇ. بۇ مۇبارەك زامان ۋە ئامەتلىك دەۋرانىنىڭ شائىرلىرى ھەم تالانت ئىگىلىرى سۇلتان ساھىبقىران دۆلىتىنىڭ بەرىكىتى ۋە تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىدە، شېئىرنىڭ كۆپرەك ئۇسلۇبىدا، بولۇپمۇ غەزەل شەكلىدە كۆڭۈلنى ئېچىمۇ خۇشال قىلىدۇ، شادلىقنى ھەممىدىن بەكرەك ئارتتۇرىدۇ. بۇلار ئۆز شېئىرلىرىنى راۋانلىق، روشەنلىك، ئېنىقلىق ۋە گۈزەللىك جەھەتتە بۇرۇنقىلارغا يەتكۈزەلەيدۇ، مەنىلەرنىڭ نازاكىتى، قىزىقارلىق، ئاجايىپ - غارايىپ بولۇشى ۋە نادىرلىقى جەھەتتە بار بولغانلىكى شەرتلەرنى ئورۇندىيالايدۇ. بۇلارنىڭ ناملىرى بۇرۇنقى شائىرلار قاتارىدىن مەھرۇم ۋە سۆزلىرى ئۇلار رېتى ۋە قائىدىسىدە نامەلۇم بولغاچقا، بۇ سۇنۇق كۆڭۈلگە بۇ ھاجەتمەنلەرنىڭمۇ بۇرۇنقى ئۇلۇغ شائىرلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنىشى ۋە بۇ ئەگەشكۈچىلەرنىڭمۇ بۇرۇنقى يولباشچىلار توپىغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن بىر نەچچە ۋاراق يېزىپ، بۇ ئەسىر شائىرلىرى ۋە بۇ دەۋر زېرەكلىرىنىڭ ئېتىنى ئۇنىڭدا قەيت قىلىش خىيالى كەلدى. شۇڭا سۇلتان ساھىبقىراننىڭ دۇنياغا كەلگەن بەختىيار زامانىدىن تارتىپ، دۆلىتى ۋە شان

شۆھرىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان دەۋرلىرىگىچە، ئۇنىڭ دەۋرانى تاكى قىيامەتكىچە مۇستەھكەم ۋە زامانە ئاخىرىغىچە بەرقارار بولسۇن، بولغان ئارىلىقتىكى، نامىنى يېقىن ئىشتىكەن، ئەمما خىزمەتلىرىگە يېتەلمىگەن، بەزىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە يەتكەن، لېكىن ئۇلار بۇ مەغرۇر پانىي ئالەمدىن شادلىق بېغىشلىغۇچى باقىي ئالەم سارىيىغا كۆچۈپ كەتكەن، يەنە بەزىلىرى بۇ مۇبارەك زاماندا ھايات بولۇپ، ئۇ ھەزرەت (ھۇسەيىن بايقارا) نىڭ پەرىشتە سۈپەتلىك خىسلەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەپ، ھەرقايسىسىنىڭ تالانتلىرى نەتىجىسىدىن بىرئاز نىشانە يازماقچى بولدۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ مەقسىتىم ھاسىل بولدى. بۇ ئەسەر سەككىز قىسىم قىلىندى. ھەر بىر قىسمى نەپىس بىر مەجلىسنىڭ مەۋسۇمى بولدى ۋە جەمئىيسىگە «مەجالىسۇن - نەفائىس» (گۈزەل مەجلىسلەر) دەپ ئات قويۇلدى. رۇبائىي:

بۇ تۆھپىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭدا شائىرلار لەتىپىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن خۇشالمەن، ئۆمرۈمنىڭ ۋاپا قىلىشىنى ۋە بۇ كىتابىمنى شاھنىڭ دۇئاسى بىلەن تاماملاشنى ئۈمىد قىلىمەن.



# بىرىنچى مەجلىس

**ئۇلۇغ زاتلار، ئەزىز كىشىلەر بايانىدىكىم، يېقىن ئۇلارنىڭ شەرەپلىك زامانىنىڭ ئاخىرىدا ئىدىم ۋە خىزمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولالمىدىم.**

ئۇلاردىن بىرى:

ھەزرەتى ئەمىر قاسىم ئەنۋار (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولسۇن دۇر). ئۇ كىشىنىڭ مەرتىۋىسى شائىرلىق دەرىجىسىدىن يۇقىراقتۇر ۋە ئەۋلىيالار قاتارىدىكى ئورنى سۈپەتلىگەندىمۇ يۈكسەكتۇر. ئەمما ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش ۋە مەرىپەتنى بايان قىلىشتا نەزىم ئۇسلۇبى ئەڭ يېقىملىق بولغانلىقى ئۈچۈن نەزمىگە ئىلتىپات قىلىدىكەن، تەۋەررۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قىسقا كىتابچە ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغ ئىسىملىرى بىلەن باشلاندى.

ئەمىرنىڭ ئەسلى ئەزەربەيجاندىن بولۇپ، تۇغۇلغان يېرى «سەراب» ئاتلىق كەنتتىندۇر. يىگىتلىك دەۋرىدە شەيخ سەدرىددىن ئەردەبىلى (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولسۇن) غە مۇرىت بولدى ۋە سۇفىيە ئەدەبلىرى يولىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ كامالەت ھاسىل قىلدى. شەيخنىڭ يوليورۇقى بىلەن خۇرا-

سانغا كەلدى. ئازغىنە ۋاقىتتا خالايىق ئەمىرنىڭ خىزمىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئەۋغا قىلىشقا باشلىدى. زامانىنىڭ پادىشاھى ئەمىرنى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ بەلخ ۋە سەمەرقەند تەرەپكە بېرىپ بىر مۇددەت تۇرۇپ يەنە ھىراتقا قايتىپ كەلدى. چاغاتاي ئەمىرزادىلىرى بەلكى ھەممە يۇرت كاتتىلىرى ئۇنىڭغا يەنە مۇرىت بولدى. بۇ زات ناھايىتى ساپ نىيەتلىك، نەپەسلىرى ئوتلۇق كىشى ئىدى. ئەل ئۇنىڭ نەزمىلىرىگە بەكمۇ مايىل بولۇپ، شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا ۋە كۆچۈرۈۋېلىشقا ئىنتىلىدىغان بولدى. بۇ ھال ئۇنىڭ شېئىر دىۋانى تۈزۈشكە سەۋەب بولدى ۋە «ئەنىسۇلئاشىقىن» (ئاشىقلار قاياشى) ئاتلىق قىسقىراق مەسنەۋىيلەر توپلىمى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدەك تەرجىئىبەند شېئىرلارنىمۇ ئىجاد قىلدى. تەۋرۈك سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىككى مەتلىئى بېرىلىدۇ. بىرى، مەتلەئ:

تەڭرىگە شۈكرىكى، سېنىڭ ئىككى ئالەم مۈلكىنىڭ سەرمايىسى بولغان ئىشقىڭ مېنىڭ يۈرىكىم ۋە جىنىمدادۇر.

يەنە بىرى، بېيىت:

بىزدەك ئار-نومۇستىن كەچكەن، ياقىمىز يىرتىلغان جاھاننى ئۆرتىگۈچى ئاشىقلار ئۈچۈن سېنىڭ غەم-قايغۇلىرىڭنىڭ دۆلىتى تۇرغان يەردە جاھاننىڭ پىكرىدىن پەرۋايىمىز نېمە؟!

دەسلەپتە نەزم ئۆگىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، تەخمىنەن پېقىر شۇ چاغدا ئۈچ ياش بىلەن تۆت ياشلار ئارىسىدا ئىدىم، چوڭلار مېنى بۇ بېيىتنى ئوقۇشقا تەكلىپ قىلسا، ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇلار ھەيران بولۇشاتتى. ئۇنىڭ مەسنەۋىيلىكلىرى ھەزرىتى مەۋلانا جالالىددىن رۇمى (سىرلىرى مۇقەددەس بولسۇن) مەس-



نەۋىيلىرىنىڭ ۋەزنىدە، يەنى «رەمەلى مەسەددەس» دېيىلىدىغان ۋەزنىدە يېزىلغان. بۇ مەتلەئ شۇ جۈملىدىندۇر، مەسنەۋىي:

تەبرىزدە بىر سەييىدزادە بار ئىدى. ئۆزى مەردانە، ياخشى ئىقباللىق، ئۇلۇغ زات ئىدى.

بۇ بېيىتتا دېمەكچى بولغان مەقسەت گويا شائىر ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ تەرجىئىبەندلىرىنىڭ بەنتى مۇنۇ بېيىتتۇر، بېيىت:

ئۆز خۇلقۇڭ، سۈپەتلىرىڭ، زاتىڭ ۋە ئىسىملىرىڭ بىلەن ھەممە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنىڭ ئەسلى ئۆزەڭسەن.

ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قەبرىسى جام ۋىلايىتىنىڭ خەرجۇرد بازىرىدا. پەقىر ھەم ئۇ ئاستانەنىڭ مۇرىتلىرىدىنمەن. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 835-(مىلادىيىنىڭ 1431 — 1432-) يىلى ۋاپات بولۇپتۇ. (ئۇ زاتنىڭ قەبرىسى داۋاملىق تاۋاپ قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەرىكەت ئېلىنىدۇ.)

مىر مەخدۇم — ھەزرىتى مىرقاسىمنىڭ ئىزباسارى، پەرزەنتى ۋە دوستى قاتارىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسى مەككىدىن ئىمام ئەلى مۇسا رىزا زىيارىتى ئۈچۈن مەشھەدكە كەلگەنىدى. ئۇ يەردىن قايتىپ نىشاپۇرغا بارغاندا ئۆيلىنىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇنىڭغا تەڭرى ئۈچ پەرزەنت ئاتا قىلدى. كىچىكى مىرمەخدۇم بولۇپ، ئىسمى سەييىد مۇھەممەد ئىدى. ئۇ شەھەرگە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدى. ئۇنىڭ ئاساسى

بىلىملەرنى پۇختا ئۆگىنىپ بولغان چاغلىرى دەل ھەزرىتى مىر-قاسىم نام-شۆھرەت قازانغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ خىزمىتىگە بېرىپلا ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى. مىرقاسىم ھەزرەت-لىرى ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ۋە كامالەت ھاسىل قىلىشىغا مەشغۇل بولدى. مىر قاسىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇشكۇل خىزمەتلەرنى قىلىپ، رىيازەت چەكتى. مىرمەخدۇم پاك تەبىئەتلىك، سائا-دەتمەن يىگىت ئىدى. ئۇ مىرقاسىمنىڭ خىزمەتلىرىنى شۇنداق قىلدىكى، «كىمكى خىزمەت قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ خىزمەت قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى بىلەن ھەزرىتى مىر ئۇنىڭغا «مىر-مەخدۇم» دەپ ئات قويدى. ھەزرىتى مىر ئۇنى ناھايىتى ئەزىز ۋە مۇكەررەم كۆرەتتى. بۇ مەتلەئى ئۇنىڭدۇر، شېئىر:

ھەي نەغمىچى، سازىڭنى چال، ساقى، پىيالە كەلتۈر!
مەينى ھارام دېگەنلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال.

ئۇنىڭ مازىرى نىشاپۇردا مىھر ئابادادۇر.

**ھافىز سەئىد**-مىر قاسىمنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولۇپ، بىغەم ۋە شوخراق كىشى ئىدى. ھىرات شەھىرىنىڭ بىكار تەلەپ، ئىچەرمەن يىگىتلىرى ئۇنىڭغا سۆھبەتداش ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تۇرمۇشى چېچىلاڭغۇ بولۇپ، قالايمىقان مۇئامىلە ۋە ناچار خۇلقلار كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەزرىتى مىرغا مەلۇم بولغاچ ئۇنى ئۆز سۆھبىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، خانىقاھدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۈپىسىنى خانىقاھدىن تاشقىرى چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى. شۇ چاغدا ھافىز سەئىد بۇ غەزەلنى ئېيتتى، شېئىر:



ئار-نومۇسسىزلار دۇنياسىدا مېنى رەسۋالىقنىڭ نىشانى قىلدىڭ،
كۆڭلۈمنى ئېلىپ، جېنىمنى، يۈزلەرچە نادامەتكە پايداشتۇردۇڭ.

شۇنىڭ بىلەن ھافىز سەئىد قوغلاندى بولۇپ مۇلازىمەت دۆلىتىگە مۇشەررەپ بولالمىدى. «ئەھمەد مىرەك» نامىغا ئېيت-تىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭدۇر، مۇئەممما:

مېنى پەقەت يارنىڭ كوچىسى بېشىدا قالدۇرۇپ كەتكىن.
چۈنكى ھافىز سەئىد شۇ مەھرۇملۇقتا ئالەمدىن ئۆتتى،

**خوجا ئەبۇلۋەفائى خارەزمى** (تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن) – بۈيۈك ئەۋلىيادىندۇر. خارەزىم خەلقى خوجا ئەبۇلۋەفانىڭ پېرىشتە سۈپەتلىكىدىن ئۇنى «يەر پېرىش-تىسى» دېيىشەتتى. خوجا ئاساسىي بىلىملەر ۋە تەسەۋۋۇپ ئىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بولۇپ، تەسەۋۋۇپ ساھەسىدە يازغان ياخشى ئەسەرلىرى بار ۋە بۇ ئەسەرلىرى ناھايىتى مەشھۇر. ئۇ نادىر ۋە ئاجايىپ ئىلىملارنى بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭدىن بۇ خىل ئىلىملار ئاشكارا بولمايتتى. بەلكى غايەت دەرىجىدە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە ئوي-پىكىرگە غەرق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پەرۋاسىز يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئاسترو-مىيە ۋە مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ماھارىتى بارلىقى ئۇنىڭ رىسالىسى-دىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىرسى خوجىنىڭ سۈپەتلى-رىنى يازماقچى بولسا، ئالاھىدە كىتاب بولىدۇ. بەلكى بىر كىتابقىمۇ سىغامدۇ-يوق بۇ مەلۇم ئەمەس، گەپنى بىر رۇبا-ئىيسى بىلەن قىسقارتايلى، رۇبائىي:

مەن يامان قىلمىشلارنى قىلدىم، ئەمما ئۆزرە ئېيتىش

بولسا، گۇناھدىنمۇ يامانراق. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۈچ بۇزۇق دەۋا بار، ئۇ: مەۋجۇدلۇق دەۋاسى، كۈچ ۋە قۇدرەت دەۋاسى. ھالبۇكى، كۈچ بىلەن قۇدرەت بولسا خۇدادىن باشقا ھېچكىمدە يوق.

خوجا خارازمىدە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە مۇبارەك قەبرىسىمۇ خارازمىدە.

مەۋلانى ھۇسەين خارەزمى — ھەزرىتى خوجا ئەبۇلۋەفا (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولسۇن) نىڭ ئاساسي ئىلىملەردە شاگىرتى ۋە تەسەۋۋۇپ ئىلمىدە مۇرىتى ئىدى. مەۋلانا ئاساسي ئىلىملەردە زامانىنىڭ مەشھۇر، ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن ئىدى. «مەقسەدى ئەقسا» (يىراق مەقسەت) يازغان ئەسەرىدۇر. ئۇ يەنە مەۋلانا جالالىددىن رۇمى (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولسۇن) نىڭ «مەسنەۋي» سىگە شەرھى يازغان ۋە «قەسىدەئى بۇردە» گىمۇ خارەزمىچە تۈركي تىل بىلەن شەرھى يازغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرىمۇ بار. ئەمما ئۇنىڭ ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرى، تەسەۋۋۇپ ئىلمىدا يورۇقلۇق تاپقىنىغا قارىمۇ قارشىدۇر. مەۋلانانى مىرزا شاھرۇخ زامانىدا بىر غەزىلى ئۈچۈن «كاپىر» ھۆكۈم قىلىپ خارەزمىدىن ھىراتقا ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئۇ دانىشمەن ۋە سۆزمەن كىشى بولغاچقا ئۇنىڭدىن ھېچ بىر گۇناھ تاپالماي ئاخىرى يەنە ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى. شۇ غەزەلنىڭ مەتلىئى مۇنداق ئىدى، شېئىر:

ھەي، پۈتۈن ئالەمنىڭ يوشۇرۇنىمۇ، ئاشكارىسىمۇ ئۆزۈڭسەن،
ئاشىق دىلىنىڭ دەردىمۇ، ھەم بۇ دەردىنىڭ داۋاسىمۇ ئۆزۈڭسەن.



مەۋلانانى «تەنسۇپى» دېگەن بەدنام بىلەن خارەزمىدە ئۆزبېكلەر شېھىت قىلدى. ئۇنىڭ قەبرىسى خوجا ئەبۇلۋەفانىڭ ئاياغ تەرىپىدە.

شەيخ ئازەرى — ئىسپەرايىندا يېتىلىپ چىققى ۋە شېئىرلىرى شۆھرەت قازاندى. ئۇ قېرىغان چاغلىرىدا تەسەۋۋۇپ يولىغا كۆڭۈل قويدى. ئۇ مۇبارەك ھەج سەپىرىگە بېرىپ ساياھەت ئۈچۈن ھىندىستانغا يۈزلەندى. ئۇ يەردە ئۇلۇغ ماشايىخلارنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدى. ئۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى ۋە ئېتىقاد قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گۈلبەرگ پادىشاھى شەيخقا بىر لەك (يۈز مىڭ) يارماق مەرھەمەت قىپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەسىم-قائىدىسى بويىچە شەيخنى يەرگە باش قويۇشقا تەكلىپ قىلىشىپتۇ. شەيخ ئۇ پۇلغا باش ئەگمەي بۇ بېيتنى ئېيتىپتۇ، شېئىر:

مەن بىر تۈركمەن، ھىندىنى جەيپالنىڭ ئۆلۈكى دېگەنمەن،
جۇنەنىڭ سۆلەت دەبدەبىسىنى بىر دانە ئارپىغىمۇ ئالمايمەن.

شەيخ ھىندىستاندىن قايتقاندىن كېيىن ئىسپەرايىندا خىلۋەت جايىنى ئىختىيار قىلىپ، تائەتكە مەشغۇل بولدى. «ئاجائىبۇد - دۇنيا» (دۇنيانىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرى) ۋە «جاۋاھىرۇل - ئەسرار» (سىرلار جەۋھەرلىرى) قاتارلىق كىتابلار شەيخنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرىمۇ بار ۋە ئۇنىڭ دىۋانى مەشھۇردۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭدۇر. شېئىر:

يەنە كېچە بولدى، كۆزۈم يىغا - زارە مەيدانىغا سۇ سې-

پەشكە باشلىدى، كۆز يېشىم قوشۇنلىرى كېلىپ، ئۇيقۇ قوشۇنىغا كېچىلىك ھۇجۇم باشلىدى.

شەيخنىڭ قەبرىسىمۇ ئىسپەرايىندىكى ئۆز ئۆيىدىدۇر.

خوجا ئەۋھەد مۇستەۋفى، — ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى بايان قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، — شەيخنىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنى «خۇسرەۋ»① دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەپتۇ. پېقىر (نەۋائىي) مەۋلانا تۇتى تەرشىزىنىڭ ۋاپاتىغا «خۇرۇس»② سۆزىنى تارىخ قىلىپ يازغانىدىم. مەلۇم بولىدىكى، بۇلار بىر يىلدا ۋاپات بولغانىكەن.

**مەۋلانا كاتىبىي** — ئۆز زامانىنىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى. ئۇ ھەر تۈرلۈك شېئىرلىرىدا ئاجايىپ سېھىرىي مەنىلەرنى كۆپ ئىزھار قىلدى. خۇسۇسەن قەسىدىلەردە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنىمۇ ياراتتى ۋە كۆپ قىسمى ياخشى چۈشتى. ئۇنىڭ مەسنەۋىيلىرى، مىسەل، تەجنىسلىرى، «زۇل بەھرەيىن»، (قوش بەھر)، «زۇل قاپىيەتەيىن» (قوش قاپىيە)، «ھۇسن ۋە ئىشق»، «ناسىر ۋە مەنسۇر»، «بەھرام ۋە گۈلئەندام» ناملىق كىتابلىرى بار. بولۇپمۇ غەزەللەر ۋە قەسىدىلەر دىۋانى ئەڭ ياخشى ۋۇجۇدقا چىققان ۋە ئەڭ مەشھۇردۇر. ئاخىرقى ئۆمرىدە «خەمسە» گە نەزىرە يېزىشقا تۇتۇش قىلىپ، بۇ ھەقتە تالاش-تارتىشلارنىمۇ قىلدى. بەلكى مۇشۇ بەسلىشىش سەۋەبىدىنمىكىن ئەسىرىنى تاماملىيالمىدى. بەزىدە، مەۋلانا كاتىبىنىڭ شېئىرىدي

①② بۇ ئىككى سۆز ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 866- (مىلادىيە 1461—1462-) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.



زوقى شۇنچە يۇقىرى ئىكەن، ئەگەر بىزنىڭ سۇلتان ساھىبقىراندەك سۇخەندان پادىشاھ ئۇنىڭغا تەربىيىچى بولغان بولسا، ۋە ئۆمرى بىرئاز ۋاپا قىلغان بولسا، كۆپ ئەلنىڭ كۆڭلىنى شېئىر ئىجادىيىتىدىن ئىھتىيات قىلدۇرغان بولاتتى، ئەمما تەلەيسىزلىكىدىن بۇ بايان قىلىنغان ئىككى دۆلەتكە مۇشەررەف بولالمىدى، دېگەنلەر خىيالىمدىن كېچىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنساب بىلەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ زامانىدىن تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭغا ئۈستۈنلۈك قىلالىغان كىشى شېئىرنىڭ بارلىق ئۇسلۇبىدا يوق. ئۇنىڭ ياخشى سۆزلىرى كۆپ، خۇسۇسەن غەزەلىياتىدىكى مۇنۇ مەتلەئ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان.
شېئىر:

كۆز ۋە كۆڭلۈم سەۋەبىدىن بەدىنىم تۇپرىقى ئوت ۋە سۇ ئىچىدە قېلىپ ھالى خاراب بولماقتا. سەنمۇ كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ كۆڭلۈڭدىن رەھىم قىلغىن.

قەسىدىلەر توپلىمىدىكى بۇ مەتلەئىمۇ ياخشى يېزىلغان،
شېئىر:

ئەي توغرا يۈرگۈچى تەقدىر، كامانىڭ گويا ئوققا ئوخشايدۇ. بۇ بېزەكلىك ئاسمان يولۋىسىنىڭ قۇيرۇقى بولسا سېنىڭ ئوقدانىڭدۇر.

مەسنەۋىيسىدە كېچە كېتىپ كۈندۈزنىڭ كېلىشى تەرىپلەنگەن بۇ بېيىت ئۇنىڭدۇر، شېئىر:

شەپەرەڭ پىروزا رەڭ گۈمبەزدىن گۈمبەز پىروزىسىغا قاراپ كەتتى.

مەۋلانا ئاستراباتا ۋابا كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، ئۆتەر ۋاقتىدا بۇ قىتئەنى ئېيتقاندى، قىتئە:

ۋابا يانغىننىڭ تۈپەيلىدىن تۇپرىقى ئىپاردىنمۇ خۇش
پۇراق بولغان ئاستراباد بىردىنلا خارابىلىققا ئايلاندى.
خۇددى ئورمانغا ئوت تۇتاشسا ھۆل ۋە قۇرۇقنىڭ ھەممىسى
ئوخشاشلا كۆيگەندەك، ئۇ يەردە قېرى ۋە ياشلاردىن
ھېچكىمشى ئامان قالمىدى.

ئۇنىڭ مازارى ئاستراباددىكى «نوھگوران» دېگەن گۆرىستاندا.

مەۋلانا ئەشرەف — دەرۋىش سۈپەت ۋە نامرات كىشى ئىدى. كىگىز بۆك ئۈستىگە كىچىككىنە كونا سەللىنى يۆگەپ يۈرەتتى. كىشىلەر بىلەن ئاز ئارىلىشاتتى. ۋاقتىنى كۆپىنچە «خەمسە» يېزىشقا سەرپ قىلاتتى. ئۇ كىتابنى تاماملاشقا ئاخىرى مۇۋەپپەق بولدى. ئەسىرى ئۆز ھالىغا يارىشا يامان ئەمەس ئىدى. «خەمسە»سىدىن بۇ بېيىت ياخشى چىقىپتۇ، مەسنەۋي:

بىلىمدان ۋە ئۇلغار كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
گۇناھكارنى جازالىغىدىن كۆرە، گۇناھىنى كەچۈرگىنى ياخشى.

بۇ غەزەلنىڭ مەتلىئىمۇ ئۇنىڭكى، شېئىر:

سېنىڭ بەزى — بەزىدە ھالىمغا كۆز قىرىڭدا قاراپ قويۇ-
شۇڭ ئۈچۈن ئۇقۇڭنىڭ ياغىچى بولغۇم كېلىدۇ.



خوجا ئىسمەتۇللاھ — ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئۇلۇغزادىلىرىدىندۇر. ئۇ بارلىق ئاساسىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن ئىدى. زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر بولغاچقا، ئۆزىنى شېئىرىيەتكە بېغىشلىدى، دىۋانى مەشھۇر بولدى. ئۇنىڭ خەلىل سۇلتان نامىغا ئاتاپ يازغان ياخشى قەسىدىلىرى بار. بۇ مەتلەئ خوجىنىڭدۇر، شېئىر:

يۈرەك كۆيۈپ كاۋاپ بولدى. ئۇنىڭدىن شورلار ئۆرلەشكە باشلىدى.
چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلىلنىڭ تۇزلۇقىدىن تۇز سېپىلگەندۇر.

ئۇنىڭ يەنە خەلىل سۇلتاننىڭ شېئىرلىرىنى تەرىپلەپ يازغان گۈزەل قەسىدىسىمۇ بار. مەتلىئى بۇدۇر، بېيىت:

بۇ جېمى ئالەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پايانسىز دېڭىزدۇر.
پۈتكۈل ئەقىل غەۋۋاسلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىكى گۆھەر-
لەرنى بايقاپ بولالمايدۇ.

خوجىنىڭ قەبرىسى بۇخارادىكى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا.

مەۋلانا خەيالى — بۇخارالىق بولۇپ، خوجا ئىسمەتۇل-لاھنىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ھەي، غەم — قايغۇ ئوقلىرى بىلەن ئاشىقلارنىڭ يۈرىكىنى
نىشان قىلغۇچى، پۈتۈن خەلق ساڭا مەشغۇل، ھالبۇكى
سەن بۇ ئارىدا يوق.

ئۇنىڭ ئىككىنچى بېيىتى تېخىمۇ ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

مەن گاھى بۇتخانىدا ئېتىكاپتا، گاھىدا مەسجىدىدە ئىبادەتتە ئولتۇرىمەن. يەنى مەن سېنى ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئىزدەيمەن.

ئۆزى ۋە خۇلقى ياخشى يىگىت ئىكەندۇق. ئۇنىڭ قەبرىسى بۇخارادا.

**مەۋلانا بىساتى** — سەمەرقەندلىك بولۇپ، تەبىئىتىدە شوخلۇق ۋە ئۆتكۈرلۈك بار، ئەمما ناھايىتى ساددا كىشى ئىكەندۇق. ئۇنىڭ بۇ مەتلەئى مەشھۇر، شېئىر:

كۆڭۈل خۇددى بىر شىشە، سېنىڭ كۆزلىرىڭ بولسا ئۇنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ كېتىدۇ. كۆزلىرىڭ مەستلىكتىن ئالمادىس ئۇنى سىندۇرۇپ قويىسۇن يەنە.

بۇ بېيىتمۇ ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

چاڭ ۋە داپ سادالىرىدىن كۆڭلۈم ۋىسالىڭنى ئىستەيدۇ.
چۈنكى ھەربىر تېرىدە تەگرىنىڭ بىر دوستى بار.

ئۇنىڭ قەبرىسى سەمەرقەندتە.

**مەۋلانا يەھيابېگ** — خۇراسان مەملىكىتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەزىلەتلىك كىشىسى ئىدى. ئۇ كۆپلىگەن ئىلىم-پەنلەردە ماھىر ئىدى. تۈرلۈك ھۈنەر-سەنئەتلەردە ۋە ئەرۇز ئىلمىدە ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. ھەر كىشى



ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتىنى بىلمەكچى بولسا، «شەبىستانى خەيال» (خىيال كېچىلىرى) دېگەن كىتابىنى كۆرسۇن. ئاۋۋال ئۇ **«تۇففاھى» (ئالمىچى) تەخەللۇسىنى قوللاندى.** كېيىن بولسا «فەتتاھى» (ئاچقۇچى، ئېچىلغۇچى) ۋە **«ئەسرارى»** (سىر ئېيتقۇچى) دېگەن تەخەللۇسلارنىمۇ قوللاندى.

بۇ ئۇنىڭ «فەتتاھى» تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان مەتلەئى، شېئىر:

ھەي لالە مەۋسۇمىدە پىيالىنى مەيدىن بوش قالدۇرغان ئىنسان، ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ قايغۇ-ھەسرەتلەرگە قاچان داۋا قىلىسەن.

بۇ ئۇنىڭ «ئەسرارى» تەخەللۇسى بىلەن ھەزرىتى خوجا ھاپىزغا نەزىرە قىلىپ ئېيتقان بېيىتى، شېئىر:

ھەي، بەگلەر، كەندىر يوپۇرمىقىنىڭ ھەرىسى (چىشلىرى) سىلەرنىڭ ئەقىل ۋە ئىمانىڭلار كۆچىتىنىڭ بىخلىرىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۆتكۈرلەشكەندۇر.

پېقىر ئەرۇز پېنىدە ۋاستىلىك ھالدا مەۋلاناغا شاگىرتمەن. ئەگەر خالىسا بۇ توغرىلىق ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىنىدۇ. مەۋلانا دەرۋىش سۈپەت ۋە قانائەتچان كىشى ئىدى. ئۇ خىلۋەتنى ئىختىيار قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىستېداتى ناھايىتى ئاز شۆھرەت قازاندى. ئۇ ھىجرىيە 852-(مىلادىيە 1448-1449-) يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

**مىر ئىسلام غەززالى** — ئىسلامىيەتنىڭ ھۆججىتى

بولغان ئىمام مۇھەممەد غەززالى (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولسۇن) نىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. ئۇ ئاساسىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەنىدى. لېكىن پائىلىي سۈپەت ۋە تەكەللۇپسىز سادda كىشى ئىدى. تىبابەت ۋە ھېكمەت ئىلىملىرىدە ماھارىتى بار ئىدى. پادىشاھلارنىڭ ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ مەجلىسىگە باراتتى. تەبىئىتىنىڭ ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە يېقىملىقلىقىدىن شېئىرىيەتكە مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى كامالەت جەھەتتە ھېكىم ئەنۋەرنىڭ «ئۆزۈمنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى رەي مەملىكىتىگە ئوخشىتىپ قىياس قىلسام ...» دەپ باشلىنىدىغان قەسىدىسىگە ئېيتقان قەسىدىسى بار. ئۇ بۇ قەسىدىسىنى ئەلا ئۇددەۋلە مىرزىنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان بولۇپ، ھەر بىر بېيىتى باشتىن ئاياغ شۇ زامانىنىڭ بىر تارىخىدۇر. ئۇ قەسىدىسىنىڭ مەتلەئى مۇنداق، شېئىر:

ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك گۈزەللىكە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىمىسىز لىباس يوق، بەلكى ئۇلۇغلۇقنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن ئۇلۇغلۇق سورايدۇ.

مىر بەلخدە ھەزارەسىبىلەر زامانىدا بار ئىكەندۇق. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا دەۋرىدە جاھان بىلەن خوشلاشتى.

سەييىد ئەلى ھاشىمى - ھاشىمى نەسەبىدىن بولغان تالانتلىق يىگىت ئىدى. ئۇ ئابدۇللەتىپ مىرزىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ھەم سەركەردىلىكمۇ قىلاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:



باياۋاندىمۇ ئۇنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئۇ يېشىل ئىز كۆرۈنۈش بىلەنلا يولۇمدىكى خىزىرغا ئايلاندى.

قازى مۇھەممەد ئىمامى - تەقۋادار ۋە پاراسەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ خۇراساننىڭ قازى - قۇززاتلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغانىدى. بەزىدە نەزمىگىمۇ مەشغۇل بولاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھىرات شەھىرىدە كىشىلەر ئارىسىدا ساقلانماقتا. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

گۈل - گۈل دېگەنىدىم، ئۇنىڭ مەيدىن رەڭ ئالغان يۈزى نامايان بولدى، ئۇنىڭ (لەۋ) غۇنچىسى كۈلۈمسىرەش بىلەنلا، باشقا گۈللەر ھېچ نېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ قەبرىسى ھىراتتىكى ئىمام قۇززات گۆرىستانىدا.

مەۋلانا مۇھەممەد ئالىم - سەمەرقەند ئالىملىرىدىن بولۇپ، ئۇلۇغبەگ مىرزا بىلەن ساۋاقداش ۋە سۆھبەتداش ئىدى. مەۋلانا مۇھەممەد ناھايىتى يۈرەكلىك، جاسارەتلىك، ئۆتكۈر زېھنلىك ۋە شوخ مىجەزلىك كىشى ئىدى. بەس - مۇنازىرىلەردە ھېيىقمايلا ھەر خىل سۆزلەر ۋە جاۋابلارنى ئېيتاتتى. ئۇلۇغ شان - شەۋكەتلىك سەلتەنەت ئۇنىڭ بۇ ئەدەبسىزلىكىنى كۆتۈرەلمەي، سەمەرقەندتىن قوغلاپ چىقىرىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئۇ ھىراتقا كەلدى. بۇ يەردىكىلەر مەۋلانانىڭ كېلىشىنى غەنىيمەت بىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىراتتا تۇرۇپ قالدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

بىز يامان كۈنگە قالغان، بەختسىز قارا، تىرىكچىلىك خا-

مىنىمىزغا ئوت كەتكەن كىشىلەرمىز. پۈتكۈل ئۆمرىمىزدە مۇرات-مەقسەت چىرىغىمىز بىرەر كېچىمۇ يورۇپ باقمىدى.

مەۋلانىمۇ ھىجراتتا دەپنە قىلىنغان.

**مەۋلانا قۇددۇسى** — ھىجراتلىق بولۇپ، شېرىن سۆزلۈك كىشى ئىدى. پالەچ كېسىلى بار ئىدى. ئۇنىڭ كېسىلى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئاغزىدىن سۇ ئېقىپ تۇرسىمۇ تېزگىنلىيەلمەيتتى. بۇ ھەقتە ئۆزى مۇنداق دېگەنىدى. شېئىر:

مېنىڭدە سۇ تېمىپ تۇرىدىغان ئېغىزنىڭ بولۇشىغا قارىماي، يەنە شېئىر ئېيتىمەن.

بۇ مەتلەئىمۇ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ھەي، مېنى ئۇ گۈلدەك چىرايىنى كۆرۈشتىن توسقۇچى، سەن يۈرەكنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيسەن. شۇڭا مېنى ئەيىب قىلغىن.

**مەۋلانا يەھيا يارزى** — خۇراساننىڭ پەزىلەتلىك كىشىلىرىدىن بولۇپ، ياخشى تەبىئەتلىك ۋە مۇۋاپىق پىكىرلىك كىشى ئىدى. «بۇلبۇل بىلەن گۈل» ۋە «پەرۋانە بىلەن چىراغ» ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە يازغان بولۇپ، بۇ ئىش بىلەن نۇرغۇن ۋاقىت شۇغۇللانغانىدى. ئۆز زامانىدا سەرەخس ۋىلايىتىگە خېلى يىراق «دۇرۇن» ۋە «يارز» ئىچىدە بولغان ئارىلىقتىكى شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا شاگىرت ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ئەھۋالىم سىرلىرىنى كىشىلەر بىلىپ قالمىسۇن دەيمەن،



بولمىسا، سەھەر ۋاقتىدىكى بىر ئاھىم بىلەن پۈتۈن ئالەمنى كۆيدۈرگەن بولاتتىم.

**مەۋلانا ساھىب بەلخى** — شېئىرىيەت پېنىدە ماھارەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە مۇزىكا نەزەرىيىسى، نوتا ۋە كۈي-نەغمە ئىلىملىرىدىمۇ كامالەتكە يەتكەنىدى. ئۆز غەزەللىرىنى ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇقاملارغا سېلىپ ئېيتاتتى. بۇلار ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىگە دەلىلدۇر. جۈملىدىن ئۇنىڭ «چارگاھ» مۇقامى مەشھۇر بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا جوگى مىرزا ئۆز مەجلىسلىرىدە شۇ مۇقامدىن باشقىنى ئېيتقۇزماس ئىكەندۇق. بۇ غەزەل ئاشۇ «چارگاھ» مۇقامىغا سېلىنغان، شېئىر:

يۈزۈڭ قۇياشىنى كۆرۈش بىلەن تاڭ سەھەر پەيتىدەك سوغۇق نەپەسلەر چىقىرىمەن. بىرەر كۈنى سېنىڭ كوچاڭغا يېتىش ئۈچۈن كۆڭۈل نۇرغۇن كېچىلەر سەرگەردان بولىدۇ.

خوجا سەلماننىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەنئەتلىك قەسىدىسىگە قايتۇرغان جاۋابىدىنلا، ئۇنىڭدىكى يۈكسەك ئىستېدات نامايان بولىدۇ. (سەلماننىڭ) يەنە بىر قەسىدىسىگە جاۋابەن يازغان مۇنۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، شېئىر:

سېنىڭ قامىتىڭدىن دۇنيادا قىيامەت كۆتۈرۈلدى، ئەگەر قىيامەت دېگەن راست بولىدىغان بولسا، قەددى-قامىتىڭنىڭ ئۆزى دەل قىيامەتتۇر.

ئۇنىڭ غەزەلىياتىدىكى مۇنۇ مەتلەئىمۇ ناھايىتى مەشھۇر. شېئىر:

سەن تۈركانىسەن، بىز بولساق شور پېشانە. تەڭرى بۇنى
بىزگە بەرگەنۇ، ساڭا ئۇنى ئاتا قىلغان.

ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ھەددىدىن زىيادە تاماخورلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنچە ئارتۇقچىلىقى ۋە تالانتى بار تۇرۇپمۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىززىتى كەمرەك ئىدى. ئاشپەز ۋە ناۋايلاردىن ئاش-نان تىلەپ ئېيتقان قەسىدىسىدىن بىر بېيىتى بۇدۇر، شېئىر:

ئۆلۈك پاشا ئېشىم يۈزىدىكى تۇغرامچى (گۆش)، تىرىك
پىت نېنىم ئۈستىدىكى گۈنجۈت ئىدى.

ئۇنىڭ مازىرى بەلخ ناھىيىسىدە.

**مەۋلانى سەمى** — نىشاپۇرلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئېسىل پەزىلەتلىرى بار ئىدى. ئۆز زامانىدا شېئىرىيەت، مۇئەمما ۋە خەتتاتلىقتا بۇ پەن ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قول قوياتتى. ئۇنىڭ بەسلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر كۈندە ئىككى مىڭ بېيىت ئېيتىپ ۋە كۆچۈرۈپ چىققانلىقى كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر. شۇڭا ئۇ مۆھرىگە بۇ بېيىتنى ئېيتىپ ئويدۇرۇپتۇ، شېئىر:

پاك تەبىئەتلىك شاھنى مەدھىيىلەپ شائىر سەمى، بىر
كۈندىلا ئىككى مىڭ بېيىت ئېيتتى ۋە ئۇنى كۆچۈرۈپ چىقتى.

ھەر ھالدا بۇ بېيىتتىن باشقا يەنە ئازراق شېئىرىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا بار. «نەجم» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، شېئىر:

شائىر سەمى ئۇ گۈزەلنىڭ ئېغىزىنى قىزىلگۈل غۇنچىسىگە



ئوخشاتقاندا، غۇنچە خۇشاللىقىدىن ئۆز قېپىغا سىغماي ئېچىلىپ
كەتتى.

**مەۋلانا ئەلى ئاھى** — مەشھەدلىكتۇر. ئۇ «خەمسە» گە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نەچچىلىگەن مەسنەۋىيلەرنى ئېيتقان بولسىمۇ قاملاشتۇرالماپتۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن شۆھرەت قازىنالمىدى. ئۇنىڭ «خىيال ۋە ۋىسال» ناملىق كىتابىدا بىر بېيىتى بار. بەلكى غايىپ ئىلھامچىسى ئۇنىڭ ئۆز شېئىرلىرى توغرىسىدا بۇ بېيىتنى ئۇنىڭ تىلىغا سالغان بولسا كېرەك. شېئىر:

شېئىر نازۇك مەنالاردىن خالىي بولۇپ قالسا، پۈتۈن ئۆ-
مۈر قەغەز قارا قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولىدۇ.

**مەۋلانا ئەلى شىھاب** — تەرشىزلىق بولۇپ، سۇلتان مۇھەممەد بايسۇنقۇرنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىكەندۇق. شېئىرنى ھەم راۋان ھەم پۇختا يازغانىكەن. شۇ زاماننىڭ شائىرلىرى ئۇنىڭ يامان گەپ-سۆزلىرىنى قىلىپ يۈرەر ئىكەن. مەۋلانا سىررى ئۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىنىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

قۇياش كەبى يۈزۈڭدىن پەردىنى كۆتۈرسەڭ، مۇشتەرى
يۇلتۇزىمۇ جان-دىل بىلەن خېرىدارىڭ بولىدۇ.

**مۇھەممەد ئەلى شۇغانى** — ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىدى. زېھنى ئۆتكۈر بولغىنى ئۈچۈن نەزم بىلەن كۆپ شۇغۇللىناتتى. بۇ بېيىت ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىندۇر، شېئىر:

ھەي ساقى، مەن مەيگە شۇ قەدەر غەرق بولدۇمكى، ئەگەر
تۇپرىقىمدىن بىر گۈل ئۈنۈپ چىقسا، ئۇنىڭدىن مەي تېمىپ
تۇرىدۇ.

مەۋلانا تالئى – ئۇمۇ سۇلتان مۇھەممەد بايسۇنقۇرنى مەدھىيىلىگۈچى شائىر ئىدى. تەبىئىتى سېھىردېي مەنىلەرگە مايىل شائىردۇر. جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىمامى بولغان ئەلى مۇسا رىزا (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) نى مەدھىيىلەپ قەسىدە ئېيتقانىكەن. مەتلىئى تۆۋەندىكىچە، شېئىر:

ئاسمان گۈمبىزىدىكى ئالتۇن بىلەن سىرلانغان قۇياش خىشى،
سۇلتان ئەلى مۇسا رىزانىڭ قەبرىسى ئۈچۈن پايانىدازدۇر.

مەۋلانا تۇسى – مەسەلگۈي ۋە غەزەلگۈي كىشى ئىدى. شېئىرلىرى ئاۋام خەلقنى بەكمۇ مەپتۇن قىلاتتى، ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، يېشى يۈزگە يەتتى. ئۇنىڭ بۇ مەتلىئى مەشھۇر، شېئىر:

سېنىڭ ئاجايىپ شېرىن ۋە ياقۇتتەك قىزىل لېۋىڭ مېنىڭ
مەڭگۈلۈك ھاياتىمدۇر، سەن ئۇ لەۋنى چىشلەپ مېنىڭ جېنىمدىن
نېمە ئىستەيسەن؟

بۇمۇ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ھەي گۈزەللەر، خۇدالىق ئۈچۈن مەن بىلەن بولۇڭلار.
مەن پەقەت خۇدانى، ئۇندىن قالسىلا سىزلەرنى ئەسلەيمەن.

ئۇ ئىراقتا ئالەمدىن ئۆتتى.

بابا سەۋدائى – باۋەردىن بولۇپ، ئۇ ئاۋۋال «خاۋەرى» تەخەللۇسىنى قوللىناتتى. غايىب ئالەمدىن ئۇنىڭغا جەزبە



يەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ يۇرتىدىن چىقىپ كېتىپ، باش-ئايىغى يالاڭ ھالەتتە دىۋانە-ساراڭلاردەك تاغ ۋە دەشتلەرنى كېزىپ يۈردى. ئوڭشىلىپ ئەل ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن «سەۋدائى» تەخەللۇسىنى قوللاندى. ئۇنىڭ بايسۇنقۇر مىرزا نامىغا بېغىشلىغان قەسىدىلىرى بار. غەزەلنىمۇ ھەر تۈرلۈك ئېيتاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مېڭىڭ ئەنبەر، يۈزۈڭ گۈل، زىنىقىڭ رەيھاندۇر،
ئاغزىڭ غۇنچە، چىشىڭ ئۈنچە، لېۋىڭ مارجاندۇر.

ئۇ يېشى سەكسەندىن ئاشقاندا ۋاپات بولدى. قەبرىسى باۋەردىنىڭ «سۈككان» ئاتلىق كەنتىدە. ئۇ ئىككى نەپەر ئېرىدىپ ئوغۇل يادىكار قويۇپ كەتتى.

مەۋلانا زاھىدى – بابا سەۋدائىغا زامانداش ئىدى. ئەمىر خۇسرەۋنىڭ «دەريايى ئەبرار» (ئېسىل ئادەملەر دەرياسى) ناملىق ئەسىرىگە نەزىرە يازغان. مەۋلانا كاتىبىنىڭ تەجنىسلىرىغىمۇ تەقلىد يازغان، ئۇنىڭ مۇناجاتىدىكى بۇ بېيت ياخشى چىقىپتۇ. بېيت:

زۆھرە يۇلتۇزىغا چاڭ ياكى راۋابنى كىم بەردى، ئەي
تەڭرىم، تاش ئارىسىدىكى ياقۇتقا سۈزۈكلۈكنى كىم بەردى.

مەۋلانا ئەمىرى – تۈرك ئىدى. ئۇنىڭ تۈركچە شېئىرلىرى ياخشى يېزىلغان بولسىمۇ ئەمما شۆھرەت قازىنالمىغان. بۇ بېيت ئۇنىڭ «دەھنامە» ناملىق ئەسىرىدىندۇر، شېئىر:

يېمەك ۋە ئۇيقۇدىن ھېچ سۆزلىمەي، يېمەكتىن تويۇپ، ئۇيقۇدىنمۇ كۆز يۇمۇپ ....

ئۇ پارسچە شېئىرلىنى شەيخ كامالغا تەقلىد قىلىپ يازاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ئەلمىساق (تەقسىمات) كۈنى زاھىدتىن داشقا ھەر بىر ئادەم ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېسۋىنى ئېلىشقا باشلىدى. زاھىد بولسا ھەرقانچە رىيازەتلەرنى چەككەن بولسىمۇ قۇرۇق قول قالدى.

ئۇنىڭ قەبرىسى بەدەخشاندىكى ئەرھەڭ سارىيىدا.

مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشى — پەزىلەتلىك ئىكەندۇق، ئۇلۇغبەك مىرزىنىڭ زامانىدا سەمەرقەند شائىرلىرى ئۇنى تىلىنىڭ راۋانلىقى ۋە گۈزەللىكى جەھەتتە بارچىدىن ئۈستۈن كۆرەر ئىكەن. ئۇلۇغبەك مىرزىنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ مەتلىئى مەشھۇر، شېئىر:

ھەي تۈندەك قارا چېچى بىلەن قۇياش (چىرايى) نى ئوراپ تۇرغۇچى. تۈنىڭ قۇياشقا سايە سالغىنىنى كىم كۆرگەن؟

مەۋلانا قالىب جۇرجانى — شىرازدا ئۆسۈپ يېتىشىپتۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى ھەزرىتى خوجا ھافىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئىدى. ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا ئۆزىنىڭ بۇ رۇبائىيسىنى ئويغانىكەن. پېقىر ئۇنى يادلىۋالغانىدىم، شېئىر:

ئاشىقلىق كوچىسىدا توغرا ئەھدۇ-پەيمانغا ئىگە بولغان



بىر پاك ئىنسان ماڭا مۇنداق دېدى: «دەسلەپكى كۈنلەردە، سەندىن باشقىنى ئىزدەۋاتقان كىشىنى ئۆزۈڭگە تەلەپكارلىققا ئۈندىمە، سەن شۇنداق كىشىگە تەلەپكار بولغىنىڭكى، ئۇمۇ ساڭا تەلەپكار بولسۇن».

مەۋلانا بۇرۇندۇق — كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق ۋە چاقچاقچى كىشى بولۇپ، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتانبايقارانىڭ خىزمىتىدە بولغانىكەن. شۇ زامانىنىڭ شائىرلىرى ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا يول قويۇشار ئىكەن ۋە ئۇنى «ئۇستاز» دېگەن سۆز بىلەن ئاتىغانىكەن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

سېنىڭ تاتلىق لەۋلىرىڭ شېكەر قۇتىسىغا، چىشلىرىڭنىڭ ئۇنچىسى گۆھەر تىزىقلىرىغا ئوخشايدۇ.

مەۋلانا جۇنۇنى — ھىراتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى يامان ئەمەس ئىدى. ئەمما نەزمىدە تەبىئىتى چاقچاق ۋە ھەجۋىي تەرەپكە مايىلراق ئىدى. خوجا ھافىز شەربەتى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت يۈز بەرگەچكە، ئۇ ئۆزى بىلەن زىدلاشقۇچىنى ھەجۋىي قىلىپ شېئىر يازغانىكەن، خالايىق ئۇ ھەجۋىينى يادلىۋېلىشتى. ئۇنىڭ ياخشىراق يېزىلغان شېئىرلىرى شۇ جەھەتتە ئىپادىلەندى، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ھەجۋىيسى مەشھۇر ئىدى، بىراق بۇ يەردە يېزىشنى مۇناسىپ كۆرمىدىم. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

سەۋدايىلارغا ئاجىزلىق سېنىڭ سىرتىمىقىڭدىن كېلىدۇ.

شۇڭا جۇنۇنمۇ ئاشۇ ھالقا ئىچىدە ئەسىر بولدى.

مەۋلانا ئارىفى — ناھايىتى پەزىلەتلىك، تىلى گۈزەل ھەم راۋان شائىر ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ئىككىنچى سەلمان دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ۋە كۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىمۇ ئوخشىشاتتى. سەلمان كۆزى ئاغرىغاندا بىر قەسىدە ئېيتقانىدى. مەتلەئى تۆۋەندىكىچە، شېئىر:

ۋادەرىخ، ئاغرىق كۆزۈم قارچۇقىنى خاراب قىلدى.
زامان كۆزۈم بۇلىقىنى چۆلدىكى ئالۋۇنغا ئايلاندۇردى.

مەۋلانانىڭمۇ كۆزى ئاغرىغاندا سالماننىڭ قەسىدىسىگە جاۋابەن بىر قەسىدە يازغان، ئۇنىڭ بىر بېيىتى تۆۋەندىكىچە، شېئىر:

كۆزۈمنىڭ قىزارغان جىيەكلىرىگە ئاق دارىنى قويۇش،
خۇددى كاۋاپقا تۇز سەپكەندەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ «گوي ۋە چەۋگان» مۇنازىرىسى توغرىلىق يازغان مەسنەۋىيسى بار، ئۇنىمۇ ياخشى يېزىپتۇ. ئاتىنى تەرىپلىگەن بۇ ئىككى بېيىت شۇ ئەسەردىن ئېلىنغان، مەسنەۋى:

گويا ئاسمان توپىدەك ئايلاندىڭ، مەيداندىن مەيدانغا،
توپ كەبى سەكرىدىڭ، ھەرقېتىم تەرگە پىشقان پەيتىڭدە
گوياكى ئارىدا چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغقاندەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ غەزەللەر دىۋانىمۇ بار. بۇ مەتلەئىمۇ ئۇنىڭكى، شېئىر:



مەي قاچام تولمىغىچە مەيخانىدىن چىقمايمەن،
دەپ ۋەدە قىلدىم.

ئۇنىڭ قەبرىسى ھىرات شەھىرىدە.

مەۋلانا سۇلايمانى — بابۇر مىرزا خىزمىتىمدە ئىدى ۋە بەدىھەنى راۋان ئېيتاتتى. خوجا ھافىزنىڭ:

ئېسىڭدە بولسۇنكى، سېنىڭ يولۇڭنىڭ بېشى مېنىڭ ماكانىم ئىدى. كۆزۈمگە سېنىڭ بوسۇغاڭنىڭ تۇپرىقىدىن روشەنلىك ھاسىل بولاتتى.

دېگەن مەتلەئىگە جاۋابەن ئۇنىڭ يازغان مۇنۇ مەتلەئى يامان ئەمەس چىققان، شېئىر:

ئەقىل ئۇستازى ئۈچۈن قىيىن بولغان نازۇك مەنامۇ،
سىناب كۆرگىنىمىزدە بىر يۇتۇم مەي بىلەنلا ھاسىل بولاتتى.

كېيىنكى بېيىتى تۆۋەندىكىچە، شېئىر؛

مېنىڭ ھارام قىلىنمىشنىڭ سەۋەبىنى مەدرىسە ئەھلىدىن سوراپ باقاي دەپ، كىمنىڭ ئىشىكىنى قاقسام (ئۇنىڭدىكى كىشى مەستلىكتىن) ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ياتاتتى.

«بۇ بېيىتلار مەۋلانا ھەكىم تېۋىپنىڭ خوتۇنى مېھرىينىڭ»

دېگەن گەپلەر تارالغانىدى. بىراق ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە، سۇلايماننىڭ ئىكەن (تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

**مەۋلانا قەدەمى** — ناغرىچىلىق بىلەن مەشھۇر ئىدى، شېئىرىيەتتىمۇ خېلى ئىستېداتى بار ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **شېئىر:**

مېنىڭ كۆزۈمنىڭ روشەنلىكى يارنىڭ دىدارىدىن كەلگەن تۇرسا، ئۇنىڭ جامالىسىز كۆز روشەنلىكىنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار؟

كېيىنكى بېيىتى تېخىمۇ ياخشى چىققان، **شېئىر:**

يولدا ئۇنىڭغا تۇساتتىن ئۇتتۇر كەپ قالغان ئاشۇ سائەتتىمدىن داد، ئەمدى كۆڭلۈمنىڭ قايتىدىن ئورنىغا چۈشۈشى ئۈچۈن بىرقانچە مۇددەت كېرەك بولىدۇ.

**مەۋلانا مەسىھى** — قۇشەنج ۋىلايىتىدىن بولۇپ، تۇرمۇشى پاكىز، ھەقىقىي مۇسۇلمان سۈپەتلىك كىشى ئىدى. تەڭرىنىڭ شاراپەتلىك جايى مەككىنى زىيارەت قىلىش دۆلىتىگە مۇشەررەپ بولدى. ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بولۇپ، خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ مەتلەئى ناھايىتى ئوبدان چىققان. **شېئىر:**

بىزنى جاپا بىلەن ئۆلتۈرۈپ پۇشايمان قىلغانسەن،
يۈرەكلىرىمىزنىڭ قېنىنى تۆكۈپ بولۇپ ھەيران قالغانسەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا مەۋلانا كەبە سەپىرىدە چۆلدە كې-



تىۋېتىپ ھاردۇق يەتكەندە مۇغىلان (ئاكاتسىيە) دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئايىغىغا كىرگەن تىكەنلەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىشقا مەشغۇل بولۇۋاتقانىكەن. كارۋانلار ئىچىدىكى شوخ كىشىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ، **شېئىر:**

ئۇزاق يولنىڭ جاپاسى ۋە مۇغىلان تىكەنلىرىنىڭ ئازابى تۈپەيلىدىن كەبىگە سەپەر قىلغىنىڭغا پۇشايمان قىلغانسەن.

**مەۋلانا ھاجى ئەبۇلھەسەن** — تۈرك ئىدى. تالىپلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىلىم ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلىقتىن شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. بۇ تۈركچە مەتلەئ ئۇنىڭكى، **شېئىر:**

ئۇ گۈل يۈزلۈك كېلىپ ۋە بىر ھەپتە تۇرۇپ كېتىدۇ،
بۇ ئوت كۆڭۈلگە چۈشۈپ جاننى كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ مۇئەمما پىشىندىمۇ ياخشى ئىدى. «بايەزىد» نامىغا يازغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، **شېئىر:**

ھەر كىشى ئۇ گۈزەل ۋە ئېگىز ئۆسكەن سەرۋى بويۇڭنى كۆرسە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆز چانىقىدىن ئورۇن بېرىدۇ.

**مەۋلانا قۇتبى** — سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇ ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ، تۈركىي ۋە فارسىي شېئىرنى راۋان، تېز يازاتتى. ئۇنىڭ بۇ تۈركچە مەتلەئى مەشھۇر، **شېئىر:**

هەي تاڭ شامىلى، غۇنچە ئەگەر دىلبەرنىڭ ئاغزىنى ئۆزىگە ئوخشاتسا، ئۇ غۇنچىنىڭ ئاغزىنى جەزمەن قان قىلىۋەتكىن.

**مەۋلانا نەئىمى** — مەۋلانا قۇتبىدىن تۇغقان ئىدى. ئىقتىدارى يامان ئەمەس ئىدى. تۈركىي نەزمىلەردە تالانتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئاستانىسىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ قابىلىيىتى بولغانلىقى ۋە ساداقەتلىك ھەم ئىخلاسمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ كۆپ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى. ئاخىرى ۋەزىرلىك مەنسىپىگە ئۆستى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **شېئىر:**

بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان تەڭرى بۇ يورۇقلۇق ئالەمدىن تاكى ھازىرغىچە شۇنچە كۆپ گۈزەللەرنى پەيدا قىلدى، لېكىن ئىنسانلار ئارىسىدىن سېنىڭدەك بىر پەرى سۈپەت گۈزەل تېخى يارىتىلمىغان.

مەۋلانا نەئىمى ئۇ ھەزرەت (ھۇسەيىن بايقارا) نىڭ قاچقۇنلۇق دەۋرىدە يارىلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

**مەۋلانا زەينى** — كىسەدۈزلۈك① ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۆز زامانىنىڭ ئىقتىدارلىق كىشىلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. بۇ مەقتەئ ئۇنىڭكى، **مەقتەئ:**

زەينى بىلەن بىللە بولساڭ، سېنى ناجىنس كىشىلەر بىلەن يۈرۈشتىن چەكلەيدۇ، سەن شۇنداق ياتلىشىپ كېتىۋاتىسەنكى،

① كىسەدۈز — قاپچۇق، ھەميان ۋە سىپاھىلارنىڭ خەت تۇشۇيدىغان غىلاپلىرىنى تىكىدىغان كىشى.



يېقىنلىرىڭ ھەققىدە غەم يەپمۇ قويمايسەن.

**مەۋلانا مۇھەممەد جامى** — ھەزرىتى مەۋلەۋى مەخدۇم نۇرىدىن (ئابدۇراھمان جامى) نىڭ ئىنىسى ئىدى. ئاساسىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەنىدى. ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرى دەرۋىشلەرچە، سۆلۈكى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرى پەرىشان ئىدى، نوتا ۋە مۇزىكا ئىلمىدە ماھىر، باشقا پەزىلەتلەردىمۇ كامىل ئىدى. ئۇ ئاكا-ئىنىلىككە لايىق ئىدى ۋە تۇتقان يولى ئابدۇراھمان جامىنىڭ يولى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ رۇبائىي ئۇنىڭكى، **رۇبائىي:**

بۇ مەيىنى سەنسىز لېۋىمگە ئاپارغانلىقىم شاد-خۇراملىقتىن ئەمەس، سېنىڭ قاپقارا چاچلىرىڭ كۆڭلۈمنى قارا قىلدى، شۇڭا مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز قارا كۆڭلۈمنى كېچىگە ئايلاندۇرماقچىمەن.

ئۇنىڭ قەبرىسى ئۇ ھەزرەت (ئابدۇراھمان جامى) نىڭ قەبرىستانىدا بولۇپ، سۇلۇك ئەھلىنىڭ يولباشچىسى مەۋلانا سەئىدىدىن قەشقەرى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ قەبرە سۈپىسىدا، يەنى ئۇلارنىڭ ئاياغ تەرىپىدە.

**مىر شاھى** — سەبزىۋارلىق بولۇپ، ئەسلى سەرەبداللاردىندۇر. ئۇ بابسۇنغۇر مىرزىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى «مىر ئاق مەلىك» ئىدى. راھەت-پاراغەتنى ياخشى كۆرىدىغان، تىلەكلىرى ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ لەززىتىنى، راۋانلىقىنى، ئاممىبابلىقىنى ۋە **گۈزەل**-ئوي-

ناقىلىقىنى تەرىپلەش بىھاجەت. غەزەللىرى ئاز بولسىمۇ بارچە خالايىقنىڭ ياقتۇرۇشىغا ۋە ئاپىرىنىغا سازاۋەر ئىدى. گەرچە مەن ئۇنى كۆرمىگەن بولساممۇ، ئەمما ئارىمىزدا خەت ـ خەۋەر سوۋغا ـ سالام بولۇپ تۇردى. مەملىكەت پادىشاھى ئاتامنى ھۆكۈمەت رەسمىيىتى بىلەن سەبزىۋارغا ئەۋەتكەن چاغدا مىرشاھنى ئاستراباد ھاكىمى تەلەپ قىلىپ جۇرجان مەملىكىتىگە ئېلىپ بارغانىدى. ئاستراباددا ئۇنىڭغا قازا يەتتى. جىنازىسىنى سەبزىۋارغا ئېلىپ كەلدى. ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۇنىڭ جىنازىسى ئالدىغا خالايىقنى چىقىرىپ ئۇنى ئاخىرەت ئۆيىگە ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ئاستراباددا ئېيتقان ئىككى مەتلەئى تۈگىمەي قالغان بولۇپ، مىر شاھى: «ئۇلارنى خوجا ئەۋھەدىددىن تۈگەتسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. ئۇلاردىن بىرى تۆۋەندىكىچە، شېئىر:

رەھىمسىز كۆڭۈل سەۋەبىدىن خاراب بولدۇق. بىزنى ئانچە ـ مۇنچە ئەسلەپ قوي، بىز بولساق كوچاڭنىڭ ئىتلىرىمىز، بىر تاش بىلەن بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى شاد قىلغىن.

يەنە بىرسى تۆۋەندىكىچە، شېئىر:

سەن جاھان پادىشاھىسەن، بىز شەھىرىڭنىڭ غېرىبلىرىمىز، سېنىڭ ۋىسالىڭدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ۋەتەندىن كەچكەن ماكانسىزلارمىز.

خوجا ئەۋھەد ۋەسىيەتكە بىنائەن ھەر ئىككىلا مەتلەئنىڭ داۋامىنى يېزىپ تۈگەتتى ۋە دىۋانىغا يېزىلدى. مىرشاھنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن شەھەر شائىرلىرىغا مەرسىيە يېزىش تەكلىپى بېرىلدى ۋە بۇ ئىش ئورۇندالدى. مۇنۇ بېيىت ئەنە شۇ مەرسىيە شېئىرلىرىدىندۇر، شېئىر:



ھەي سەبزىۋار، مېنىڭ ئاھىم ۋە كۆز ياشلىرىمدىن ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەت، چۈنكى شاھنىڭ شەھىرى شاھسىز قالسا، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.

مەۋلانا مۇشتەرى ـ ئاسترابادلىق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا خېلى داڭلىقلاردىن ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ساقى ئەگەر گۈل پەسلىدە مەي بەرمىسە، ساقىنىڭ پېشىدىن گۈلنىڭ ئايىغىدىن تۇتۇۋالىمەن.

مەۋلانا ئەلى دەردۇزد ـ ئۇمۇ ئاسترابادلىق بولۇپ، بۇ مەشھۇر مەتلەئنى ياخشى يېزىپتۇ، شېئىر:

ئۆمۈر ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن مەيدىن كېچەلمەيمەن. چۈنكى بۇ ۋەيرانە ئالەمدىن مەست پېتىچە كەتمەكچىمەن.

مەۋلانا تالىئى ـ كېمەر ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

يارىم ناز ـ كەرەشمىدىن ئوق، قېشىدىن كامان تارتتى. گۈزەل يۈزىدىن نېمە يېتىشسە تارتىۋەردى.

مەۋلانا مۇھيى ـ بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بولغانىكەن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى. شېئىر:

چىرايىڭ بار تۇرۇپ كۈمۈشتىن **سۆز** ئاچقىلى بولمايدۇ، قورقۇنچتىن ئۇنى سۆيگىلى بولمايدۇ.

## «مەجالىسۇن - نەفائىس» نىڭ بىرىنچى مەجلىسىنىڭ خۇلاسىسى

ئەۋلىيالار دەرىجىسىگە يېتىشكەن ۋە پاساھەت ئەھلى بولغان بۇ جامائەتنىڭ جانپەرۋەر نەپەسلىرىدىن خالايىق روھى پاك، ئۇلارنىڭ ھايات بەخش سۆزلىرىدىن ئەلنىڭ ئاسايىشلىقى چەكسىزدۇر. تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان تەڭرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىق بۇلۇتىدىن ياغقان ئىنئام يامغۇرىنىڭ سېلىگە غەرق قىلسۇن ۋە كەچۈرۈم چاقمىقى ئارقىلىق روھ شۇئاسىنىڭ نۇرلىرىدا ياندۇرسۇن؛ ئۇلارنىڭ روھلىرىدىن سۇلتان ساھىبقىران (ھۇسەيىن بايقارا) نىڭ پاساھەت دېڭىزىدىكى قىممەتباھا گۆھەرلەردەك بۈيۈك شېئىردى تالانتىغا نۇر ۋە روشەنلىك بەرسۇن ۋە بالاغەت كۆكىنىڭ پارلاق يۇلتۇزىدەك مۇبارەك تەبئىتىگە شاد - خۇراملىق ۋە يورۇغلۇق يەتكۈزسۇن. رۇبائىي:

ئەي تەڭرى، ئەلنىڭ خانى، تالانت ئىگىلىرى ۋە پاساھەت ئەھلىنىڭ سۇلتانى، ياق، سۇلتان ۋە خانمۇ ئەمەس، بەلكى جاھاننىڭ جېنى بولغان بۇ شاھىمىزغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆمۈر ۋە دۆلەت بەرگەيسەن.



## ئىككىنچى مەجلىس

**(بۇ مەجلىس) پېقىر بەزىسىنىڭ خىزمىتىگە كىچىك ۋاقىتلىرىدا يېتىشكەن ۋە بەزىسىنىڭ سۆھبىتىگە يېگىتلىك چاغلىرىدا ئېرىشكەن ئەزىز جامائەتنىڭ بايانى بولۇپ، بۇ كىچىك كىتابچە يېزىلىدىغان تارىخ 896 - (مىلادىيە 1490 - 1491) يىلى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاپقان - تۇزاقلار بىلەن تولغان بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادىن ئەبەدىيلىك ئارامگاھىغا كېتىپ قالغان.**

ئۇلاردىن بىرى:

مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى — مەۋلانانىڭ كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكى ئالەم خەلقىگە ئايان. شاھرۇخ مىرزا قالايمىقانچىلىقىدا مەن ۋە ئاتام، نۇرغۇن جامائەت بىلەن بىللە زامان ھادىسىلىرى ۋە پىتنىلىرى تۈپەيلى خۇراساندىن قېچىپ ئىراققا ماڭدۇق. يېرىم كېچىدە مەۋلانانىڭ تۇغۇلغان يۇرتى يەزدگە يېتىپ كەلدۇق. ھەممىمىزنىڭ كېڭىشىپ چۈشكەن مەنزىلىمىز مەۋلانانىڭ خانىقاسىغا يېقىن ئىدى. تاڭ ئاتقاندا جامائەتنىڭ باللىرى ئۆز ئادىتى بويىچە خانىقاغا ئويۇن-

ئىلى كىردى، پېقىرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدىم. شۇ چاغدا تەخمىنەن ئالتە ياشلاردا بولسام كېرەك. بىز كىرسەك مەۋلانا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بۇ يەرگە چۈشكەن جامائەتنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بالىلاردىن بىرىنى چاقىردى. پېقىر مەۋلانانىڭ قېشىغا باردىم. نېمىنى سورىسا جاۋاب بەردىم، ئۇ مېنىڭ بەرگەن ھەر بىر جاۋابىمغا تەبەسسۇم قىلىپ، بارىكاللا ئېيتتى.

مەۋلانا يەنە مەندىن:

— مەكتەپكە باردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— باردىم، — دېدىم.

— قەيەرگىچە ئوقۇدۇڭ؟ — دېدى مەۋلانا.

— «تابارەك» سۈرىسىگىچە، — دېدىم.

مەۋلانا ئاندىن كېيىن:

— مەن بۇ بالىلارنى چاقىرغاندا سەن قېشىمغا كېلىپ مەن بىلەن دوست بولدۇڭ. ساڭا دۇئا قىلاي، — دەپ مېنى ئۆز دۇئالىرىغا مۇشەررەپ قىلدى. دەل شۇ چاغدا ئاتام ۋە جامائەتنىڭ چوڭلىرى كېلىپ مەۋلانانىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېھتىرام قىلدى. شۇ چاغدا پېقىردا ئۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە ھاسىل بولدى.

ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن مەشھۇرلىرى «قەسىدە بۇردە» نىڭ شەرھى، «ئەسما ئۇللاھ» نىڭ شەرھى ۋە «زەپەرنامە» تارىخى دۇر. مۇئەممما پىندە مەۋلانا بىر دىۋان تۈزگەنىدى. بۇ جەھەتتە يەنە «ھۇلا»، «مۇنازىرە»، «مۇنتەخەب» مۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. مەۋلانانى ھىممەت، غەيرەت ۋە ساخاۋەت جەھەتتە تەرىپلەش ھاجەت ئەمەس. تەۋەررۇك ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر مەتلىئى بېرىلدى، شېئىر:

ھەي سوپى، ئار-نومۇستىن كەچكەن مەيپەرەسلەرنى ئىنكار قىلما، چۈنكى پىيالىدە دوست ئەكسىنىڭ شولىسى بار.



مەۋلانانىڭ قەبرىسى «يەزد» دىكى ھېلىقى خانىقاھدا (ئۇ جاي داۋاملىق زىيارەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەرىكەت تېلىنىدۇ).

خوجا ئەۋھەد مۇستەۋفى — ئۇنىڭ لەقىمى «كەدۇد» مۇ دېيىلەتتى. ئۆز زامانىسىنىڭ يىگانە كىشىسى ئىدى. نۇرغۇن ئىلىم-پەنلەرنى بىلەتتى. بولۇپمۇ سېھىردي ئىلىملەردە ۋە ئاسترونومىيىدە شۆھرىتى بار ئىدى. پېقىر ئۇ بۈيۈك زاتنىڭ سۆھبىتىگە بېرىپ تۇراتتىم، ماڭا كۆپ ئىلتىپاتلىرى بار ئىدى. ئۇ شېئىرلىرىدىن دىۋان تۈزگەنىدى. ياخشى قەسىدىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ھەي، سېنىڭ جامالىڭ بوستانىدىن كۆز ۋە جانغا زىبۇ-زىننەت كەلدى. نەرگىس گۈلىگە سېنىڭ كۆزۈڭ بىلەن مەغرۇرلىنىشى ئېنىق پەرىز بولۇپ قالدى.

بۇ شېئىرنى سۇلتان ساھىبقىراننىڭ نامىغا ئىلاۋە قىلىپ يازغان، شېئىر:

ھەي كۆڭۈل خۇشال بولغىن! چۈنكى سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ قۇياشى بولغان سۇلتان ھۈسەيىن بىزگە مېھرىبانلىق سايىسىنى سالدى.

خوجا سەبزاۋاردا تۇرۇشلۇق ئىدى. شۇ يەردىلا ئالەمدىن ئۆتتى. قەبرىسى ئۆزى تۇرغان يۇرتىدىلا.

مەۋلانا ئابدۇلۋەھھاب — مەشھەد شەھىرىنىڭ قازىسى ئىدى. ئۇ تۈرلۈك پەنلەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن دانىشمەن ئادەم ئىدي. شۇنداقلا خەتتاتلىق پىندە تەڭداشسىز ئىدى.

ئىباد قۇرغىنىنىڭ ئابىدىسىگە «بۇنداق باغ ھېچقانداق شەھەردە يارىتىلمىغان①» دېگەن جۈملىنى ئۆزى يېزىپ ئويدۇرغان ئىكەن. مەشھەدنىڭ پاراسەت ئىگىلىرى ۋە شائىرلىرى قازىغا شاگىرت ئىدى. شۇلاردىن بىرسى «مەقلۇبى مەسنەۋىي» شەكلىدە «بىر ئارزۇيۇم بار» دېگەن جۈملىنى تېپىپ قازىغا ئېيتىپتۇ. قازى ئۇنى ئاڭلاش بىلەنلا: «يەتكۈز، ئەي خۇدا» دېگەن جۈملە بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قابىلىيىتىنى تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ. «سەيفى» نامىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، شېئىر:

جان سېنىڭ ياقۇتتەك لەۋلىرىڭدىن ئابىھايات، كۆڭۈل
قارا چاچلىرىڭدىن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ.

ئۇنىڭ قەبرىسى مەشھەددە.

**خوجا فەزلۇللاھ ئەبۇلەيسى** — سەمەرقەند ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ، ئاتاغلىق پەقىھ ئالىمى ئەبۇللەيسىنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. پەقىھ ئىلمىدە ئۇنى «ئىككىنچى ئىمامى ئەزەم» دەپ ئاتىشاتتى ۋە ئەرەبشۇناسلىق ئىلمىدە ئىبنى ھاجىبنىڭ باراۋىرىدە بىلىشەتتى.

ئۇ سەييىد شېرىپنىڭ شاگىرتى بولۇپ، سەييىد ئۆز خېتى بىلەن شاھادەتنامە يېزىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىلىملەردە دەرس ئېيتىشىغا ئىجازەتنامە بەرگەندى. پېقىر ئىككى يىل ئۇنىڭ قېشىدا ساۋاق ئوقۇدۇم، ماڭا شۇ قەدەر ئىلتىپات قىلاتتىكى، مېنى «پەرزەنتىم» دەپ ئاتايتتى. شېئىر ۋە مۇئەممماغىمۇ مەيلى بار ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

سېنىڭ سەرۋىدەك تۇز بويۇڭ مەن ئۈچۈن جاندۇر، ھەي

① «قۇرئان كەرىم» 89 - سۈرە، ھىجر 6 - 7 - ئايەت.



يول يۈرەلەيدىغان سەرۋى، مەن تەرەپكە قاراپ يۈر، ساڭا جېنىمنى پىدا قىلاي.

«ھاكىم» نامىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممامۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

باغنىڭ ئىچى جەننەتتىن نەمۇنە كەلتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇلبۇلى بولمىسا، ئۇنداق باغ ۋەيران بولسۇن.

خوجا سەمەرقەندتە تەگرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى ۋە ئۆز خانىقاسىدىكى بوۋىلىرىنىڭ گۈمبىزىگە دەپنە قىلىندى.

**مەۋلانا ئەلى شاشى** — دانىشمەن كىشى ئىدى، ئۇنىڭ يۇقىرى تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بارچە خالايىق ئېتىراپ قىلاتتى. مۇئەممما پېنىدە سەمەرقەند ئەھلى ئۇنى شەرەفىدىن ئەلى يەزدى بىلەن باراۋەر ھېسابلايتتى. پېقىر سەمەرقەندكە بارغاندا ئۇنىڭ ئايىغى سۇنۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىكەن. مەن مەۋلانانى يوقلاپ باردىم ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بۇ مۇئەمممانى يېزىپ ئۇنىڭغا بەردىم. بۇ مۇئەمممادىن «ئۇلا» (يۈكسەكلىك، يۇقىرى دەرىجە) دېگەن سۆز ھاسىل بولاتتى. مۇئەممما تۆۋەندىكىچە، شېئىر:

سېنىڭ پۇتۇڭدىن ئاغرىق، زەخمەتلەر يىراق بولۇپ دۈشمەنلىرىڭگە بالا - قازا نېسىپ بولسۇن.

مەن ئۇنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى سوراپ بىلىپتۇ - دە، مۇنۇ مۇئەمممانى يېزىپ بىر شاگىرتىدىن چۈشكەن ئورنۇمغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ مۇئەمممادىن

پېقىرنىڭ ئىسمى ھاسىل بولاتتى. مۇئەممىا تۆۋەندىكىچە، **مۇئەممىا:**

سەن مېنى كۆرۈپسەنۇ، مەن سېنى ياخشى كۆرەلمەپتىمەن،
سەن ماڭا بىر شىردەك كۆرۈندۈڭ، ھەم شۇنداق بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەۋلانا شۇ ئاغرىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قەبرىسى سەمەرقەندتە.

**مەۋلانا مۇھەممەد تەباركانى** — شەيخ زەيىنىددىن تەباركانىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولۇپ، ئۆز زامانىنىڭ پېشىۋاسى ئىدى. ئۇنىڭ خانىقاھى ۋە كۆپ مۇرىتلىرى بار ئىدى. مەۋلاناغا كىشىلەرنىڭ ئىخلاسى كۆپ ئىدى. ئۇ «قەسىدە بۇردە» نى مۇخەممەس قىلىپ يازغان ۋە تەڭرىگە يېقىن زات خوجا ئابدۇللا ئەنسارىنىڭ «مەنازىلۇس — سايىرىن» (سەيياھلار مەنزىلى) ئاتلىق كىتابىغا شەرھى يازغان. ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە كامالىتىنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ ساماغا چۈشسە ھەرىكىتى ئۇسۇل قائىدىسىگە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ خالايىققا شۇنداق تەسىر قىلاتتىكى، خالايىقلار يىغلىشاتتى. بۇ مەتلەئ ھەزرىتى مەۋلانانىڭكى، **شېئىر:**

سېنىڭ سەۋرىدەك بويۇڭدىن باشقىغا قارايدىغانلار راستىنى ئېيتقاندا، نەزىرى تۆۋەن كىشىلەردۇر.

ئۇ ھىرات شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. قەبرىسى خىياباندا. ئۇ يەرگە مەۋلانا ئۆز ۋاقتىدا خانىقاھ ياسىغان، ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانا ھەمىدىدىن ۋە باشقا سوپىلار شۇ خانىقاھدا سۈلۈك ۋە ئىبادەتكە مەشغۇلدۇر.



**شەيخ سەدرىددىن زەۋايى** — ئۇمۇ شەيخ زەيىنىددىننىڭ ئىز باسارلىرىدىندۇر. شەيخ گۈزەل ۋە زىبا كىشى ئىدى. ئۆزى يېقىملىق بولۇپ، ھەقىقەت ۋە ئىلىم-پەن توغرىلىق سۆزلىگەن سۆزلىرى كۆڭۈللەرنى مەپتۇن قىلاتتى. پېقىر ئۇنىڭ شەرەپلىك سۆھبىتىگە ئېرىشتىم. بەدەخشان شاھى ئۇنىڭغا مۇرىت بولغان بولۇپ، شەيخ ئۇنىڭغا «فۇسۇس» ① دەرسى بېرەتتى. ئۇ كۆڭلۈمنى بەك مايىل قىلدى. شۇنچە ئۇلۇغ پادىشاھ شەيخنىڭ خىزمىتىگە كېلىدىغان تۇرسا، باشقا خالايىققا نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇ شۇ قەدەر كاتتا شەيخلىق ئىشلىرى بىلەن تۇرۇپ، يەنە نەزم بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. بۇ مەتلەئ شەيخنىڭكى، **شېئىر:**

سېنىڭ يۈزۈڭدىن كۆزۈمگە ئاجايىپ بىر نۇر كېلىدۇ،
سېنىڭ جامالىڭدىن يامان كۆزلەر دائىم يىراق بولسۇن.

ئۇ ھىراتتا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جىنازىسىنى «شۇغان» غا ئېلىپ كېتىشتى ۋە شۇ يەردە دەپنە قىلدى.

**مىر ھەيدەر مەجزۇب** — «دەرۋازىئى خۇش» سىرتىدا ئەمىر فەخرىيابى مازىرىدا تۇراتتى. ئۇ يىگىتلىكىدە ئاساسىي بىلىملەرنى مۇكەممەل پۈتتۈرۈپ بولغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جەزبە يېتىشتى-دە، ئەقلى يوقالدى. گاھى چاغدا ئۆز ھالىغا كېلىپ ئالىملار بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. ئۇنداق چاغلاردا ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭغا قول قوياتتى. ئەمما بىر ئوبدان سۆزلەپ كېتىۋېتىپ يەنە چېچىلاتتى. سەۋدايىلىقى تۇتقان مەزگىلدە خىيالى سەلتەنەت خىزمىتىگە شېرىك

① «فۇسۇس» مەشھۇر ئالىم مۇھىددىن بىننى ئەرەبى تەرىپىدىن يېزىلغان تەسەۋۋۇف ئىلمى ھەققىدىكى كىتاب.

بولاتتى-دە، خەلقنى ئۆزىگە ئۆكەرلىككە دەۋەت قىلىپ، ئىسيان كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى ئېيتاتتى. بۇ بېيىت ئۇنىڭكى،
بېيىت:

ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ لېۋى بىلەن چىشلىرى نېمىگە ئوخشايدۇ؟ گوياكى قەنتنىڭ دانە-دانە گۆرۈچ ئۈستىدە تۇرغىنىغا (ئوخشايدۇ).

مازىرىمۇ يۇقىرىقى مىر فەخرىيابى گۆرىستانىدا.

**مەۋلانا مۇھەممەد ئەرەب** — ئۇمۇ دانىشمەن كىشى ئىدى. ئەقلىدىن ئېزىپ، خىياللىرى مىرھەيدەرنىڭ خىيالىغا بارغانسېرى ئوخشاپ قالدى. دائىم سەلتەنەت ۋە پادىشاھ بولۇش توغرىسىدىكى سۆزلەرنى قىلاتتى. مەۋلانا شۇ سۆزلىرى بىلەن تۆھمەتلەندى. ئاخىرى راستمۇ، يالغانمۇ ئىش قىلىپ مەۋلاناغا «ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئالاقىدار ئەسلىھەلەر تېپىلدى» دېگەن قارا چاپلاندى. شۇڭا ئەزىز ۋە ياشانغان كىشى بولۇشىغا قارىماي پادىشاھ ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىش بۇيرۇقى چىقاردى. ئۇ سىيىستانغا باردى. ئۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇ پېتىچىلا ئىدى. ئۇ ئۆز خىيالىدىكىدەك پادىشاھلارچە مەسنەۋىيلەرنى ئېيتىپ يۈرەتتى ۋە «شاھنامە» قائىدىسى بويىچە يازاتتى. بۇ بېيىت ئۇنىڭ ئاشۇ بېيىتلىرىدىن، شېئىر:

پادىشاھقا پادىشاھنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىشى مەھرەم بولالمايدۇ. شاھنىڭ ئەھۋالىنى شاھنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىشى بىلەلمەيدۇ.



ئۇنىڭ مازىرى سىيىستاندا.

**مىر مۇفلىسى** — مەشھەد سائادەتمەنلىرىدىن بولۇپ، قابىلىيەتلىك ئىدى. ئۇنىڭغا تەگرىدىن جەزبە يەتتى-دە، ئەقلىدىن ئازدى. ئۇ قول ۋە بارماقلىرىغا ھالقىلارنى سېلىۋالاتتى ۋە دائىم ئۆز-ئۆزى بىلەن سۆزلىشەتتى. ھوشى بار چاغدا ياخشى بېيىتلەرنى ئېيتقاندى. لېكىن سەۋدايىلىق مەزگىلىدە بۇ بېيىتنى كۆپ ئوقۇيتتى، شېئىر:

ئۆلۈمنىڭ بالايى-ئاپىتى ۋە قىيامەتنىڭ غەم-قايغۇسى بىزنىڭ يۇمران كۆچەتتەك بويىمىزنى چەمبەردەك ئېگىپ قويدى.

«مۇفلىسى» تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان بۇ بېيىتى ئەل ئارىسىدا مەشھۇر، شېئىر:

خەلق: «مۇفلىسى» ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دېيىشىدۇ، نېمە ئامال، ساراڭلىقىنىڭ ئۆزى مۇفلىسى (يوقسۇل) بولغانلىقتىنغۇ.

ئۇنىڭ مازىرى مەشھەدتىكى خوجا خىزرى لەڭگىرىدە.

**مەۋلانا ئەبدۇلقەھھار** — دانىشمەن كىشى بولۇپ، ھىراتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تالانت ئىگىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ئالتۇن ياساشقا قىزىقىپ قېلىپ، كۆپ نەرسىلەرنى زايا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر نەرسە ھاسىل قىلالمىدى. كۆپ ۋاقىت ئوت پۈۋلىگەنلىكتىن ئۇنىڭ قۇلاق نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ گاس بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ ياخشى

بېيىتلىرى بار. ئەمىر خۇسرەۋنىڭ شېئىرىغا جاۋابەن يېزىلغان بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

يارنىڭ ئوقى كۆڭۈللەرگە تەگكەنلىكىگە كۈندەشلىكىم كېلىدۇ. ئۇ ئوقلار باشقىلارغا تەگسىمۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە تەسىر قىلىدۇ.

ئۇنىڭ قەبرىسى «ئىمام فەخرى» دە.

مەۋلانا ئابدۇررەززاق — مەۋلانا ئابدۇلقەھھارنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ھازىرجاۋاب ۋە ئۆز بېشىمچى ئادەم ئىدى. ئۇ ئاساسى بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە كىشى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ تارىخ ئىلمىدە ماھارەتلىك بولۇپ، بۇ ساھەدە يازغان مەشھۇر ئەسەرلىرى بار. ھەر كىشى تارىخشۇناسلىقتا ئۇنىڭ ماھارىتىنى بىلەي دىسە، ئۇنىڭ ئۆزى يازغان تارىخنى ئوقۇسا بىلىۋالالايدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

مېنىڭ مەرگەن گۆزلىرىم قاشلىرىنى يۇقىرى قىلىپ، پۈتۈن ئالەمنى ئۆلتۈردى. ئەمدىلىكتە ئۇ مېنى ئاتماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ قەبرىسى «ئىمام فەخرى» دە، ئاكىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا.

مىر يادگار بەگ — «سەيفى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. ئۇ خۇراساننىڭ ئېسىل ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمىرزادىلىرىدىن ئىدى، لېكىن ئۇ خىزمەتنى تاشلاپ، خىلۋەتتە ئورۇن



تۇتتى. ئۇ پاك سۈپەت، ئاددىي ساددا ئادەم ئىدى. بىر پارچە يېرىدىن چىققان مەھسۇلاتىغا قانائەت قىلىپ يۈرەتتى. بۇ قوۋم دائىم ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىللە بولاتتى. مىر يادگار بەگمۇ ئۇلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايتتى. ئۇنىڭ ياخشى مەتلەئلىرى بار. شۇ جۈملىدىن بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ئۇچاڭدىكى ئەۋرىشىم كۆينىكىڭنىڭ سالقىن شامالدا يەلپۈنۈشى گوياكى يېڭىدىن پۇلغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ كۆمۈش ئۈستىدە تىترىگىنىگە ئوخشايدۇ.

بۇ مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، شېئىر:

مېنىڭ سەرۋىم گوياكى شېكەر قومۇشىغا ئوخشاش ياشناپ تۇرغان، يۇمران، شېرىن ۋە تۈپتۈز. ئۇ گوياكى قومۇش يوپۇرماق كىيىملىرى ئۈستىدىن باغلىغاندەك، بېلىگە كەمەر باغلىۋالغان.

ئۇنىڭ مازىرى «سەرپۇل» دىكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىدا.

مەۋلانا تۇتى — ئەسلى تەرشىز ۋىلايىتىدىن ئىدى. كېيىن بابۇر مىرزىنىڭ خىزمىتىدە تەربىيىلەندى. ئۆزى كېلىشكەن، ياخشى خۇلقلۇق يىگىت ئىدى. قەسىدىدە مەۋلانا كاتىبىغا تەقلىد قىلىپ يازاتتى. كاتىبىنىڭ:

گەرچە يەتتە ئىقلىم ئالتۇن خەزىنە بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئوبدانراق قارىساق يەتتە باشلىق ئەجدىھادۇر.

دەپ باشلىنىدىغان پەند-نەسىھەت خاراكتېرلىك

قەسىدىگە جاۋابەن يازغان ياخشى بىر شېئىرى بار. ئۇنىڭ مەتلەئى تۆۋەندىكىچە، شېئىر:

جاھان ھۇجرىسى ئالتە گۇمبەزلىك، ئىككى ئىشىكلىك بىر ئۆيدۇر. ئۇ ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى بىساتلاردىن «ئېھتىيات قىلىڭلار!» دېگەن نالە-زار كېلىپ تۇرىدۇ.

ئۇ غەزەلنىمۇ ياخشى يازاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

مەيخانىنىڭ بۇلۇڭى سۇيۇق ياقۇت (قىپقىزىل شاراب) ئارقىلىق ھۇزۇر-ھالاۋەت خەزىنىسىگە ئايلانغان، ئۇ يەردىكى چاڭنىڭ شەكلى غەمنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەجدىھانىڭ ئاغزىدەك قىلىپ ياسالغان.

ئۇنىڭ قابىلىيىتى بار ئىدى. لېكىن ئۇ يىگىتلىك دەۋرىدىلا ۋاپات بولدى. ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرگەن بولسا خېلى ياخشى نەزمىلەرنى قالدۇرغان بولاتتى. پېقىر ئۇنىڭ ۋاپاتى تارىخىنى شەيخ ئازەرى بايانىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك «خۇرۇس» سۆزى بىلەن خاتىرىلىگەنىدىم. ئۇنىڭ قەبرىسى خىيابانىدا.

مەۋلانا ۋەيسى—كاتىپلىقتا مەشھۇر ئىدى ھەم شېئىرمۇ يازاتتى. ئىنتايىن ساددا ۋە گول كىشى ئىدى. مەن ۋە باشقا كۆپلىگەن يار-بۇرادەرلەر: «ھەي، بۇ كىشى بۇنداق ساددىلىقى بىلەن قانداقمۇ شېئىر ئېيتالايدىغاندۇ» دەپ ھەيران بولاتتۇق. ئۇنىڭ غەزەللىرى يامان ئەمەس. يەنە دىۋانىمۇ بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:



باغ سەيلىسىگە، بىنەپشەزارلىقنى تاۋاپ قىلىشقا چىققاندىم، ھەر بىر بىنەپشىدىن يارىمنىڭ چاچلىرىنىڭ خۇش پۇرىقى كېلەتتى.

ئۇ بىر قېتىم سەپەرگە چىققانىدى. شۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئۇنىڭغا ئاخىرەت سەپىرى يەتتى.

مەۋلانا ساغەرى—ساغەر ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ھېرات شائىرلىرى ئىچىمىدىكى كىشى ئىدى. ئۆز بىساتىدا يەتكۈدەك مال-مۈلكى بار ئىدى. لېكىن بېخىل ئادەم ئىدى.

ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراخمان جامى) مەككە سەپىرىگە بارماقچى بولۇپ، ۋەيسى بىلەن ساغەرىنى ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشقا مەسلىھەت قىلدى. ئەمما ۋەيسى ئىشەكى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ، ساغەرى بولسا يەنە بىر باھانە بىلەن بۇ سەپەردىن قېپقالدى. ئەمىر سۇھەيلى ئۇلارنىڭ يوقىرىقى ئىشى ئۈچۈن بۇ قىتئەنى ئېيتقانىدى، تېز ئارىدا تارقىلىپ كەتتى، شېئىر:

ۋەيسى بىلەن ساغەرى ئىككىسى ھەرەمگە سەپەر قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن ئۇ بىرى ئېشىكى يوقلۇقى ئۈچۈن، بۇ بىرى ئۆزى ئېشەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككىلىسى بۇ سەپەردىن قېپقالدى.

ئادەتتە مەۋلانا ساغەرى گەرچە ناچار شېئىر يازىدىغان ئادەم بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەتلەئىنى ئوبدان يېزىپتۇ، شېئىر:

مېنىڭ ئۇنچە تۆككۈچى كۆز ياشلىرىم باھار بۇلۇتى بىلەن بىردەك، مېنىڭ نالە-زارىم بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى بىلەن بىردەك.

ئۇ ھىراتتا ۋاپات بولدى. قەبرىسى خىيابان ئەتراپىدا.

فەسىھى رۇمى ـ دانىشمەن كىشى ئىدى، جوگى مىرزىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى، ئۇنىڭ باغ ۋە سارايلىرىنىڭ تاملىرىغا مەۋلانىنىڭ شېئىرلىرى نەقىشلەنگەنىدى. ئۇ خوجا جەلمانىنىڭ يۇقىرى سەنئەتلىك قەسىدىسىگە نەزىرە يازغان. ئۇنىڭ بۇ شېئىرى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا يارىشا يامان ئەمەس يېزىلىپتۇ. ئۇ يەنە ھەزرىتى شەيخنىڭ «سىرلار خەزىنىسى» دېگەن ئەسىرىگە جاۋابەن ئەسەر يازدى. بۇ ئەسەرىنىڭ «يوشۇرۇن سىرلار» دېگەن بابىدا ئۇنىڭ مۇنداق بىر بېيىتى بار، شېئىر:

كىمكى سەندىن ھەربىر نەپەسنى (سۆزنى) ئاڭلىسا، شەكشۇبھىسىزكى، ئۇنىڭ يەنە باشقا ھەممەپەس كىشىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئاڭلايدۇ.

مەۋلانانىڭ قەبرىسى ھىراتتا.

شەيخ كەمال تۇربەتى ـ ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ خوجا ھافىز (شىرازى) نىڭ غەزەللىرىدىن كۆپلىرىگە مۇخەممەس يازغان بولۇپ، خۇراساننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملىرىدىن ئىدى. پېقىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئاشنالىق مۇنداق باشلانغانىدى: سۇلتان ئەبۇ سەئىدمىرزىنىڭ زامانىدا بىر كۈنى مەشھەددە غېرىب، ئاجىز ھالدا، ئۆيدە ئاغرىپ ياتقانىدىم. شۇ كۈنلەردە قۇربان ھېيت نەزدىسى بولدى. ئىمام ئەلى مۇسا رىزائى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئالەمنىڭ يىراق يۇرت، شەھەرلىرىدىن خەلقلەر كېلىشكە باشلىدى. بۇنداق چاغدا مۇساپىرلار تۇرغان ئۆيلەرنىمۇ يوقلاش ئۇ يەرنىڭ قائىدىسى ئىدى. مەن ياتقان ئۆيگە بىر توپ ئىلىم ئەھلىلىرى سەيلە قىلىپ



كىرىپ قالدى. ئۇلار تامغا يېزىلغان بېيىتلارنى ئوقۇپ، بىر بېيىت ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشتى. ئۇ جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن چوڭراق بىر كىشى كۆپچىلىكنى مۇنازىرىدە يېڭەۋالدى. پېقىر ئاغرىق ھالدا يېتىپ ئۇ جامائەتنىڭ پىكرىگە سۆز قاتماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ كىشىگە بۇ ئاغرىق يىگىتمۇ بىر سۆز ئېيتتىدۇ دېيىشتى. ھېلىقى مويسىپىت كىشى دەل شەيخ كامال ئىكەن! بۇ كىشىمۇ زىيارەتكە كەلگەنىكەن. ئۈستۈمگە كېلىپ مۇنازىرە تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم بىلەنلا ئۇ دەرھال ئۆز سۆزىدىن قايتىپ، ماڭا ئاپىرىنلار ئېيتتى ۋە مېنى تونۇۋالدى. ئەسلىدە ئۇمۇ مېنى ئاڭلىغانىكەن ۋە كۆرۈشۈش ئارزۇسى بار ئىكەن. خۇشال بولۇپ كۆڭلۈمنى ياساپ قېشىمدا ئولتۇردى ۋە سۆز ئارىسىدا بۇ مۇئەممانى ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن «قۇتب» دېگەن سۆز ھاسىل بولىدۇ، شېئىر:

يارنىڭ چاچلىرىغا ھەۋەس قىلىپ، كەچۈرمىشلىرىمىز دەستلەپتىكى سەرگۈزەشتىدىن ئاخىرى قۇرۇق چاڭ ـ توزانغا ئايلاندى.

بۇ شېئىر ئۈستىدىمۇ تالاش ـ تارتىشلار بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشكەن ئورنىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا تۆھپە ۋە مۇبارەك سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتتى. ئۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە ئۇ دائىم مېنى يوقلاپ كېلىپ تۇردى. شەيخ بىلەن دوستلۇق ۋە يېقىنلىقىمىز ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى. شەيخ مەككىدىن قايتىپ كېلىپ، كېيىن تۇربەتتە ۋاپات بولدى. مازىرى ئاشۇ ئورۇندا.

**دەرۋىش مەنسۇر** — سەبزىۋارلىق بولۇپ، دەرۋىش، پەرھىزگار ۋە ئۆز نەپسىدىن كەچكەن كىشى ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا روزا تۇتاتتى. ئەرۇز ئىلمىدە ۋە ھۈنەر — سەنئەتلەردە مەۋلانا فەتتاھى سىبەكنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئىككى ئەرۇز ئىجاد قىلىدى ۋە بىر گۈزەل قەسىدە ئېيتقاندى. ئۇنىڭ مەتلەئى مۇنداق، شېئىر:

يار ۋەسلىگە يېتىش يولىدا كۆپ يۈگۈردۈم، لېكىن
ئاشىنالىقنىڭ ھەقىقىتى بىلەن تونۇش بولغان بىرەرمۇ ئادەمنى
ئۇچراتمىدىم.

بۇ شېئىر تەرسىيئە سەنئىتىدە نۇقسانسىز چىقىپتۇ. دەرۋىش مەنسۇر تەسەۋۋۇپ ئىلمىدە ھافىز ئەلى جامىنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئۇ زاتنىڭ تەرىپىنى قىلىشا ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. تەسەۋۋۇپ ئىلمىدە بۇ رۇبائىي دەرۋىش مەنسۇرنىڭدۇر، شېئىر:

ئۆزنى زەررىچىلىكمۇ مەۋجۇت دەپ بىلمەسلىك كېرەك،
ياخشى — يامان سۆزنى كۆپ ئېيتماسلىق كېرەك. مەقبۇل بولمايدىغان نەرسە ئىجاد ئەمەس، قوبۇل بولغان نەرسىنى رەت
قىلىپ بولماس.

پېقىر ئەرۇز ئىلمىنى دەرۋىش قېشىدا ئوقۇغانىدىم. دەرۋىش قىرىق بىلەن ئەللىك ياش ئارىسىدا ئالەمدىن ئۆتتى ۋە قەبرىسى خوجەئى تاقدا، (ۋەسسالام) .

**ھافىز ئەلى جامى** — ئۆز زامانىنىڭ كامالەت ئىگىسى ئىدى. ھۆسۈن تەسەۋۋۇپ ئىلمىدە كامالەتلىك ئىدى ۋە ھەزرىتى



مەخدۇمى نۇرەن ئابدۇرەھمان جامى «نەفەھاتۇل — ئۇنس» (دوستلۇق خۇشپۇراقلىرى) ئاتلىق كىتابىدا، ئۇنىڭ شەيخ فەرىدىدىن ئەتتار (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولسۇن) نىڭ مۇنۇ قەسىدىسىگە شەرھى يازغانلىقى ئېيتىلغان، شېئىر:

ھەي، سەن يۈزۈڭنى يۆگەپ بازارغا كەلدىڭ، خەلقنى
بۇ تىلسىمغا مەھلىيا قىلىۋالدىڭ.

قىرائەت ئىلمىدە بارلىق قىرائەت ئالىملىرى ئۇنىڭغا شاگىرت بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. پېقىرمۇ ئۇنىڭدا بىر قانچە ساۋاق ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭ قەبرىسى شەيخ باھائىدىن ئۆمەر (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولغان) نىڭ گۈمبىزىدە.

**مەۋلانا مۇھەممەد مۇئەممائى** — ھىراتلىقلار ئۇنى «مۇئەممانىڭ پىرى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ دانا كىشى ئىدى. ئەمىر خۇسرەۋنىڭ شېئىرلىرىنى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى ھېچ كىشى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك توپلاپ باقمىغان. «يۈسۈپ» ئىسمىغا بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، شېئىر:

بۇرۇن بۇ بېشىمدا سەپەر قىلىش ھەۋىسى بار ئىدى.
سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈش بىلەنلا سەپەرگە مەيلىم قالمىدى.

ئۇنىڭ قەبرىسى ھىراتتا.

**سەيد كەمال كاچكول** — بەلخدە تۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇ كۆپ ساياھەت قىلغان كىشى بولۇپ، بارمىغان يېرى ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئەھۋالىدا ئاجايىپ ئىشلار كۆپ ئىدى. بۇنىڭدىن مەشھۇر-

راۋى شۇكى، ئۇنىڭ بەش يۈزمىڭ بېيىتى، بىر قەسىدىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئون ئىككى مىڭ يارامىلىق بېيىت تاللىۋېلىشقا بولاتتى. ئەمما پىقىر كۆرگەن نەرسە، خوجا ئەبۇ نەسىر پارسا (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولغاي) ۋاپات بولغاندا ئۇ مەرسىيە ئېيىتقانىدى. بۇ بېيىتلارنىڭ بىر قانچىسىنىڭ ھەربىر مىسراسى خوجىنىڭ ۋاپاتىغا تارىخ يىلى بولسا، يەنە نەچچە بېيىتى تۆرلۈك تارىخلار ئىدى. باشقا بىر قانچە بېيىتلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچ ـ تۆت تارىخ ئىدى. لېكىن شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا قىلچە نۇقسان يەتمىگەنىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئىنسانلار قولىدىن كېلىشى ئاسان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە ئۇنى «ئاتاروت پەلانېتىنى بويسۇندۇرۇپتۇ» دېيىشەتتى. ئۇنىڭ يېشى توقسانىدىن ئاشقانىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ھەي، يۈزۈڭ نۇرىدىن جان كۆزىگە روشەنلىك بەرگۈچى، سېنىڭ كېلىشكەن بويۇڭ سەرۋى دەرىخىنى يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئۇنىڭ قەبرىسى بەلخىدىكى ئەمىر سۇرخ مازىرىنىڭ ئەتراپىدىدۇر.

خوجا مۇئەييەد مېھنە ـ ھەزرىتى ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولغاي) نىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىدى. يىل بويى ئەبۇ سەئىد ئۇبۇلخەيرنىڭ مازىرىدا شەيخلىق قىلاتتى. ئاساسىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئوقۇپ بولغانىدى. مەجلىسلەردىكى سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە ئوتلۇق ئىدى. ھەتتا خوجا سەمانىمۇ تەسىرلەندۈرەرلىك ئېلىپ باراتتى. پادىشاھلار خوجا مۇئەييەدنى بەك ئۇلۇغلايتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:



سېنىڭ ئاي يۈزۈڭدىن ئەينەك ياسىغۇچىلار ئۇ ئەينەككە جاننى تەلمۈرتۈپ قويۇپتۇ.

خوجىنىڭ مازىرى چوڭ بۇۋىسىنىڭ گۈمبىزىدە.

خوجا مۇئەييەد دىۋانە ـ ئۇمۇ ھەزرىتى شەيخنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. ئۆزى سەۋدايى مىجەز كىشى ئىدى. ئەمما شېئىرلىرى توغرا ۋە راۋان چىقاتتى. ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋاسى بار ئىدى. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ ھالاك قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ خوجا ھافىزنىڭ شېئىرىغا جاۋاب قىلىپ يازغان مەتلەسىدۇر، شېئىر:

ئاشۇ سائادەت ئېيىنىڭ نۇرىدىن جاھانغا يېڭى روشەنلىك يېتەرمىكىن دەپ كۆپ كۆز تۇتىمىز.

ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سۆڭىكىنى تېپىپ بىر يەرگە كۆممەكچى بولۇپ تاپالمىدى.

مەۋلانا مىرئىماد مەشھەدى ـ «مۇسەۋى» تەخەللۇسىنى قوللىناتتى . ئۇ دانىشمەن، خۇش خۇي ۋە ھازىر جاۋاب يىگىت ئىدى. مەشھەد شائىرلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىگە يىغىلىشاتتى. ئۇ نېمە دېسە ئىتائەت قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇئەمما يېشىشتىمۇ ماھارىتى بار ئىدى. مۇنۇ بېيىتنى ئۇ شەيخ كامالغا جاۋابەن يازغان، شېئىر:

ئۇ: «كۆزۈڭگە ئېيتقىن يۈزىمىزنىڭ خىيالىدىن باشقا سۈرەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىسۇن، دېدى. مەن: «باش ئۈستىگە» دېدىم.

**شاھ بەدەخشان** — «لەئلى» تەخەللۇسىنى قوللىناتتى. تالانتلىق ۋە مۇسۇلمان ئەخلاقلىق كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ خانىدانى قەدىم خانىدان ئىدى. نەچچە مىڭ يىللار ئىدىكىم بەدەخشان مەملىكىتىنىڭ سەلتەنەتى ئۇلارنىڭ خانىدانىدىن باشقا خانىدانغا يۆتكەلمىگەنىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئۇلارنىڭ خانىدانىنى ئىگىلىدى. ئۇلارنى ۋەيران قىلدى ۋە مەملىكەتلىرىنى ئىگىلىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

بىز سېنىڭ ئىشقىڭدا بېشىمىزدىن ۋە جېنىمىزدىن كېچىشنى ئىستەيمىز. جانىنىڭ ئېغىزلىرىنى سېنىڭ ياقۇتتەك لەۋلىرىڭدىن شېكەرگە تولدۇرۇشنى تىلەيمىز.

شاھ مەزكۇر ئەبۇ سەئىد مىرزا پادىشاھ قولىدا شېھىد بولدى. قەبرىسى شەيخ زەيىنىدىنىدە دېيىشىدۇ. (تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى).

**ئىبنى لەئلى** — شاھ بەدەخشان لەئلىنىڭ ئوغلى بولۇپ، خۇشال - خورام يۈرىدىغان تالانتلىق شاھزادە ئىدى، كىشىلەر دائىم ئۇنىڭ سېخىيلىقى، شوخلۇقى ھەققىدە كۆپ سۆزلىشىدۇ. بۇ قوش قاپىيىلىك مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ھەي، ئوتتەك لەۋلىرى بىلەن كۆڭۈل گۈللىرىغا ئوت سالغان مەككار سەنەم، سېنىڭ كۆڭۈلنى تارتىپ كېتىشتىن باشقا ئىشىڭ يوقمىدى.

ئۇمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى.



**مەۋلانا ئەبۇسەئىد بەدەخشى** — بەدەخشانلىق ئىدى. ئۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا زامانىدا ھىراتقا كەلدى. پادىشاھ ئۆز تارىخىنى ئۇنىڭغا يېزىشنى بۇيرۇدى. ئۇ مەسنەۋىگە ئۇستا، ئىجادكار كىشى ئىدى. ئۇ بىر بېيىتتە بىر سۆزنى تەجنىس (شەكىلداش سۆز) دەپ ئويلاپ، قاپىيىنى خاتا قىلىپ قويغان ئىكەن، پېقىر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم بىلەنلا، ئۇ بۇنى دەرھال سېزىۋېلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈردى. بۇ ئىش ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇققا سەۋەب بولدى. بۇ بېيىت ئۇنىڭ توي تەرىپىدە ۋە ناخشىچىلار ھەققىدە يازغان مەسنەۋىسىدىندۇر، شېئىر:

پۈتۈن يەر ۋە كۆكنى قاپلىغان سۈرەن - چۇقانلار ئىچىدە «جېنىمنى تەڭرىگە تاپشۇردۇم» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.

ئۇنىڭ قەبرىسىنى كوھىستاندا دېيىشىدۇ.

**مەۋلانا يۈسۈف شاھ** — «كاتىب» تەخەللۇسىنى قوللىناتتى. كاتىپلىق، خەتتاتلىق پېنىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشى ئىدى. ئۇ ھىرات شەھىرىدە دانا ئالىملارنىڭ قاتارىدا سانىلاتتى. ئەمما يوقسۇل، كەمتەر ۋە ياخشى كىشى ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ئەي، دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، يىراقتا يۈرگۈچى، ھازىر بىز بۇ شەھەردە ياشاۋاتىمىز، سەن بولساڭ ياتلارنىڭ شەھىرىدە تۇرۇۋاتىسەن.

**خوجا ئەبۇ ئىسھاق** — خوجا مۇئەييەد مېھنەنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئىلىمگە ئىنتىلمىدىغان، قابىلىيەتلىك يىگىت ئىدى. ئەمما

ئۇسال خۇيلىرى ۋە تەكەببۇرلۇقىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ مېھنەدە ئېيتقان بەزى مەرسىيەلىرىدىن بۇ بېيىتنى كەلتۈرىمىز، شېئىر:

شەرق سەھراسى ئۇ گۈلنىڭ ئېتىكىنى بىزنىڭ قولىمىزدىن تارتىۋالدى. قىيامەت سەھراسىدا بىزنىڭ قولىمىز ئاشۇ سەھرانىڭ ئېتىكىدە بولىدۇ.

قەبرىسى مېھنەدە ئاتىسىنىڭ يېنىدا.

سەييىد كازىمى — ئىستېداتلىق ۋە روھلۇق كىشى ئىدى. تەبىئىتى كۈلكە-چاقچاققا مايىل ئىدى. ئۇ پادىشاھ ھەزرەتلىرى (ھۈسەيىن بايقارا) تەرىپىدىن خوجا جاھانغا ئەلچىلىككە بېرىپ، قايتىپ كېلىشىدە ئىراقتا قالدى. ئۇ يەردىن ماڭا بىر-ئىككى پارچە خېتى كەلدى. كېيىن ئۇنى شىرازدا «ۋاپات بولۇپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. ئۇ ھەربىي ئىشلاردا چۈس، چاققان كىشى ئىدى. شېئىرنى راۋان ئېيتاتتى، قەسىدىسى بابا سەۋدائىنىڭ ئۇسلۇبىدا يېزىلاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

خۇداغا شۈكرى، ھىرات شەھىرىنىڭ قازىسى ئەمەسمەن، ئېشەك ئەمەس، ئىنسانىي سۈپەتلەرگە ئىگىمەن.

بۇ مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، شېئىر:

تاڭ ئۇپۇقتىن ئاق بايراق چىقارسا، ئاھىم ھۆكەر يۇلتۇزىنىڭ چوققىسىغا تۇغ چىقىرىدۇ.

شۇنچە كۆپ خەلق سەييىد كازىمنىڭ دۆلىتى بىلەن شېئىرلاردا مەدھىيىلەندى.



مەۋلانا مۇھەممەد مۇئەممائى — خۇش خۇي ۋە سۈننىي مەزھىپىدىكى كىشى ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ خىزمىتىگە يېتىشىپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەندى. بابۇر مىرزىنىڭ دەۋرىدە باش ۋەزىر بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ پادىشاھلارنىڭ ھەرقانداق سورۇنلىرىدا دائىم بىللە بولۇپ، ھۆرمەتلىنەتتى. ھوقۇقى بار چېغىدا شىرازدىكى خوجا ھافىزنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز ياسىدى ۋە بابۇر مىرزىنى ئۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بەردى. شۇ چاغدا شىرازنىڭ شوخ كىشىلىرىدىن بىرى بابۇر مىرزىنىڭ كۆزى چۈشۈدىغان يەردىكى تامغا بۇ بېيىتنى يېزىپ قويغانىكەن. شېئىر:

گەرچە ئۇ پۈتۈن شەھەر ۋەخپىلىرىنىڭ مال مۈلكىنى سۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ بىنانى پۈتكۈزگىنى ئۈچۈن، خۇدا ئۇنىڭغا ياخشىلىق بەرسۇن.

مىرزا بۇ بېيىتنى ئوقىدى. بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن چاقچاقلار بولدى. پېقىر بۇ سۆزنى مەۋلانانىڭ ئۆزىدىن ئىشىتكەنىدىم. چۈنكى مېنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى ۋە سۆھبىتىگە كۆپ مۇشەررەپ قىلاتتى.

مەۋلانا ئاخىرقى ئۆمرىدە كىچىك مىرزا بىلەن ھەج قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتى ۋە ھەجدە ۋاپات بولۇپ، ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. «دەرۋىش» نامىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، شېئىر:

مەن دوستۇمنىڭ ئازار بېرىشىدىن قېچىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئىدىم. ئالەم خەلقىنىڭ يامان ئاتاق ۋە دەشنامىلىرى ماڭا يۈزلەندى.

**خوجا ھەسەن خىزىر شاھ** — ئاستىرابادلىق بولۇپ، ئىستىبداتلىق ۋە خۇش مۇئامىلىلىك كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى باقىي دۇنياغا ئاتىۋەتكەن كىشى بولۇپ، ئەھۋالىدا چېچىلاڭغۇلۇق بار ئىدى. شېئىرنى ياخشى ئېيتاتتى. نەسىخ ۋە تەئلىق خەت ئۇسلۇبلىرىنى مەۋلانا جەئپەر ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ، ئىنتايىن چىرايلىق يازاتتى. ئۇ «لەيلى ۋە مەجنۇن» غا تەگلەشتۈرۈپ «زەيد ۋە زەينەپ» دېگەن نامدا مەسنەۋى (داستان) يازغان. بۇ بېيىت ئاشۇ ئەسەرنىڭ تەۋھىد قىسمىدىن، شېئىر:

ئەي، ھەربىر گۈزەلنىڭ چېھرىنى ئاچقۇچى، سېنىڭ نامىڭ بارلىق ئاغرىقلارنىڭ شىپاسىدۇر.

بابۇر مىرزا مەشھەددە ۋاپات بولغان يىلدا ئۇ شەھەردە ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ، كېسىلىنى باقتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىپا تاپتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

سېنىڭ سايەڭ چۈشكەنلا زېمىندىن گۈل ئۈنىدۇ. ياق! يالغۇز گۈللا ئەمەس، باشتىن ئاياغ گۈل ۋە شېرىن-شېكەر ئۈنىدۇ.

قەبرىسى ئاستىرابادىكى جامە مەسچىتىنىڭ ئالدىدا.

**مەۋلانا ھاجى نۇجۇمى** — بىپەرۋا، بىغەم كىشى ئىدى. مىجەزى چاقچاققا مايىل ئىدى. ھەزىل-چاقچاق ئارىلاش قىتئەلىرى بار. ئەمما بۇ مەتلەئنى ياخشى يېزىپتۇ، شېئىر:

يەنە ھېيت يېتىپ كەلدى. ئەي جانانىم، كەلگىن، ساڭا



قۇربانلىق بولاي. بوغۇزلانغان قوينىڭ كۆزىدەك سېنىڭ ھەيرانىڭ بولاي.

**خوجا مەسئۇد قۇمى** — قۇم ۋىلايىتىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىندۇر. ئۇ ئىراقتىن خۇراسانغا كەلدى مېنىڭ بىلەنمۇ ھەمسۆھبەت بولغانىدى. مەسنەۋىيسى پۇختا ۋە غەزەللىرى راۋان ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا نۇرغۇنلىغان گۈزەل بېيىتلارمۇ بار. سۇلتان ساھىبقىراننىڭ تارىخىنى يېزىش ئۇنىڭغا بۇيرۇلدى، ئۇ مىڭغا يېقىن بېيىت يازدى. «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» داستانىنى شۇنداقلا، «قوياش ۋە ئاي»، «تىغ ۋە قەلەم» مۇنازىرىسى توغرىسىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغانىدى. بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، شېئىر:

سەنسىز يىغلاۋاتقان ھالدا ئۇخلاپ قالسام، چۈشۈمدە ئۆزۈمنى سۇ ئېقىتىپ كېتىۋاتقان ھالدا كۆرىمەن.

ئۇ بىر خېتىدە بۇ بېيىتنى يازغانىدى، شېئىر:

ساڭا شۇ قەدەر ئامراقمەنۇ، ئەمما سەندىن يىراقتىمەن، جان قىيىنغۇچى غېمىم شۇ سەۋەبتىندۇر. ئۆزئارا شۇنچە مەھلىيا كىشىلەر بىر-بىرىدىن شۇ قەدەر يىراقتا تۇرماقتا، ئاھ چېكىشىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

ئۇنىڭ دىۋانىمۇ ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئۇ ھىرات شەھىرىدە ۋاپات بولدى. پىرى سەييىد سالەنىڭ يېنىدا دەپنە قىلىندى.

**ھافىز يارى** — خوش سۆھبەت ۋە شېرىن سۆزلۈك كىشى

ئىدى. قىرائەت ئىلمىنى ياخشى بىلەتتى. تولىراق قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ئۇ ھەممىشە پېقىر بىلەن سۆھبەتداش بولاتتى. نەسھەتنامىسىدە ئىنساپ توغرۇلۇق بۇ مەتلەئنى يازغان، بېيىت:

ئەگەر بېشىمغا مىڭلىغان بالايىئاپەتلەر كەلسىمۇ، مەن شۇنىڭغا لايىق. چۈنكى مەن خەلقنىڭ ئەڭ يامىنى، بىراق مەن ئۆزۈمنى ياخشى دەپ ھېسابلايمەن.

ئۇ «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسىدە ۋاپات بولدى. «كوچەئى سافا» دىكى قەبرىستانلىقتا قويۇلدى.

**مەۋلانا قەنبەرى** — نىشاپوردىن بولۇپ، ئوقۇمىغان ساددا كىشى ئىدى. ئەمما نەزم ئېيتىشتا چاققان ئىدى. شېئىرىدا خېلى لەززەت بار ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ بابۇر مىرزىنى مەدھىيىلەپ يازغان قەسىدىسىدىندۇر، شېئىر:

كۆرگىنىكى، بۇ گۆھەرلەر كۆپكۆك دەريادا ھاسىل قىلىندى، نەزەر سالغىنىكى، بۇ مەشئەللەردىن يالقۇنلۇق قۇياش پەيدا قىلىندى.

ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ ۋىلايەتتە.

**مەۋلانا خۇسرەۋى** — ئۆزىنى چوڭ تۇتۇدىغان، ئاچچىقى يامان، خۇيى ئۇسال كىشى ئىدى. بەزى چاغلاردا پېقىرنىڭ قېشىغا شېئىر ئېلىپ كېلەتتى. ئالدىن شۇنداق سۆزلەيتتىكى، ئۇنىڭ ئۇ شېئىرىغا تىل تەگكۈزۈش يولى باغلىناتتى. زۆرۈرىيەت



يۈزىسىدىن بارچە شېئىرىغا ئاپىرىن ئېيتىش كېرەك ئىدى. كىشىلەر قولىدا ئۇنىڭ دىۋانى (شېئىرى توپلىمى) مۇ بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

يارنىڭ ياقۇتتەك لېۋىدىن بىر چىشقا (سۆيمەككە) ئېرىشتىم-دە، ئىرىدكىلىك تېپىپ، جانغا تىگە بولدۇم.

**مەۋلانا زەينى** — تەبىئىتى يېقىملىق كىشى ئىدى. گەرچە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، شېئىرلىرى رەڭدارلىق ۋە لەززەتتىن خالى ئەمەس ئىدى. كۆپرەك غەزەل ئېيتاتتى. ئەسلى سەبزىۋارلىق بولۇپ، مىرشاھىنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولغانىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

سەنەۋبەر دەرىخى سېنىڭ قەددى-قامىتىڭگە خىزمەت قىلىشتىن ئايرىلىپ قالغاندىن بېرى، چاچلىرى چۇۋۇق دىۋانىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇ ئاسترابادتا ۋاپات بولدى. قەبرىسىمۇ شۇ يەردە.

**ۋەلى قەلەندەر** — بابۇر مىرزا سارىيىدا خىزمەتچى ئىدى. مىجەزى تۇتۇق، يۈرەكلىك ۋە ھاياسىز كىشى ئىدى. سۆزمەن ناتىقلار ئارىسىدا ھاياسىز شېئىرلارنى ئېيتىش بىلەن مەشھۇر ئىدى. پىر بۇداغ ھىرات شەھىرىنىڭ شائىرلىرىنى شىرازغا تەكلىپ قىلغاندا ئۇمۇ بىللە بارغانىدى. ئۇنىڭ بۇ مەتلىئى تاساددىپىي ھالدا ياخشى چىققان، بېيىت:

ئىشلىرىم ياخشى بولماي، يامان بولغىنىغا رەنجىمەيمەن، ياخشى بولسا بولار، بولمىسا بولماس، قېنى ئۇنىڭ ئاخىرى نېمە بولىدىكىن؟

ئۇ شىرازدا ۋاپات بولدى، قەبرىسى شۇ يەردە.

**مەۋلانا ۋالەھى** — پەرىشان كىشى ئىدى. «سوفۇق»

دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا ئاچچىقلىناتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى مۇشۇ سۆز بىلەن تېرىكتۈرۈپ خاپا قىلاتتى. بابۇر مىرزا مەشھەددە چېغىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ «ئاراستە» (بېزىمەك، ياسىماق) دېگەن رادىپتا قەسىدە ئېيتقانىدى. قەسىدىگە مەدھىيىلەنگۈچىنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزگەن، شېئىر:

پادىشاھ ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ دەۋرىدە سۇلتان ئەلى موسا رىزانىڭ قەبرىسى جايلاشقان جاي مەشھەد جەننەتتىنمۇ گۈزەل بولۇپ بېزەندى.

**ھەرىمى قەلەندەر—** سەمەرقەند ۋىلايىتىدىن بولۇپ، تالىبى ئىلمىلىقى بار كىشى ئىدى. بۇ تۈركچە مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ئاھ، كىپرىكلەردە ئىنتىزارلىق ئوتى مېنى يەنە كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ھەي يارىم، سېنىڭدىن ئايرىلىپ قاچانغىچە شامدەك يىغلايمەن.

**مەۋلانا تارخانى—** ئەندىخۇدتىن ئىدى. ئۇ ھەربىي فورمىدا كىيىنىپ يۈرەتتى. ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراخمان جامى) نىڭ.

ھەي، سېنىڭ ئىپار پۇراقلىق چېچىڭ ھەممە كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە باشقىچە باغلىۋالدى. چاچلىرىڭنىڭ ھەر بىر قىلى جان رىشتىسىگە ئۆزگىچە چىگىلگەندۇر.

دېگەن شېئىرىغا جاۋابەن ئۇنىڭ يازغان مۇنداق بىر بېيىتى بار، بېيىت:



ئىشقىڭنىڭ ئالدىغا ھەر دائىم ئۆزگىچە پارچىلەرنى تاشلاپ تۇرماق ئۈچۈن، كۆڭۈل قۇشىنىڭ پەيلىرىنى يۇلۇپ، كۆكسىنى قورۇدۇم.

بەزى خادىملار سەمەرقەندتە تۈرمىگە چۈشكەندە، ئۇ تۈركچە شېئىر ئېيتقانىكەن. مەتلەئى مۇنداق، بېيىت:

مەن ئۇ پەرىنىڭ تۈرمىسىگە چۈشۈش ئۈچۈن دىۋانە بولدۇم. ئاسمان سارايى پانۇس، ئۇ پەرى چىراغ بولسا، مەن ئۇنىڭ پەرۋانىسى بولدۇم.

ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ ئەندىخۇدتا بولۇشى مۇمكىن.

**مەۋلانا ئىشقى—** ھىراتلىق بولۇپ، قەسىدىنى پۇختا ئېيتاتتى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئاقسارايىنى ياسىغاندا بىنانىڭ نەقىش ۋە ئابىدىلىرىگە ئاتاپ شائىرلارغا شېئىر يېزىشىنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بىنانى تەرىپلەپ يازغان شېئىرى ياخشى چىققان، مەتلەئى مۇنداق، بېيىت:

گۈمبەزلىرى دىلبەرنىڭ قېشىغا ئوخشاش بۇ ئىمارەت مەملىكەت شاھىنىڭ تۇپراقتىن يۈكسەلدۈرۈپ قۇرغان بىناسىدۇر.

ئۇنىڭ قەبرىسى ھىراتتا.

**مەۋلانا ئەبدۇلۋەھھاب— ئىسپەرايىنلىق** بولۇپ، دىۋانە سۈپەت كىشى ئىدى. ئەمما مول ئىستېداتى بار ئىدى. ئۇنىڭغا سەبزىۋاردا قازىلىق مەنسىپى بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن

ئۇ ئىسپەرايىندا قازى بولغاندا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئاستىرابادقا بېرىپ دىنىي تەپتىش ئىشلىرىنى قىلىشقا بۇيرۇلدى، ئۇ شېئىرغا خۇشتار ئىدى. مىر خۇسرەۋنىڭ «دەريايى ئەبرار» (ياخشىلار دەرياسى) ناملىق قەسىدىسىگە جاۋابەن يېزىلغان مۇنۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

يۇلتۇزلار بىلەن زىنىنەتلەنگەن بۇ پەلەكنىڭ كونا ۋاراقلىرى يۇلتۇزدەك كۆپ لەشكەرگە ئىگە بولغان سانسىزلىغان پادشاھلارنىڭ كونا تارىخىدۇر.

ئۇ ئاستىرابادتا ۋاپات بولدى. قەبرىسىمۇ شۇ يەردە.

خوجا يۇسۇپ بۇرھان — ھەزرىتى شەيخۇل - ئىسلام شەيخ ئەھمەد جامى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ ئەڭ يېقىن ئەۋلادىدىن ئىدى. يوقسۇزلۇقنى ۋە ئاخىرەت يولىنى ئۆز مەسلىكى قىلغان كىشى ئىدى. دۇنيا ئىشلىرىدىن ئايرىلىپ، خالايىق بىلەن ئالاقە قىلماسلىقنى تولىراق ياقلايتتى. ئۇ بارلىق تەرىقەت (تەسەۋۋۇپ) نىڭ يولباشچىسى ئىدى. پېقىر مۇزىكا پېنىدە ئۇنىڭ شاگىرتىمەن. ئۇ كۆپىنچە ئۆز شېئىرلىرىغا ئاھاڭ ئىجاد قىلىپ، مۇزىكا بىلەن ئېيتاتتى. بۇ بېيىتنى «ئىسپىھان» مۇقامىغا سالغاندى، بېيىت:

شاد - خۇراملىق ۋە خۇش چاقچاقلىق مەۋسۇمى يېتىپ كەلدى. بۇنداق چاغدا گادايلارمۇ كۆڭلىدىكى مۇرادىغا يېتىپ قالسا نېمدەپ ئەجەبلەنگۈلۈك.

ئۇمۇ جامدا ئالەمدىن ئۆتتى. مازىرى ھەزرىتى شەيخ قەبرىسىنىڭ يېنىدا.

مەۋلانا مەشرىقى — مەشھەدلىك بولۇپ، كاسەگەرلىك ھۈنىرىگە مەشغۇل ئىدى. ئەمما دەرۋىش كىشى ئىدى. مىر مەخدۇمنىڭ شۇنداقلا كۆپلىگەن ئەزىزلەرنىڭ خىزمىتىگە يېتىشكەنىدى. كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە زامانىنى شىكايەت قىلىپ يازغان ئوب-



دان بىر شېئىرى بار. بۇ بېيىت ئاشۇ شېئىردىندۇر، شېئىر:

ئۆردەكنىڭ پۇتى بىلەن مارجاننىڭ پەنجىسىنىڭ قىزىل بولۇشى دەريالاردا سۇ ئورنىغا قان ئاققانلىقىدىن بولماي نېمىدىن بولاتتى؟

مەۋلانا ھىراتتا ۋاپات بولدى.

مەۋلانا ھەۋائى — مەۋلانا مەشرىقىنىڭ ئىنىسى ئىدى. نەققاشلىقتىن ئازراق خەۋىرى بار ئىدى. جۈملىدىن ئابىدىلەرگە خەتمۇ چېكەتتى. باشقا شائىرلار ئۇنى: «نام شۆھرىتىنى تارتىش ئۈچۈن ئۆز شېئىرلىرىنى ئۆزى كۆچۈرۈپ، جەدۋەل ئىچىگە ئېلىپ، ئالتۇن سۈيى بىلەن زىنىنەتلەپ، تەييار قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە بېرىپ يۈرىدۇ» دېيىشەتتى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتىلسا، ئىنكار قىلىپ، چاقچاق ۋە كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

سېنىڭ كوچاڭ ئەتراپىدا يۈزلىگەن موھتاجلىقلار بىلەن ئايلىنىپ يۈرىمەن. يىراقتىن قارايمەن - دە، يەنە ئايلىنىمەن.

ئۇ ھىراتتا ۋاپات بولدى. قەبرىسى خوجا چىلگەزىدىكى قەبرە توپى ئىچىدە.

مەۋلانا قەبۇلى — يوقسۇل كىشى ئىدى. شەيخ چاۋۇشتىكى كىچىك بىر بازاردا يىپپۇرۇشلۇق دۇكىنى بار ئىدى. بىر ئەتىگىنى شۇ مەھەللىدىن بىر توپ جامائەت مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشتى ۋە: «ئاخشام مەۋلانا قەبۇلى بىزنى چاقىرتىپ ۋەسىيەت قىلىپ، ‹بۇ كېچە ئالەمدىن كېتىمەن، كېپەنلىك ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسەم يوق. تاڭ ئاتقاندا بۇ دىۋانىمنى پالانى كىشىگە (يەنى پېقىرغا) يەتكۈزۈپ ئىلتىماسىمنى دەڭلار. ئۇ مېنى سادات مۇسەررەھ گۆرستانىغا دەپنە قىلدۇرسۇن› دېگەنىدى. سەھەردە ئۇنىڭ

ۋەسىيىتى بويىچە دىۋانىنى ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ كەلدۇق» دېيىشتى. بىر جۈملىدىن پېقىر ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداپ، ئۇنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دىۋانىنى ئاچتۇق. دەرھال بۇ مەتلەئ كۆزىمىزگە چېلىقتى، بېيىت:

سېنىڭ قوبۇل قىلىشىڭغا ئېرىشكىنىمدىلا ئاندىن «قەبۇلى» بولالايمەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىككىلا ئالەمدە مەندەك بىمقوبۇل ئادەم تېپىلماس.

مەۋلانا سەئىدى — مەشھەدلىك بولۇپ، كاسەگەرلىك ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:
ئاشۇ دىلبەر بىلەن بىر پەس بىللە بولارمەنمىكىن دېگەن خىيال بىلەن، ھايات يولىنى كېسىشتە يۈز جايىدىن ھىيلە قوزغىتىمەن.

بۇ مەتلەئدە ئىككى قاپىيىگە رىئايە قىلىنغان. بىراق ماڭا كېيىنكى بېيىتى يۇقىرىدىكى مەتلەئدىنمۇ بەكرەك ياقىدۇ، بېيىت:
كېچىسى يېنىمدا بىللە ئولتۇرۇپ ماڭا شۇ قەدەر ھېسابسىز شاراب بەرگىنكى، تا قىيامەتتىكى ھېساب كۈنىگىچە ئورنىمدىن تۇرالماي قالاي.

ھىراتتا ۋاپات بولدى.

مەۋلانا مۇھەممەد ئەمىن — بەلخلىق بولۇپ شاددا كىشى ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا كاتىپلىق بىلەن ئەمەلدارلار ئەتراپىدا يۈرەتتى. «دىلبەرەم» دېگەن سۆزنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ، بىر غەزەل يېزىپ بابۇر مىرزا ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. مىرزا ئاپىرىن ئېيتىپ بۇ بېيىتنى يېزىۋالدى، شېئىر:

ھەي خىتاي كىيىكىدەك قارا كۆزلۈكۈم، ساڭا جان قۇشى



ئۇلپەتتۇر. باشقا قارا كۆزلەر ئالدىدا دىلبىرىم ئاھۇ كەبىدۇر.
بابۇر مىرزا ئۇنى يادقا ئېلىپ ئوقۇپ يۈرەتتى. مەۋلانا بۇ ئىشتىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى.
ئۇنى ئاسترابادتا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدۇق (تەڭرى بىلىدۇ).

مىر ئارغۇن — خەيمەدۇزلۇق (چېدىر تىكىش) ھۈنىرىگە مەنسۇپ كىشى بولۇپ، قەدىمىي شائىرلاردىن ئىدى. باشقا نەزمىلەرگە قارىغاندا مۇئەممما ئېيتىشقا كۆپرەك مايىل ئىدى. «مەھمۇد» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئەي مەھبۇب! سېنىڭ ھۆسن — جامالىڭنىڭ شارابىدىن مەست ۋە خۇمار بولغانلارغا قارا، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ توختىماستىن ئېقىپ تۇرىدۇ.

ئۇ ھىراتتا ۋاپات بولدى.

مەۋلانا ھەيدەر كاتىپ — تۇرمۇشى چېچىلاڭغۇ كىشى ئىدى. كۆپىنچە تۈركلەرنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. ھورۇنلۇق، بىكار تەلەپلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئېرىشسىلا، نە شېئىرنى، نە خەتنى ئېسىگە كەلتۈرمەيتتى. شاراب ئۇنى شۇنداق مەغلۇپ قىلغان ئىدىكى، ھېچ ئىشقا قولى بارمايتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆڭلىمىزنى غەم — قايغۇ بىلەن زىنھار شاد قىلمىدىڭ، باشقىلارنى ئۆلتۈردىڭۇ بىزنى ئېسىڭگىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدىڭ.

ئۇ ھىراتتا ۋاپات بولدى.

مەۋلانا ئايازى — غېرىب سۈپەت كىشى ئىدى. خۇي — پەيلى ۋە سۆزلىرى مەيلى نەزمىدە مەيلى نەسىردە، بىرلسۇن

ئاجايىپ غېرىب ئىدى. پېقىر بىر مەجلىسدە پۇلى مالان دېگەن جايدا ئۇنى كۆردۇم، بىر قەسىدىسىنى ئوقۇغانىدى. بىر بېيىت ئىجاد قىلسا سۆز ئۇسلۇبىدىن ئۇ بېيىتنىڭ قاپىيىسىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. ئۇ بەكمۇ ھەيران بولدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن باغى سەپىددە يەنە بىر مەجلىسدە شۇنىڭدەكلا بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇ يەنە ھەيران بولدى. بۇ سورۇندا بۇرۇنقى ئولتۇرۇشقا قاتناشقان كىشىلەردىن بىر نەچچىسى بار ئىدى. مەۋلانا ئۇلاردىن:

— بۇنداق بىر كىشىنى زادى كۆرۈپ باققانمىدىڭلار؟— دەپ سورىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز ئىدى.

— كۆرمىگەنىدۇق، — دېيىشتى ئۇلار.

— بۇنىدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، — دېدى مەۋلانا، — پۇلى مالاندا بىر يىگىتنى كۆرگەنىدىم. ئۇمۇ خۇددى مۇشۇنىڭدەكلا چاقچاق قىلغانىدى.

مەجلىس ئەھلى كۈلۈشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقان مەشھۇر بېيىتى بولۇپ ناھايىتى ياخشى چىققان. شېئىر:

ھەي ئايازى، يېپىنچاڭنىڭ ئۆزى پاشا نىجاسىتىنىڭ رەڭگىدە. تونىڭمۇ، كۆڭلىكىڭمۇ، ئىشتىكىڭمۇ پاكىزە ئەمەس.

ئۇ دەپنە قىلىنغان ئورۇن مەلۇم ئەمەس.

مەۋلانا ئەنسى — ھىراتلىق بولۇپ، مىر ئابدۇلقادىر نەقىب بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە بۇ تەخەللۇسنى ئىختىيار قىلغان. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

مېنىڭ كۆزۈم يارنىڭ ئاي يۈزىدىن جۇدا بولدى. بۇ جۇدالىقتىن يۈرەك قانغا تولدى، كۆزۈمدىنمۇ قان ئاقتى.



مەۋلانا ئەنسى — يوقسۇل شائىر ئىدى. ئۇ «كىشىلەرنىڭ شېئىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ» دەپ تۆھمەتلەنگەنىدى. بۇ مەتلەئنى ئۇ مەن ئېيتتىم، دەيتتى، شېئىر:

گەرچە مېنىڭ كۆڭلۈم دائىم يارنىڭ ۋىسالىنى ئىزدىسىمۇ، ئەمما يار ماڭا قارشى ھالدا يات كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدۇ.

بۇ مەتلەئ ھەر كىشىنىڭ بولسا، بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئورۇن تار ئەمەس.

قەبرىسى ھىراتتا.

مەۋلانا مۇھەممەد ئامىلى — ھوشيار ۋە يۇمشاق سۆزلۈك، نازۇك كىشى ئىدى. ئۇ ھەزرىتى مەۋلانا شەرەفىددىن يەزدى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ كۆپ خىزمىتىنى قىلىپ، نەزىرىدىن ئۆتكەنىدى. «نويان» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، شېئىر:

گۈل يۈزلۈك گۈزەللەردىن ئىنساپ، ئادالەت ئىستىمەيمەن. بەلكى ئاشۇ مېھرى - شەپقەتسىز ئاي يۈزلۈكنىڭ ئۆزىنى ئىستەيمەن.

ئۇنىڭ ئوغلىمۇ شائىر ئىدى. ئۇ توغرۇلۇق ئۆز نۆۋىتىدە سۆزلىنىدۇ. مەۋلانانىڭ قەبرىسى نىشاپۇردا.

مەۋلانا بۇرۇجى — مەۋلانا سەئدىدىن قەشقەرىنىڭ مۇرىتى بولۇپ، نەقشبەندىيە نەسەبىدىن ئىدى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن مۇرىتلىرى بار ئىدى. ئۆزى شەھەرنىڭ جامە مەسچىتىدە ئەتەسەۋۋۇپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. سانسىز كۆپ تالىپلارغا

يولباشچى ئۇستاز ئىدى. گاھىدا شېئىرمۇ ئېلتىپات قىلاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

مەن بىر بەختسىز ئاشىقمەن، مەستمەن، قانداق قىلىمەن؟ كۆڭلۈمنى بېغىشلاپ، جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويغانمەن، نېمە قىلسام بولار؟

قەبرىسى ئۆزىنىڭ پىر ـ ئۇستازى يېنىدا.

**دەرۋىش نازۇكى** ـ خۇراسانىنىڭ ياخشى ئادەملىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئاتىسى مەشھەدگە ھۆكۈمدار بولغانىدى. ئۆزى بولسا لەشكەردىي ئىشلارنى تاشلاپ، جەندە كېيىپ، خارلىق ۋە دەرۋىشلىك بىلەن مەشھەددە خالىي ئورۇندا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. قولىدا تىلەمچىلىك قىلماي تۇرمۇش ئۆتكۈزگۈدەك نەرسىسى بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجايىپ بەختلىك كىشى ئىدى، مەسنەۋىي:

بىر كىشى ئەل ئارىسىدىن ئۈزۈلۈپ ئۆزىنى تارتسا، ئۇ دانا كىشىدۇر. گادايلىقتىن كىمنىڭ خەۋىرى بولسا، پادىشاھ شۇ دىشىدۇر.

بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى. بېيت:

ماڭا شاراب ۋە قەدەھتىن باشقا ئىپتىخارلىنىدىغان نەرسە يوق. ھەي گۈل يۈزلۈك ساقى، قەدەھلەرنى تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ تۇتقىن.

قەبرىسى مەشھەدتە.



**مەۋلانا كەۋسەرى** ـ بۇخارالىق بولۇپ، تالانتى يۇقىرى مول قابىلىيەتكە ئىگە، خۇش سۆھبەت ۋە شېرىن سۆزلۈك كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ھۇجرىسىدا ئۆزىگە يارىشا تاماق قىلغان ئىكەن، دوستلىرىدىن بىرسى كىرىپ، قازان ئاستىغا ئوتۇن ساپتۇ. مەۋلانا ئۇنىڭغا: «تاماق ئىشلىرىدا ماڭا ياردەم قىلماق، شېرىك بولارسىز» دەپتۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ئۇ بادام كۆزلۈكنىڭ پىستىدەك كۈلۈپ تۇرغان لەۋلىرىنىڭ خىيالىدا بىزنىڭ كۆزىمىز قان بۇلىقىغا ئايلاندى.

ئۇ ھىراتتا ۋاپات بولدى. قەبرىسى خىيابان بېشىدا.

**مەۋلانا مۇسەممى** ـ ئىسپەرايىنلىق بولۇپ، ئاشىق سۈپەت يىگىت ئىدى. ئەمما ئۆتكۈر تالانتى بار ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ئوغرى ئۆي جاھازلىرىنى تۆڭلۈكتىن تارتىپ ئېلىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ چىرايلىق مەڭلىرى قەلبىمنىڭ بارلىقىنى كۆز نۇرۇمدىن تارتىۋالدۇ.

ئۇنىڭ قەبرىسى ئىسپەرايىندا.

**مەۋلانا نىزام** ـ تالىبى ئىلىم ۋە كەمتەر كىشى ئىدى. ئۆيى خانىقاھنىڭ ئاستىدا ئىدى. كۆپىنچە مۇئەمما بىلەن شۇغۇللىناتتى. «ئىسھاق» ئىسمىغا بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، بېيت:

سېخىيلىقنى باشقىلارغا دان ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى قۇش دەپ بىلگىن. چۈنكى سېخىيلىقتىن، ئىقبال ئۇۋىسى ھاسىل بولىدۇ.

ئۇنىڭ قەبرىسى خىياباندا.

**مەۋلانا يارىي** — ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەمما دەرۋىش سۈپەت ۋە غەمسىز ئىدى. يوقسۇللۇق ۋە قىيىنچىلىقتىن كۆزلىرى خىرەلەشتى. ئاخىرى كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمەس بولدى. ئۇ بەلخدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، خېلى يۇقىرى ئىستېداتقا ئىگە ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ ئاغىزدىن ماڭا ھېچكىم قىلچىمۇ نىشانە كۆرسەتمەيدۇ،
مەن شۇ قەدەر تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىمەنكى، غېمىمنى ھېچكىمگە كۆرسەتمىسۇن.

ئۇ بەلخدە ئالەمدىن ئۆتتى. قەبرىسىمۇ شۇ يەردە.

**خوجا ئەھمەد مۇجەللىد** — خۇراسان مەملىكىتىنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن ئىدى. ئەمما تىلى ناھايىتى قاڭسىق، يامان سۆزلۈك كىشى ئىدى. كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەردىن ئۇ شېئىر ياكى مۇئەمما بىلەن ھەجۋى قىلمىغان، مەسخىرە ( ، چاقچاق قىلمىغان ئادەم ئاز قالغاندى. «جۇردە» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىندۇر. بېيىت:

بىر ئېشەك توقۇمىنى سىڭايان قىلىپ، يېزا تەرەپكە قاراپ قاچتى ۋە يېزا ئوتلاقلىرىنى كالىلاردىن تارتىۋالدى.

ئۇنىڭ قەبرىسى ھىراتتا.

**مەۋلانا مۇھەممەد نېئمەتئابادى** — پەھلىۋان مۇھەممەد (تەڭرى ئۇنى سالامەت قىلسۇن) خىزمىتىدە بولاتتى ۋە شۇ جايىنىڭ ئىمامى ئىدى. پەھلىۋاننىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا شېئىر ۋە مۇئەمما ئەھلىلىرى دائىم بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇمۇ مۇئەمماغا ئىشتىياق باغلىدى. پەھلىۋان ئۇنى بەزى شائىرلارغا تونۇشتۇرۇپ، تەربىيەلەشنى تاپشۇردى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ياخشى ئۆگىنىپ، مۇئەمما ئېيتىشقا باشلىدى. مەۋلانا ئۇزۇن ئۆتمەي



قازا يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. پېقىر ئۇنىڭ ئاز بىر قىسىم مۇئەممالىرىنى توپلاتقۇزدۇم. «كاكا» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، بېيىت:

مېنىڭ قەلبىمگە سالغان دەرد ۋە زۇلۇملىرىڭنى ئەسلەش بىلەن ھۇزۇرلىنىمەن، ھەي جانان، تاغلارنىڭ نالە-پەريادىمغا قايتۇرغان ئەكسى ساداسى بىلەن ئارام تاپىمەن.

ئۇ گازۇرگاھ گۆرىستانىغا دەپنە قىلىنغان.

**سەييىد ئەبۇ ئىسھاق ئاستىرابادى** — قابىلىيەتلىك يىگىت ئىدى. مۇئامىلىسى ياخشى ئىدى. كۆڭلىگە ياققىدەك ئەخلاقى بار ئىدى. خوچان ۋىلايىتىنىڭ قازىسى بىر ئېشەك پارا بەرگىنى ئۈچۈن، ۋەزىر ئۇنى قازىلىققا تەيىنلىگەنلىكىگە قارىتا ئېيتقان بۇ قىتئەسى ناھايىتى مەشھۇر، قىتئە:

خوچاندىن كەلگەن بىر كىشى قازى بولۇش مەقسىتىدە شەھەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىراق قازى بولۇشىغا ۋەزىر رازى ئەمەس ئىدى. ئاخىرى بىر ئېشەكنى ۋەزىرگە پارا بېرىپ قازى بولدى. ئېشەك بولمىسا، قازى بولماس ئىدى.

ئۇنىڭ قەبرىسى ئاستىراباتتا.

**مەۋلانا مىر قەرشى** — سەمەرقەندتە تۇراتتى. بازاردا كىتابپۇرۇشلۇق دۇكىنى بار ئىدى. دۇكانغا شائىرلار ۋە ئالىملار يىغىلاتتى. مەۋلانا بۇ شائىر ۋە ئالىملارغا ئۆزىنى ئۇستاز دەپ ھېسابلايتتى. شىكايەت ھەققىدە بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

مۇھەببەت قائىدىسىدە ياردىن ئاغرىنىش يوق، ئۇنداق بولمىغىنىدا ئۇ ۋاپاسىزنىڭ قىلمىشىدىن كۆپ ئاغرىنغان بولاتتىم.

ئۇ «خەتائىي» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. سەمەرقەندـدە ئالەمدىن ئۆتۈپ، شۇ يەردە دەپنە قىلىندى.

مەۋلانا جەۋھەرى — سەمەرقەندلىك بولۇپ، سوپۇنخانا باشقۇرغۇچى ئىدى. سوپۇنخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر ھۇجرا ياسىغانىدى. ئەرۇز ئىلمىنى بىلەتتى. يەنە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرـجىمىھالى» ناملىق كىتابنى نەزم قىلىپ يېزىپ چىققانىدى. بۇ بېيىت شۇ كىتابتىن، بېيىت:

پەلەك ئۆز ئېتىغا مىنىپ چاپقاندا، ھەر بىر ئايغا بىردىن نالنى تاشلاپ كەتتى.

ئۇنىڭ قەبرىسى سەمەرقەندتە.

مەۋلانا خاۋەرى — سەمەرقەندلىك بولۇپ، قاداقچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بەدىھەنى راۋان ئېيتاتتى. خېلى تالانتى بار ئىدى. بۇ تەرجىبەند ئۇنىڭكى، ئۇنىڭ تەرجىبەندىنىڭ بەندى مۇنداق، بېيىت:

ئۇ مېنى گاھى چاغدا كالتەك بىلەن گاھى مۇشت بىلەن ئۇردۇ، ئويۇن قىلىپ ـ قىلىپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇ.

بۇ مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:



مەن پۈتۈن ئۆمرۈم بويى ھەۋەس بىلەن كۆڭۈلگە ئەگەشـتىم، ئۆمۈر ئۆتۈپ كەتتى. نېمە ھاسىل قىلغانلىقىمنى بىلمىدىم.

ئۇنىڭ قەبرىسى مەلۇم ئەمەس.

مەۋلانا ھەلۋائى — سەمەرقەندلىك بولۇپ، زېھنى ئوچۇق، ھازىر جاۋاب يىگىت ئىدى. ياشلىق دەۋرىدىلا ۋاپات بولدى. ئۆمرى قىسقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن سۆزىنىڭ شۆھرىتىمۇ ئاز بولدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەي زاھىد، دىلبەرنىڭ قېشىدىن ئىبارەت قىبلە بىز ئۈـچۈن ھەممىدىن ئەلا، سەن مەسچىت بىلەن بولىۋەر، تامنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇش سەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا.

مەۋلانا رىيازى — سەمەرقەندلىك بولۇپ، تەكەببۇر ۋە غەلىتە ئادەم ئىدى. غەزەلنى ئىنتايىن ياخشى ئېيتاتتى. كۆپ ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، سۆزلىرى كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە كىشى ئىدى. ھۆسنخەتنى يەتـتە خىل نۇسخىدا چىرايلىق يازاتتى. ئۇ ھەم موللا ھەم قارى بولۇپ «قۇرئان» نى يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇشنى بىلەتـتى، ھەم كاتىپ ھەم شائىر ھەم مۇتەپەككۇر ئىدى. ئىلىملەرـدىن ھېچنېمە ئۇنىڭغا مۇجمەل قالمىغانىدى. ھەر قانداق نەرسە خىيالىغا كەلسە، يازاتتى، ئېيتاتتى، تەدبىقلايتتى ۋە تېز ئىجاد قىلاتتى. بۇ ئۇقتىنى ئۇنىڭ تەخەللۇسىمۇ دەلىللەپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ مۇزىكا ئىلمى، نوتا ئىلمى، ئاسترونومىيە ئىلمى، ئەرۇز ئىلمى ۋە باشقا نۇرغۇن ئىلىملەرنىڭ ھېچقايسىسىدىن

ئېشىتىۋېتىشنى قالمىغانىدى. بۇ يارقىن مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ ھىلال قاشلىق دىلبەرنىڭ قۇلىقىدىكى ياقۇت بىر يۇلتۇزدۇر، ھۆسن - جامال جەھەتتىن قۇياشقا ياندىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئىككى مىسرادىكى پىكىرنىڭ ئۆزىئارا باغلىنىشلىق بولۇشى ئۈچۈن «كى» سۆزىنى قوشۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا پېقىر بۇ مەتلەئنى مۇنداق بولسا دېدىم، بېيىت:

ئۇ ھىلال قاشلىقنىڭ قۇلىقىدىكى ياقۇت ھۆسن - جامال جەھەتتە شۇنداق بىر يۇلتۇزكى، ئاي بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ.

ئىنساپ يۈزىسىدىن بۇنىڭغا قايىل بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. لېكىن ئۇ جېدەل قىلغىلى تۇردى. مەن سۈكۈت قىلىپ تۇردۇم. ئاخىرى بۇ ھەقتە ئۆز بۇرادەرلىرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشتى. مەۋلانا يەنىلا قوبۇل قىلمىدى. ئۇ سەمەرقەندتە ۋاپات بولدى.

مەۋلانا سەفائى — ئەندىجانلىق بولۇپ، سادda يىگىت ئىدى. ئەمما ساقال - بۇرۇت چىقمىغان يىگىتلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئامراق ئىدى. ئۆزىنىڭ ساددىلىقىغا قارىماي - قارشى ھالدا، ئۇنىڭ زېھنى ۋە تالانتىدىن بەزىدە ئاجايىپ گۈزەل ۋە رەڭدار شېئىرلار يۈزەگە چىقاتتى. ئۇنىڭ بۇ بېيىتى شۇ جۈملىدىندۇر، بېيىت:

چەۋەندازلىق پەيتىدە قارا رەڭلىك ئارغىمىقىڭنىڭ تاقىسى كىشىگە گويا ئادەملەر كۆز تىكىپ تۇرغىنىدا غايىب بولغان يېڭى ئاينى ئەسكە سالىدۇ.



ئۇ سەمەرقەندتە ۋاپات بولدى.

مەۋلانا يۇسۇپ — «بەدىئى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. ئۇمۇ ئەندىجانلىق ئىدى. مەۋلانا سەفائى بىلەن بىللە يۈرەتتى. پېقىر ئوقۇش ئۈچۈن سەمەرقەندكە بارغاندا، ئۇ ئەنىدىجاندىن كەلدى. سەمەرقەندتە ئىككىمىز ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇراتتۇق. يېشى كىچىكرەك بولغاچقا شېئىرلىرىدا خاملىق بولسا تۈزىتىپ بېرەتتىم. ئۇ تېزلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشنى ئىستەيدىغان، خىيالچان يىگىت ئىدى. خۇراسانغا كېلىپ كۆپ جەھەتتە قابىلىيەتكە ئىگە بولدى. پېقىردىن باشقا كىشى ئۇنىڭ شېئىرلىرى توغرىلىق ئېغىز ئاچالمايتتى. ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا قاراپ بەزى قىزىقچىلار ئۇنى «يۇسۇف سەفائى» دېيىشەتتى. ئۇ بۇ خىل ئۆزگەرتىلگەن تەخەللۇستىن بىئارام بولۇپ، خاپا بولاتتى. ئەمما سۆھبەتلىرى ياخشى ئىدى. خىلمۇ - خىل شېئىرلارنى ياخشى ئېيتاتتى. ئەرۇز ئىلمىنى بىلەتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

سېنىڭ كوچاڭ ئاشۇ ئاب - ھاۋاسى بىلەن مېنىڭ مەنزىلگاھىم بولىدىغان بولسا، ماڭا خىزىر سۈيى، ئەيسا نەپىسى دېگەنلەرنىڭ نېمە كېرىكى.

«مىر ئاتۇس — سەفا» (ساپلىق ئەينىكى) ناملىق قەسىدىگە نەزىرە قىلىپ يازغان بۇ بېيىت ياخشى چىقىپتۇ، شېئىر:

سوپى مەقسەت ئۈنچىسىنى ئىزدەپ ئۆزى ئىككى دەريانىڭ بىر لەشكەن جايىغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ياش تۆككۈۋاتقان ھەر بىر كۆز بۇلىقىدىن بىر دەريا ھاسىل بولغان.

ئۇ مۇئەمما رىسالىسى يېزىپ چىقىپ ئۇلىڭدا كۆپ ئىشلارنى قىپتۇ، «مەنسۇر» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

گويا دوستىنىڭ كېلىشىدى ئۆي نۇرلانغاندەك، ئۇنىڭدىن كۆزۈم ئۆيى نۇرلىنىدۇ.

سەرخېستە ۋاپات بولدى. مازىرى ھەزرىتى لوقمان خانىقاھىدا.

مەۋلانا خاكى — كۇسەۋلىق بولۇپ، خوجا كۇسەۋى (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولسۇن) نىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. دەرۋىش كىشى ئىدى، شېئىرمۇ ئېيتاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

ھەي ناز قىلغۇچى، بىز سېنىڭ موھتاجلىرىڭمىز، سېنى دەۋران ئاجايىپ بىر كۆڭۈل ئالغۇچى قىلىپ ئارتىپتۇ.

مەۋلانا لۇتفى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) — ئۆز زامانىنىڭ سۆز پادىشاھى (تىل ئۇستىسى) ئىدى، پارسچە ۋە تۈركچىدە تەڭدىشى يوق ئىدى. بولۇپمۇ تۈركچىدە بەكرەك شۆھرەت قازانغانىدى. ئۇنىڭ تۈركچە دىۋانى مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا تەقلىد قىلىش مۇشكۇل بولغان مەتلەئلىرى بار. بۇ مەتلەئ شۇلاردىن بىرى، شېئىر:

نازۇكلۇقتا ئۇنىڭ چېچى بېلىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا چېچى ئۆز ھەددىنى بىلىپ بېلىدىن تۆۋەندە ئولتۇرىدۇ.



يەنە بىرى تۆۋەندىكىچە، بېيىت:

سۆيۈملۈكۈم ئۆزىنىڭ چېچىلىپ تۇرغان چاچلىرى بىلەن مېنى ئۇۋۇ قىلىپ تۇتۇۋالدى. بويۇنۇمغا ئىككى غۇلاچ سالغۇ سېلىپ باغلىۋالدى.

«زەپەرنامە» نىڭ تەرجىمىسىدە مەۋلانانىڭ ئون مىڭ بېيىتتىن ئارتۇقراق مەسنەۋىيسى بار. ئەمما تېخى ئاققا كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ. ئۇ پارسچىدا قەسىدىگە ماھىر شائىرلارنىڭ تولىسىنىڭ قىيىن شېئىرلىرىغا جاۋاب يازغان.

مەۋلانا توقسان توققۇز يىل ئۆمۈر كۆردى. ئاخىرقى ئۆمرىدە «ئافتاب» دېگەن رادىپتا بىر شېئىر ئىجاد قىلغانىدى. زامان شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشىپ باقتى، ئەمما مەتلەئنى ھېچقايسىسى ئۇنىڭچىلىك ياخشى چىقىرالمىدى. ئۇ مەتلەئ تۆۋەندىكىچە، بېيىت:

ھەي، سېنىڭ تۈندەك قارا چاچلىرىڭدىن قۇياشتەك يۈزۈڭگە سايە يېتىدۇ. سېنىڭ چاچلىرىڭ تۈندە ئاي ئورنىغا قۇياش تۇغۇپتۇ.

ئۇ دۇنيادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا تۆۋەندىكى غەزەل مەتلەئىنى ئېيتتى. ئەمما تۈگىتىشكە پۇرسەت بولمىدى. ئۇ: «ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراھمان جامى) تۈگىتىپ ئۆزىنىڭ دىۋانىغا كىرگۈزۈپ قويسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلدى. ئۇ ھەزرەت ۋەسىيەت بويىچە تۈگىتىپ، ئۆز توپلىمىغا كىرگۈزدى. ئۇ مەتلەئ تۆۋەندىكىچە، بېيىت:

ئەگەر ئاشىقلارنىڭ كۆڭۈل ئىشى چىن كاپىرىغا چۈشسە،
بۇ ئاشۇ بەدخۇي رەھىمسىزگە چۈشكىنىدىن ياخشى.

مەۋلانا يىگىتلىك دەۋرىدە ئاساسىي بىلىملەرنى ئوقۇپ كامالەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مەۋلانا شاھابىددىن خىيابانى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ قېشىدا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىمۇ يول تۇتقانىدى. بۇ ئەزىز ۋە تەۋەررۈك كىشى ئىدى. بۇ مېنىڭ ھەققىمدە كۆپ دۇئا قىلغانىدى. پەرزىم شۇكى، ئۇلۇغ كىشى بولغاچقا، بەزى دۇئالىرى ئىجابەت بولدى بولغاي.

مەۋلانانىڭ قەۋرىسى شەھەر ئەتراپىدىكى بىر يېزىنىڭ چېتىدە ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندا.

مەۋلانا يەقىنى — مىجەزى ناھايىتى قوپال، ئۆز بېشىمچى كىشى ئىدى. تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى ئېيتاتتى. تۈركچە شېئىرلىرىدىن بۇ مەتلەئنى ناھايىتى پەخىرلىنىپ ئوقۇيتتى، بېيىت:

ئاھ، نادان يارنىڭ قولىدا جېنىمدىن تويدۇم، جانلارنىڭ ئاپىتى بولغان ئۇ جاپاكارنىڭ قولىدا داد ۋە پەرياد چەكتىم.

پارسچە شېئىرىدىن بۇ مەتلەئى يامان ئەمەس چىققان، بېيىت:

سەن قۇياشقىمۇ بىر نەپەس ھاۋا بەرمىگەن سۇبھى، مېۋىسىنى ھېچكىم يېيەلمىگەن كۆچەتسەن.



ئاخىرقى ئۆمرىدە ئەدەبسىز سۆزلەرگە تۆۋە قىلىپ، ئەھلى سالا كىشىلەر قاتارىغا ئۆتتى. ئۈمىدىمىز شۇكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغاندۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى دۇبەرادەران زاراتگاھىدا.

مەۋلانا ئاتايى — بەلختە تۇراتتى. ئىسمائىل ئاتا پەرزەنتلىرىدىن ئىدى. دەرۋىش سىپەت، خۇش خۇي ۋە ئوچۇق چىراي كىشى ئىدى. تۈركچە شېئىر ئېيتاتتى. ئۆز زامانىسىدە شېئىرلىرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كۆپ شۆھرەت قازاندى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ سەنەم سۇ قىرغىقىدا پەردەك ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئىنتايىن نازۇك بولغانلىقتىن، سۇ بىلەن قوشۇپلا يۇتسا بولىدۇ.

بۇ بېيىتنىڭ قاپىيىسىدە ئازراق نۇقسانى بار. لېكىن مەۋلانا ناھايىتى كۆپ تۈركچە شېئىرلارنى ئېيتاتتى. قاپىيە ئېھتىياتى بىلەن باغلىنىپ قالمايتتى. قەبرىسى بەلخ ناھىيىسىدە.

مەۋلانا مۇقىمى — ھىراتلىق بولۇپ، دەرۋىش سىپەت كىشى ئىدى، تەسەۋۋۇپ ساھەسىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى ۋە شۇ ساھەنىڭ ئاتالغۇ، تېرمىنلىرىغا مۇۋاپىق تۈركچە شېئىرلارنى يازاتتى. خېلى لەززىتى بار بىر تۈركچە تەرجىبەند ئېيتقانىكەن، تۆۋەندىكى بېيىت ئۇنىڭ بەندى، بېيىت:

بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەسلىسى سەن، سەندىن باشقا مەۋجۇداتقا نېمە مەۋجۇتلۇق بولسۇن.

**مەۋلانا كامالى** — بەلخلىق بولۇپ، كوھىساپتا تۇراتتى. تۈركچە يازاتتى. شېئىرلىرى ۋە ھۆسن خەتلىرى شۇ ئەتىراپتىكى خەلقلەر ئارىسىدا شان-شۆھرەتتىن خالى ئەمەس ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ھەي جېنىم، شېكەر قۇمۇشى سېنىڭ لېۋىڭنىڭ بېلى باغلاقلىق قۇلى، گۈل بولسا يۈزۈڭنىڭ ياماق تونلۇق چاكىرى.

ئۇنىڭ قەبرىسى كوھىساپتا.

**مەۋلانا لەتىفى** — ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىدى، ئەمما، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ خېلى قابىلىيەتلىك ئىكەن، كىچىك يېشىدىلا ۋاپات بولغاچقا سۆزى ئاز قاپتۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

لېۋىڭنىڭ شېكىرى گاھ ئاقىدۇ، گاھى تامىدۇ، ئاققان، تامغانلىرىدىن بىزگە ھېچ نەرسە تەگمەمدۇ؟

بۇ بېيت گەرچە ساددا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى قەيەردە ئىكەنلىكىمۇ نامەلۇم.

**مەۋلانا سەككاكى** — ماۋارەئۇننەھرلىك. سەمەرقەند ئەھلى ئۇنىڭغا كۆپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ۋە ئۇنى ئىنتايىن تەرىپلىشىدۇ. ئەمما پېقىر سەمەرقەندتە چاغدا ئۇنىڭ تالانتىنىڭ نەتىجىسىدىن ئاڭلاي، دەپ، تەرىپ قىلغۇچىلاردىن ھەرقانچە سورۇشتۇرغەن بولسامۇ، لېكىن تەرىپلىگەنچىلىك بىر نەرسە تېپىلمىدى. بۇ يەردە «مەۋلانا لەتىپىنىڭ بارلىق ياخشى



شېئىرلىرى ئەسلىدە سەككاكىنىڭ ئىدى. ئوغرىلاپ ئۆز نامىغا قىلىۋاپتۇ» دېگەندەك ئېتىقادسىز ئۆسەك سۆزلەر ئېقىپ يۈرىدۇ. ھەممىسى تۆۋەندىكى مەتلەئنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ دەپ تەرىپلىشىپ ئوقۇيدۇ، بېيت:

ھەي كۆزلىرى سېھىرلىك شوخ گۈزەل، بۇ قانداق ناز، قالداق قىلىق! بۇخىل گۈزەل ھەرىكەت ۋە رەڭ كەكلىك ۋە تۇزدىمۇ يوق، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ ماۋارەئۇننەھر تەرەپتە.

**مىرزا ھاجى سوغدى** — سەمەرقەندلىك بولۇپ شۇ يەرنىڭ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىدىن ئىدى. بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ زېھنى ۋە قابىلىيىتىدىن ئاجايىپ شېئىرلار چىقىپ قالاتتى. بۇ بېيتنىڭ خېلى سۆز رەڭدارلىقى ۋە لەززىتى بار، بېيت:

باغۋەن قامىتىڭنى سەنۇبەر دەرىخىگە ئوخشاتتى، ئۇ بىچارە ئېلىپتىن تاياقنى بىلمەيدىكەن.

مۇشۇ بىرلا مىسالنى ياخشى باغلاشتۇرغىنى ئۈچۈن، تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاندۇ دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ئۇنىڭ قەبرىسى ئۆز يۇرتىدا.

**نۇر سەئىدبەگ** — خارەزىملىق. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە قانچىلىك قابىلىيەت ۋە گۈزەللىك بارلىقىنى شېئىرلىرىدىن بىلسە بولىدۇ؛ ئوقۇغانلار بىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

بۇ دۇنيادا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئالغۇچىمىز پەقەتلا سەن، سەندىن يالغۇز بىرگىنە قىيا بېقىشىنى يالۋۇرۇپ سو-رايمىز، خالاس.

ئۇنىڭ قەبرىسى مەرۋىدىكى خوجا يۇسۇپ ھەمەدانى (ئۇ-نىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ مازىرى يېنىدا.

**پەھلىۋان ھەسەن** — «دىۋانە» دېگەن سۆزنى تەخەل-لۇس قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ قەلەندەر سۈپەت ۋە ناھايىتى كۆپ ئىچىدىغان كىشى ئىدى. ئەمما نامراتلىقىمۇ بار ئىدى. يېقىملىق مىجەزدىن ۋە ئىقتىداردىن خالى ئەمەس ئىدى. نەز-مىمۇ ئېيتاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سەن جەننەت دەرىخىدەك سەرۋى ھەم شەمشاد بويلۇق-سەن. مەن سېنىڭ قامىتىڭنى قانداق تەرىپلەي؟ قىيامەتسەن.

ئۇ قاراباغدا ئۆلتۈرۈلدى.

**مەۋلانا سانئى** — باخەرزلىك بولۇپ، كۆپرەك مەسنە-ۋى يازاتتى. ھەزرىتى ئابدۇراھمان جامىنى تەرىپلەپ يازغان مەسنەۋىيسىدە مۇنداق ئىككى بېيىت بار، مەسنەۋى:

ئۇ دائىم ساڭا دەۋا قىلىدۇ، لېكىن ئۇ بىمەنە دەۋانى قىلىدۇ. سېنىڭ مېۋەڭ سەمەرقەند ئالمىسىدەك تاتلىقۇ، لېكىن ئۇنىڭكى بەلخ ئالۇچىسىدەك ئاچچىق.

ئۇ ئەسلىدە ۋەزىر ئىدى. باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى



ۋە نەپسىنىڭ يامانلىقى سەۋەبىدىن پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، ئۆلتۈرۈلدى. قەبرىسى ئۆز كەنتىدىكى زىرىھ دېگەن يەردە.

**خوجا مۇسەيىب** — ئۇنىڭدىن ئاجايىپراق كىشى يوق ئىدى. ئۇمۇ ۋازارەتنىڭ بىخوتلۇقىدىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمان-لارغا زۇلۇم قىلىشقا بەل باغلىغانىدى. ئۆزى تەقدىرنىڭ غە-زىپىگە ئۇچراپ خەلق ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلدى.

قەبرىسى ھىراتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۆمۈر ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن مەن غەپلەتتە شۇ قەدەر قاتتىق مەستمەن. مەر ئۆمرۈمدە قايتا بۇزمىغان تۆۋىدىن بىر قېتىممۇ قىلىپ باقمىدىم.

**مەۋلانا بىلالى** — چېقىشقاق ۋە شېرىن سۆزلۈك كىشى ئىدى. تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى ياخشى يازاتتى. بۇ تۈركچە مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

جان ۋە كۆڭلۈمنى جاپا - مۇشەققەت ئوتى بىلەن كۆيدۈردىڭىز، مەن شۇنداق كۆيۈپ كۈل بولدۇم، سىز مەندىن كۆڭلىڭىزنى تىندۇردىڭىز.

ئۇ ھىراتتا ۋاپات بولدى. قەبرىسى خوجاتاق گۆرىستانىدا.

**مىر سەئىد** — ئەل ئارىسىدا «كابولى» دېگەن لەقەم

بىلەن مەشھۇر، ئۇ مېنىڭ ئاغام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى ئىدى. تۈركچىگە كۆپرەك مايىل ئىدى، بۇ تۇيۇق ئۇنىڭدىكى، تۇيۇق.

ئەي دوستلار، ئەگەر ياز پەسلىگە يېتىشسىڭىز، گۈل تۈۋىدە خۇمار بولۇشقا باشلايسىز. ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم قەبرەمنىڭ تېشىغا «بىر شوخ گۈزەل ئەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى» دەپ يازارسىز.

سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ قولىدا، سەرەخس قورغىنىدا شېھىت بولدى. قەبرىسى سەرەخس شەھىرىدە.

**مۇھەممەد ئەلى** — «غەرىبى» سۆزىنى تەخەللۇس قىلاتتى. بۇمۇ پېقىرغا تاغا بولاتتى ۋە مىر سەئىد كابۇلىنىڭ ئىنىسى ئىدى. چىقىشقاق، خۇش سۆھبەت، خۇش خۇي، تالانتلىق ۋە دەردمەن يىگىت ئىدى. كۆپلىگەن سازلارنى ياخشى چالاتتى. ئاۋازى ۋە ئۇسسۇلى ياخشى ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى. تۈرلۈك خەتلەرنى چىرايلىق يازاتتى. گەرچە پېقىر ۋە ئۇرۇق-جەمەتلىرىم سۇلتان ساھىبقىراننىڭ سىنالغان چاكارلىرى ۋە مىراس قالغان خىزمەتكارلىرىدىن بولساقمۇ، لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىقتىدار ۋە سالاھىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئۇ ھەزرەت (سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا) نىڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت كۆزلىرى باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭغا بەكرەك چۈشەتتى. بۇ تۈركچە مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئەگەر سەن ماڭا دىلبەر ۋە دىلخاھ بولساڭلا، دەرد-ئەھۋالىمدىن مەيلى خەۋەر ئال، ياكى خەۋەر ئالما، ھېچ غېمىم يوق.



بۇ پارسچە مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەي جانان، سېنىڭ خەستە كۆزلىرىڭ مېنى دائىم ناتىۋان قىلسا، جان بېغىشلىغۇچى ياقۇت لەۋلىرىڭ جېنىمنى قەستلەيدۇ.

ئۇ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ خىزمىتىدە ۋاقتىدا مۇساپىرلىقنى ئىختىيار قىلىپ، سەمەرقەندتە قالغانىدا، ئاكىسىنىڭ قاتىلى (سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا) ئۇنىمۇ شېھىتلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدى، قەبرىسىنىڭ قەيەردىلىكى مەلۇم ئەمەس.

**دەرۋىشبەگ** — مىرزا ئەلى ئۈيگۈ تېمۇرنىڭ ئوغلى بولۇپ، نەسەبى ئۆز-ئۆزىدىن ئالەم ئەھلىگە ئاشكارىدۇر. ياخشى خىسلەت ۋە ئەمەللىرىمۇ ئۆز نەسەبىگە لايىق بۈيۈك ئىدى. نەسەب ۋە ھەسەب بىلە زىننەتلەنگەن يىگىت ئىدى. تالانتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سېنىڭ شېھىتلىرىڭنىڭ قەبرىسىگە قاراپ باق، ئۇلار زۇلمىڭ قۇربانىدۇر، ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە يۈرەكىنىڭ ئوتى ۋە سېنىڭ ئوقۇڭ بىلەن توغ تىكلەنگەندۇر.

ئۆز تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭدەك تالانتلىق كىشى يوق ئىدى. ئەپسۇس، يۈز ئەپسۇسكى، تاشكەنت يۈرۈشىدە زايا بولغانلار ئارىسىدا ئۇمۇ تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇ گوياكى يوقلۇق كەلكۈنى ئىچىدە غەرق بولدى. قەبرىسى مەلۇم ئەمەس.

**مىرزابەگ** — ئىنسانىيەتلىك ۋە گۈزەل ئەخلاق جە-

ھەتتە خۇراسان ۋە سەمەرقەند مەملىكىتىدە يېگانە كىشى ئىدى. ئۇ پەم-پاراسەت، ئىقتىدار جەھەتتە بولسۇن ياكى ئوق ئېتىش، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشتا بولسۇن، بۇ ئىككى مەملىكەت يىگىتلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇراتتى. زېھنى ۋە مەنە خەزىنىلىرىگە باي ئىدى. بەلكى بۇ خىل ماختاشلارغىمۇ ئېھتىياجى يوق ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆزۈڭ نېمە بالادىنكىن، قارا بولۇپتۇ، خۇددى جانىڭغا قارا بالا بولۇپتۇ.

بۇ شېئىر ئىككى قاپىيەلىك بولۇپ، ئۇنىڭ قاپىيەلىرى سۆز ئويۇنى قىلىپ، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تۈزۈلگەچكە، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش مېنىڭ ئالدىمدا قىيىن ئىشلاردىندۇر. گەرچە ئۇنىڭ تىلىغا بۇ خىل بېيىتلار كۆپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز پەرۋا قىلمايتتى، بىرەر يەرگە يېزىپمۇ قويمايتتى. بۇ مەتلەئنىڭ ئاخىرىنى يېزىپ تۈگىتىپ ئۇنىڭدىن يادىكار قالغان توپلىمىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم. ئەپسۇس، يۈزمىڭ ئەپسۇس ئېسىت، يۈزمىڭ ئېسىتكى، ھاياتلىق بۇلىقىدىن قېنىپ ئىچەلمىدى ۋە ئۆمۈر كۆچىتىدىن بىر مېۋە يېيەلمىدى. ئۇنىڭ مازارى سەمەرقەندتە ئەھمەد ھاجىبەگ (تەڭرى ئۇنى ئامان قىلسۇن) نىڭ مەدرىسىسىدە تەييارلانغان يەرلىكتە. ئىلاھىم، ئۇنىڭ ئورنى جەننەت بېغىدا بولسۇن، پىردەۋس ئەلادا ئورۇنلاشسۇن.

سەيىد ھەسەن ئەردەشىر - خۇددى مىرزابەگ ماڭا ۋە ئۇنىڭغا پەرزەنت ئورنىدا بولغىنىدەك، ئۇ ماڭا ئاتا ئورنىدا ئىدى. مەن تۈرك ۋە تاجىكلار ئارىسىدا ئۇنىڭدىن



مۇكەممەلرەك كىشىنى كۆرمىدىم. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئاساسىي ئىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەنىدى. ئەمما يوقسۇللۇق تەرەپكە مايىل ئىدى. تەسەۋۋۇپتا تالانتى يۇقىرى ئىدى. پادىشاھلار ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى يىراق تارتتى. لېكىن سۇلتان ساھىبقىران بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىپ مەرھەمىتىنى ئايىماي ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتتى ۋە زور تەربىيەلەرنى قىلدى. بىراق ئۇنىڭ مىجەز-تەبىئىتى يوقسۇللۇق تەرەپكە مايىل بولغانلىقتىن، ئاخىرى يەنە شۇ تەرەپنى ئىختىيار قىلدى ۋە يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنىپ ئۆتكەن مۇرشىدى زامان ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد تەبەركانى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولسۇن) نىڭ خىزمىتىدە يول تۇتتى. قىرىق كۈنلۈك ئېتىكاپلاردا ئولتۇرۇپ، كۆپ مەنىۋى مەقسەتلەرنى ھاسىل قىلدى. ھەر ئىككىلا تىلدا بەزىدە نەزم ئېيتاتتى. بىغەم، بىپەرۋا چاغلىرىدا، ئۇنىڭ ئۆيى خاراباتىيلارنىڭ يىغىلىدىغان ئورنى ئىدى ۋە بۇنداق ئىشنى ھېچكىم ئۇنىڭدىن ياخشىراق قىلالمىدى. شۇ ۋاقىتلىرىدا بۇ قىتئەنى ئېيتقانىدى. بېيىت:

تاڭ پەيتىدە دىلئارام بىلەن بىللە تولدۇرۇلغان قەدەھلەردىكى شارابنى سۈمۈرۈشتىن ۋە ھەر ئىككىلىمىز غۇنچىگە ئوخشاش بىر تار كۆڭلەك ئىچىدە ئىرمىشىپ-چىرمىشىپ قۇچۇشمىقىمىزدىن يېقىملىقراق نېمە بار؟

ئەمما ئۇ تەقۋادارلىق ۋە زاھىتلىق مەزگىلىدە ئېيتقان بۇ تۈركچە بېيىتمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئەي تەڭرىم، ئىمان ۋە مەرىپەت نۇرىدىن كۆڭۈلگە بىر

ساپلىق (پاكلىق) بەرگىن، چۈنكى ئۇ كۆڭۈل گۈناھ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئەھۋالى خاراب بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

ئۇنىڭ مۇبارەك قەبرىسى مىيانى دۇجۇيدا يەنى گازۇرگاھ يولىدىكى ئۆز ئاتىسىنىڭ گۈمبىزىدە بولۇپ، ئەزىزلەر تۇپىغا قوشۇلدى.

## ئىككىنچى مەجلىسنىڭ خاتىمىسى

ئۆز تالانتلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن ۋە زېھنلىرىنىڭ شارابىدىن ئالەم ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى شاد ۋە خۇش كەيىپ قىلغان بۇ ئەزىز ۋە بۈيۈك سەنئەتكارلارغا ئۇلۇغ تەڭرى جەننەتتىن ئورۇن بەرسۇن؛ جەننەت بېغىدا ئۇلارغا راھەت ۋە ئاراملىق ئاتا قىلسۇن؛ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ تۇرمۇشىغا ئۇلارنىڭ روھلىرىدىن مەدەت ۋە ھېسابسىز شاد - خۇراملىق يەتكۈزسۇن.

رۇبائىي:

مەرتىۋىسى پەلەكتەك يۈكسەك، دۈشمەنلىرى تۇپراقتەك خار بولغان بۇ پادىشاھقا ئۇ ئەزىزلەرنىڭ روھلىرىدىن مەدەتكارلىق يەتسۇن، ھەر ئىشتا تەڭرى يار بولسۇن.



# ئۈچىنچى مەجلىس

**شۇنداق كىشىلەر ھەققىدە سۆزلىنىدۇكى، ھازىر زامان سەھىپىسىدە مەنە قىزلىرى ئۇلارنىڭ نازۇك تەبىئەتلىرىدىن تۇغۇلغان نەزم كىيىمىنى كىيىشىدۇ. نەزم لىباسى ئۇلارنىڭ چوڭقۇر زېھنلىرىنىڭ گۈللىرىدىن سەنئەت، گۈزەللىك، نەپىسلىك ۋە روشەنلىككە ئېرىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بەزمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولغانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن ۋە بەزمىلىرىنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىم ئۈچۈن خۇشالمەن.**

شۇ جۈملىدىن بىرى بىر قۇياشكى، ئۇنىڭ ئالەمگە زىننەت بەرگۈچى پىكىرلىرى بىلەن بۇ زامان ئىپتىخارلىنىدۇ ۋە زامان ئەھلى چەكسىز شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇ بىر دەرياكى، ئۇنىڭ چەكسىز تالانتىدىن ھاسىل بولغان جەۋھەرلەر بىلەن دەۋران يانچۇقى گۆھەرگە تولىدۇ، دەۋران ئەھلىنىڭ قوينى ۋە ئېتەكلىرى جاۋاھىرلار بىلەن توشىدۇ.

**ھەزرىتى مەخدۇمى شەيخۇل ئىسلام مەۋلانا نۇرىددىن ئەبدۇررەھمان جامى - تاكى جاھان مەۋجۇت**

بولۇپ تۇرسىلا، ئۇ زاتنىڭ يورۇق دىللىرىنىڭ نەتىجىلىرى جاھان ئەھلى ئۈچۈن كەم بولمىسۇن. پەلەك چۆگىلەپ تۇرسىلا ئۇنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللىرىنىڭ پايدىلىرى دەۋران خەلقى ئۈچۈن ئۆكسۈمىسۇن. بىز بۇ قىسقا كىتابچىدا بايان قىلىنغان جامائەتنىڭ باش رەئىسى ئاشۇ ئۇلۇغ زات ۋە بۇ رىسالىدە يېزىلغان گۇرۇھنىڭ پېشىۋاسى ئاشۇ تەڭدىشى يوق گۆھەر بولغانلىقتىن، مۇبارەك ئىسىملىرى بۇ ۋاراقلاردا قەيت قىلىنمىسا بولمايدۇ ۋە يېزىلمىسا كۆڭۈل ئۇنىمايدۇ. شۇڭا جۈرئەت قىلىندى، ئۇ زاتنىڭ يېقىملىق نەزمىلىرى شۇ قەدەر كۆپ بولغانلىقتىن، قىسمەنلىرى يېزىلىدۇ ياكى ئەلگە مەلۇم بولسۇن ئۈچۈن بىر ئاز قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ زاتنىڭ كىتابلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلسىمۇ بۇ ۋاراقلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئىجادىيەت خەزىنىلىرى تولۇق بايان قىلىنسا جاھان دېڭىزى تېشىپ كېتىدۇ. ئامالسىز، بۇ مەنە بىلەن ئىشارەت قىلىنىدۇ ۋە دۇئا بىلەن تاماملىنىدۇ. رۇبائىي:

ئەي تەڭرى، بۇ مەنەلەر خەزىنىسىنىڭ دېڭىزى، ئىلىم-مەرىپەت ۋە پەزىلەت گۆھەرلىرىنىڭ كانى بولغان بۇ زاتنى ئالەم ئەھلىنىڭ جېنى قىلدىڭ، ئەمدى جاھان خەلقىگە بۇ ئەزىز جاننى داۋاملىق بەخش ئەتكىن.

ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرى شۇكى، خوجا مەھمۇد تاياپادى ئوتتۇز يىللاپ ئۇ ھەزرەتنىڭ خاس خىزمەتكارى بولغانىدى. بىراق ئۇ ھەزرەتنىڭ نەزمىلىرىدىن بىرەر بېيىتنىمۇ بىلمەيتتى. بىلگەن تەقدىردىمۇ نەزمىلىرىدىن ئەمەس، ھەتتا نەسرلىرىدىنمۇ بىرەر ھېكمەتنى سېزەلمەيتتى. سەزگەن تەقدىردىمۇ، ئەقلىگە ئۇيغۇن ھالدا سۆزلەپ بېرەلمەيتتى.



بارىكاللا، قابىلىيەت دېگەن شۇنچىلىك بولار. ئۇ ھەزرەت يىللار بويى ئۇنىڭ بەدخۇيلۇقىنى كۆرۈپ، ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، كۆڭۈل ئاغرىتماي كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىگە مۇنۇ بېيىت ماس كېلىدۇ، بېيىت:

ھەي يولۇچى، شۇنى بىلگىنىكى، قەھر-غەزەپ مەزگىلىدە قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈش ئاسان بىلىنىدۇ، تۆگىنىڭ ئاغزىغا قۇرۇق يانتاق خورمىدەك تاتلىق تۇيۇلىدۇ.

مەۋلانا ئاسەفى — ئۇنىڭ ئاتىسى زامانىمىز پادىشاھىنىڭ ۋەزارەت مەھكىمىسىدە مۆھۈردارلىق قىلاتتى. ئۆزىنىڭ تالانتىمۇ ماختىغۇدەك دەرىجىدە بار ئىدى. خاتىرە كۈچىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. لېكىن ئۇ يا تالانتىنى، ياكى خاتىرە كۈچىنى ئىشقا سالمايتتى. يېتىم سۈپەتلىك، گۈزەل سۈرەتلىك، ئۆزۈمچىللىك بىلەن ۋاقىتلىرىنى زايا قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىرى كۆپ، ئېيتىپ كەلسەك سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئۇ پەقەتلا نەسىھەت قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ناھايىتى چېچىلاڭغۇ، پەرىشان يۈرىدۇ. ياخشى بېيىتلىرى بار. ئەمما بۇ مەتلەئى ناھايىتى مەشھۇر، بېيىت:

ئىسلام مۇپەتتىشى مەيخانىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەي قاچىمىز ئۆرۈلۈپ تاشلىنىشتىن ئامان قالدى. بېشىمىزغا بىر بالا-قازا كېلىۋىدى. لېكىن ياخشىلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ تۈركچە مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

بۇ بالا-قازالارنى كۆزۈمدىن تېپىۋالدىم، شۇڭا بۇنى

ئۇ جانغا ئارام بەرگۈچى دىلبەردىن كۆرمىدىم. ھەممە يامانلىقلارنى ئىككى كۆزۈمدىن كۆردۈم، ئۇنىڭدىن كۆرمىدىم،

«بەھمەن» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمماسى ياخشى چىقىپتۇ، مۇئەمما:

ھەي، جاھان سەردارلىرى سىنىڭ ئىتىڭنىڭ تۇيىقىغا باش قويىدۇ. جاھان سەردارلىرىنىڭ بېشى سىنىڭ ئالدىڭدا تۆۋەندۇر.

خۇدا خالىسا ئۇ توغرا يولغا كېلىپ قالار.

ئەمىر شەيخىم سۇھەيلى — خۇراسان مەملىكىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىدىن بولۇپ، كىچىك يېشىدىن باشلاپ ئۇنىڭدا تالانتىنىڭ بەلگىلىرى ۋە زېھنىنىڭ نامايەندىلىرى كۆپ ئاشكارىلىنىپ تۇراتتى، گۈزەل ئەخلاق ۋە يېقىملىق خۇي-پەيلى ئۇنىڭ مىجەزىدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا خىزمىتىگە كېلىپ مەخسۇس مۇلازىم بولغان ۋە شېئىرلىرى كىشىلەر ئارىسىدا شۆھرەت قازانغانىدى. ھالا يىگىرمە يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بېرى سۇلتان ساھىبقىراننىڭ خىزمىتىدە، ئۈستۈن مەنسەپلەرگە ۋە ئەلا مەرتىۋىلەرگە سازاۋەردۇر. ئۇ ھەتتاكى، مەملىكەت ۋە مالىيە، بەلكى سەلتەنەتنىڭ بارلىق مەسلىھەت ۋە خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشى زۆرۈر بولغان ئىشەنچلىك كىشى بولۇپ، ئەمىرلىك زىلچىسىدا ئورۇنلاشماقتا ۋە پادىشاھقا يېقىنلىق تەختىدە ئولتۇرماقتا. ئۇ ھېچ بولمىغۇر ئىشقا مۇناسىپ ۋە ياراشماس ئەيىبكە دۇچار ۋە ئەيىبدار ئەمەس. بۇ مەملىكەتكە ئۇنىڭ خىزمەت ۋە تەرتىپ-ئىنتىزامى چوڭ بولدى. نەزمىدىمۇ



ئىشلىرى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ «ھەيبەتنامە» قەسىدىسىنىڭ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

شۈكرى، ئەي كۆڭۈل، يەنە يۈزلىگەن زىبۇ-زىننەت ۋە گۈزەللىك بىلەن بېزەلگەن بايرام گۈزەللىكنىڭ بويىنى يېڭى ئاينىڭ قويىنىغا كىردى.

بۇ غەزەل مەتلەئىمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆڭلى سۇنۇق، ھالى پەرىشان ئاشىقنى ئۆلتۈرمە، قانات قۇيرۇقى سۇنغان قۇشقا زۇلۇم ۋە جاپا تېگىشىنى ئېيتىپ نېمە قىلىسەن؟

بۇ مەتلەئىمۇ يامان ئەمەس چىقىپتۇ، بېيىت:

قەددى-قامىتىڭگە قاراپ، دائىم نالىزار قىلىمەن، بۇ بالا دەرىخى دىۋانىلىك مېۋىسى بەرمىسىدى دەپ ئەنسىرەيمەن.

«لەيلى-مەجنۇن» ناملىق داستانىدا لەيلىنىڭ زەئىپ ئەھۋالىنى تەرىپلىگەن بۇ بېيىتمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ ھالسىزلانغانلىقتىن زىناقلىرى ئۆتكەنكى يىلدىن قېپىقالغان ئالمىغا ئوخشايتتى.

ئۇ گەرچە تۈركچە شېئىر بىلەن ئاز شۇغۇللانسىمۇ، لېكىن، ھەر ھالدا بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

زاھىدلار مېنىڭ تامچە-تامچە ياش ئىچىدە قالغان بۇ

جىسمىم رىشتىسىنى كۆرگىنىدە ھەيران بولۇپ، «سۇبھانالللاھ» دېيىشىدۇ.

ئۇنىڭ ئاۋۋالدىن ئاخىرغىچە پېقىر بىلەن ئىلتىپاتى، بىرلىك ۋە دوستلۇقى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇندىن ئارتۇق تەرىپلەش ئۆزۈمنى تەرىپلىگەندەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قىسقارتىلدى، ئۇنىڭ كەلگۈسى ياخشى بولسۇن.

مەۋلانا سەيفى - بۇخارالىق بولۇپ، ئۇ يەردىن ھىراتقا كەلدى. كۆپىنچە دەرسلىك تەرتىپى بويىچە ئوقۇلىدىغان كىتابلارنى كۆردى ۋە ئىلىم ئۆگىنىش جەريانىدا شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۆھرەت قازاندى. مەسىلەرنى ناھايىتى ياخشى ئېيتاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ئەي كۆڭۈل، جانانىمىنىڭ نازۇك بەللىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلىدىڭ. بۇنىڭ بىلەن جىسمىنىڭ نازۇك جايلىرىنى تىلىغا ئېلىپ، ياخشى سۆزلىدىڭ.

ئۇ سەنئەتكارلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدىمۇ نۇرغۇنلىغان گۈزەل شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بۇ ساھەدە ئۇ ئىجادكاردۇر. بۇ مەتلەئ شۇلاردىن بىرى، بېيت:

مېنىڭ ئۇ پەردازچى گۈزىلىم كۆپ كىشىلەر بىلەن چىقىشىدۇ - يۇ، مەن خەستىنىڭ ئەھۋالىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

ئۇ مۇئەممما رىسالىسىمۇ يازغانىدى. «قەبۇل» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممامۇ ئۇنىڭكى، بېيت:



كۆڭلۈم ھەر نەپەستە جانانىنىڭ چېچى تەرەپكە ئېغىپ تۇرىدۇ. پىكىر - خىيالىمنى قانچە يىغاي دېگەنسېرى شۇنچە چېچىلىپ تۇرىدۇ.

مەۋلانا ئەقلى ھوشى جايىدا ۋاقتىدا ناھايىتى ئادەمسۆيەت، ئەدەب - ھايالىق يىگىت ئىدى. ئەمما، كەيىپلىك ۋاقتىدا تامامەن ئۆزگىچە ماھىيەتكە ئىگە، رەسۋا نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. تۆۋە قىپتۇ دېگەن ئۇچۇر بار. شۇ تۆۋىسىدە تۇرۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەۋلانا ئانباسى - ئوتتۇراھال كىشىلەردىن بولۇپ، ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلغان. ناھايىتى يۇقىرى قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى. ئاۋۋال ئىلىم ئوقۇشقا مەشغۇل بولدى. بۇ ئىشتا ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ئوقۇشنى تېزلا تاشلىۋېتىپ، خەتتاتلىققا ئىشتىياق باغلىدى، ئاز پۇرسەتتە ئوبدان يازىدىغان بولدى. ئاندىن ئۇ مۇزىكا ئىلمىگە مايىل بولدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى نوتىسى بىلەن ئۆگىنىپ، خېلى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. نوتا ھەققىدە رىسالىمۇ يازدى. ئەمما غەلىتە ۋە خىيالپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن ئەل كۆزىگە ياخشى كۆرۈنەلمىدى. بۇ سەلبىي سۈپەتلىرى ئۈچۈن دەرۋىشلىك يولىنى ئىختىيار قىلدى. كۆپ رىيازەتلەرنى تارتتى. ئۇنىڭ ئۇستازى بولمىغاچقا، ھەممە ئىشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلغان بولغاچقا، ھېچ پايدىسى بولمىدى. ئەلنىڭ تەنە دەشناملىرى سەۋەبىدىن ھىراتتا تۇرالماي، ئىراققا باردى، ئۇ يەردىمۇ يەنە شۇ خىل ئاۋازلارنى ئەۋەتتى. ئەمما قابىلىيەتلىك يىگىت ئىدى. كۆپ غېرىبلىق تارتتى. كۆڭلى كۆپ ئازار يېدى. پەرىزىمىزچە

ئۇنىڭ ھاياتىغىمۇ شىكەستە يەتكەن بولسا كېرەك، قانداقلا بولمىسۇن بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەر كىشى سۇرمە بىلەن مېنىڭ يارىمىنىڭ كۆزىنى قارا قىلغان بولسا، مېنىڭ تىرىكچىلىك كۈنلىرىمنىمۇ خۇددى ئاشۇ سۇرمىدەك قارا قىلغان بولىدۇ.

مەۋلانا كامى — ئوبەلىك بولۇپ، كىچىك يېشىدىن باشلاپ مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشى ئۇنى تەربىيىلىدى. ئۇنىڭ سەۋىيىسى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، مەۋلانا ئۇنىڭ ساۋىقىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماي، ئېخىمۇ كاتتىراق دانىشمەنلەرنىڭ تەربىيىلىشىگە تاپشۇردى. ئۆزى سائادەتمەن يىگىت بولغاچقا، ئوقۇشقا ناھايىتى كۆپ تىرىشتى. ئۇ ھازىرمۇ ناھايىتى ياخشى تالىبى ئىلىمدۇر. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبلىك، كەمتەر ۋە ئىنسانىيەتلىك يىگىت بولۇپ، مەۋلانا بەدەخشىگە ھەقىقىي پەرزەنت شۇدۇر. شېئىر ۋە مۇئەممانى ياخشى ئېيتىدۇ ۋە جاۋابىنى ياخشى ئاچىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەركىشى ئۇ سەرۋى بويلۇقۇمنىڭ سەللىسىنىڭ ئۇچى بىلەن بىزەنسە، باشقا باغلاردىن ياسىمەن گۈلىنى تېرىپ نېمە قىلىدۇ.

«نۇئمان» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممامۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

يارنىڭ گۈلىستانىدىن بىر گۈلنى كەلتۈردۇم، ئۇ: «گۈلنىڭ يوپۇرمىقىدىن مېنىڭ ئىسمىمنى چىقىرىۋالغىن» دېدى.



ئۇنىڭ تېز پۇرسەت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەۋلانا ئالىم — دانىشمەن كىشىدۇر. ئۇ دەرس ئېيتىش ۋە شەرھلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شېئىرىيەتتىمۇ يۇقىرى تالانتى بار. بىر كۈنى مەۋلانا بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىر مەسىلە توغرىسىدا ئەرز قىلدى ۋە ئۆز مۇددىئاسى بويىچە بىر پارچە ئەرز خەتمۇ يېزىپ دىۋان بېشىغا تۇتتى. دىۋان بېشى بۇ ئىشنى ئوردىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى خوجا مەجدىددىن مۇھەممەدكە ھاۋالە قىلدى. مەۋلانا ئەرزىسىنى خوجا مەجدىددىنگە بەردى. خوجىنىڭ كۆڭلى مەۋلانانىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدە ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ سۇنغان قەغىزىنى ئوقۇمايلا پۇرلەشتۈرۈپ تاشلىدى — دە، مەۋلاناغا قارشى تەرەپتىكىلەرنى ياقلىدى. مەۋلانا بۇ بېيىتنى شۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئېيتتى، بېيىت:

خوجا مەجدىددىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى يوق قىلدى، قەغىزىمىزنى ئوقۇپمۇ قويمىدى، شۇ كۈنى پۇل ھەممىنى يوققا چىقاردى.

ئۇنىڭ بۇ بېيىتى تېزلا شۆھرەت قازاندى. بۇ مەتلەئمۇ، ئۇنىڭكى، بېيىت:

يولۇڭدا گوياكى قەلەمگە ئوخشاش توختىماستىن بېشىم بىلەن مېڭىپ كەلمەكتىمەن، ھەي ئاي يۈزلۈك، خېتىڭ بىلەن مەن ئۈچۈن سېھرگەرلىك يوللىرىنى تۈزدۈڭ.

مەۋلانا ھەسەنشاھ — خۇراساننىڭ پېشقەدەم شائىرلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ شاھرۇخ مىرزا زامانىسىدىن تارتىپ تاكى بۇ بەختىيار زامانىغىچە نۇرغۇنلىغان پادىشاھلار ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك مەشھۇر ئادەملەر ئۈچۈن يازغان مەدھىيىلىرى ھەم مەرسىيىلىرى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

لېۋىڭ ھەققىدە بىر سۆز ئېيتىشنى ئىستەيمەن، سۆزنى ئاشۇ ئېغىزىڭ توغرىلىق سۆزلىمەكچىمەن.

مەۋلانا مۇزەھھىر — ئۇ خۇش چاقچاق، گەپدان كىشى بولغاچقا چاقچاق ئارىلاش شېئىرلىرى ۋە قىتئەلىرى كۆپ ۋە ئەل ئىچىدە مەشھۇر. شۇ جۈملىدىن بىرى مۇتەھھىرى ئۇدى ھەققىدە ئېيتقان قىتئەسىدۇر. مۇتەھھىر ئۇدىنىڭ ئېشىكى چوڭ بولغاچقا، كىشىلەر ئۆز ئېشەكلىرىنى نەسىللەندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېشىكىگە ھەق تۆلەپ ئۆز ئېشەكلىرىگە سەكرىتىدىكەن، مەۋلانا بۇ قىتئەنى مۇشۇ توغرىدا ئېيتقانىكەن، قىتئە:

«مۇتەھھىر» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا توغرا ئىسىم بولالمايدۇ. نىجاسەتنى قانداقمۇ مۇتەھھىر (تازىلىغۇچى، پاكىزلىغۇچى) دېگىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئېشىكى ئېشەككە سەكرىسە، ئۇ پۇل تاپىدۇ، دېمەك ئۇنى ئېشەك دەللالى دېيىش كېرەك.

قەلەمكەشلەر ھەققىدە يېزىلغان بۇ مىسرالار ئۇزۇندىسىمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

بىر قولۇڭدا شەمشەر، بىر قولۇڭدا قەلەم تۇرۇپتۇ، شەمشەرۋازلىقنى قويۇپ، قەلەمكەشلىك قىلغىن.



مەۋلانا شامى — دامغانلىق بولۇپ، ناھايىتى كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلدى، ئوقۇش زۆرۈر بولغان ئىلىملارنىڭ ھەممىسىنى تەكرار — تەكرار ئوقۇدى. لېكىن موللا دېگەن نامغا ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تىببىي ئىلىمغا مەشغۇل بولدى. ئاتاقلىق كىتابلارنى كۆپ كۆردى، شۇنداقتىمۇ تېۋىپلار قاتارىغا قوشۇلالمىدى. شېئىرنى ياخشى ئېيتاتتى. ئەمما شېئىرلىرىنى يېزىشتا ئىملاسى توغرا ئەمەس ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

كۆزۈمگە گۇستاخلىق (ئەدەبسىزلىك) بىلەن سېنىڭ چىرايىڭغا قاراۋەرمەسلىكنى ئېيتسام، ئۇ ماڭا: «بۇ قانداق گۇستاخلىق بولسۇن، بۇ دېگەن مۇشتاقلىق» دېدى.

مەۋلانا ئابدۇللا — ئۇ گەرچە ئۆزىنى كۆرۈنۈشتە ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراھمان جامى) گە تۇغقان ھېسابلىسىمۇ، ئەمما مەنىۋى جەھەتتە ئۇنىڭدىن ناھايىتى يىراق ئىدى. بۇ شېئىرىيەت تۈرلىرى ئىچىدە كۆپرەك مەسنەۋى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، قەلەمكەشلەر شاھى فىردەۋسى تۇسى، تەتقىقاتچىلارنىڭ پېشىۋاسى شەيخ نىزامى گەنجەۋى، شائىرلارنىڭ سۇلتانى، ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى خوجا ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى (تەڭرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن) قاتارلىق شائىرلارنىڭ مەسنەۋى ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن «شاھنامە» بىلەن ئىككى «خەمسە» داستانىنىمۇ كۆزىگە ئىلمايتتى. بەلكى تۈرلۈك ئاھانەتلەر قىلاتتى. ھەتتا ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (جامى) نىڭ مەسنەۋىلىرىگىمۇ بەسلىشىشكە ئىلتىپات قىلامدۇ — يوق؟ بۇنىسى نامەلۇم، بىز پېقىرلار ئۆزىمىزنى بۇ ئۇلۇغلارنىڭ داستىخىنىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى

تېرىغىلغۇچى ۋە ئىلىم خامانلىرىدىن باشاق تەرگۈچى ئورنىدا تۇتىمىز. بەلكى ئۇنچىلىك قابىلىيىتىمىزمۇ يوقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇنداق كىشىنىڭ شېئىرىنى قايسى ھوقۇق بىلەن تەرىپلىيەلەيمىز. قانداقلا بولمىسۇن تەۋەررۇك ئۈچۈن ئۇنىڭ «زەفەرنامە» مەسنەۋىسىدىن ئىككى - ئۈچ بېيىتىنى بەردۇق، مەنسەۋى:

ئۇ يەردە شۇ قەدەر كۆپ قوتازلارنىڭ چىشى ۋە ئەركەكلىرىنى زەنجىر بىلەن باغلىدىكى، خەندەك ئالدىدا پىللارغا قارشى توساق ھاسىل بولدى، پىلدىن نېمىگە ئۇنچە ئەندىشە قىلغۇلۇق، ئۇمۇ كالا ۋە ئېشەككە ئوخشاش تۆت ئاياغلاردىنغۇ؟

بۇ رىسالە يېزىلغان تارىختا، ئۇ «خەمسە» دىن «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «خۇسرەۋ ۋە شىرىن»، «ھەفت پەيكەر» (يەتتە يۇلتۇز) قاتارلىق داستانلارغا نەزىرەلەر يازدى. «ئىسكەندەرنامە» گە تەگلەشتۈرۈپ «زەفەرنامە» داستانىنى يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. شېئىرلىرى ئەل ئارىسىدا ناھايىتى مەشھۇر ۋە تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى چەكسىز. پەيغەمبىرىمىزنى مەدھىيىلىگەن بۇ بېيىت ئۇنىڭكى، بېيىت:

پەيغەمبەرلىككە سەن لايىقسەن، چۈنكى قولۇڭدا نامەڭ
بار. ئۇنىڭ مۆھۈرى بولسا، تەزىم يۈزىسىدىن ئارقىسىدا تۇرماقتا.

ئۇرۇشنى تەرىپلىگەن بۇ بېيىتمۇ ئۇنىڭكى بولۇپ، ئەل ئىچىدە مەشھۇر ۋە لەشكىرى ئىلىمدە ئوقۇلىدۇ، بېيىت:

بۇ پايانسىز كەڭ چۆلدە، چاچلىرى قىرىلمىغان باشلار گوياكى كىرپىدەك يېتىشاتتى.



ئىلگىرى قېنى قىزىقلىق ئۈستۈن ئورۇنىدا تۇرغان ياشلىق ھېسسىياتى سەۋەبىدىن، بەزى ھاللاردا گەرچە ئازراق تەكەببۇرلۇقى بار بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۆزىنى تۇتۇۋالىدى، سۆزلىرى جايىدا، رىتىملىق. باغلىنىشلىق بولۇپ قالدى. مەنىستىمەسلىكىنىڭ ئورنىنى كەمتەرلىك، ئۆتۈنۈش ھېسسىياتلىرى ئىگىلىدى، قوپاللىق ۋە توڭلۇقنىڭ ئورنىدا قىزغىنلىق ۋە ئىللىقلىق ئالامەتلىرى جىلۋىلەندى. بۇنداق بەخت - دۆلەت ھەركىمگە نېسىپ بولسا، ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى ئەبەدى ئاتا قىلسۇن، ئامىن.

مەۋلانا دەرۋىش مەشھەدى - تەنتەك، ئاغزى يامان ئادەم. ئۇنى بەزى ئۇلۇغلارنى ھاقارەت بىلەن ھەجۋى قىپتۇ، دېيىشىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ تالانتى يامانلىق تەرەپنى ھەجۋىي قىلىپ قانچە سۆزلىسە، شۇنچە ياخشى ۋە راۋان ماڭىدۇ. ئەمما مەن ھەجۋىيلىرىدىن ئۇچرىتالمىدىم. ئۇنىڭ باشقا شېئىرلىرىدىمۇ بىر خىل تالانت بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇنىڭ قاشلىرىدىن ھېيت ئايلىرىنىڭ ئىزناسى كۆرۈندى،
بىراق يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇ ئايدىن ئۇچۇر يوق.

مەۋلانا خۇررەمى - ھىرات ئادەملىرىنىڭ ئەۋلادىدىن، بىراق ئۇنىڭ ئۆزىدە ئادەملىكتىن ئەسەر، بەلكى پۇراقمۇ يوق. بۇ ئۇسال مىجەزلىرى تۈپەيلىدىن خۇراساندا تۇرالماي، ئىراققا باردى. ئىراقتىن مەككە، مەدىنە ۋە بەيتۇلمۇقەددەسكە باردى. كۆپلىگەن ئەنبىيا ۋە ماشايىقلارنىڭ مازارلىرىغا ئىككى قېتىمدىن پىيادە بېرىپ زىيارەت قىلدى. بۇ خىل مۇشەققەت ۋە رىيازەتلەر، ياق، رىيازەت ئەمەس بەلكى، بەخت ۋە دۆلەتلەر ئىككى قېتىملاپ مۇيەسسەر بولدى. ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە

روھىي دۇنياسى بەخت ۋە دۆلەتتىن مەھرۇم بولغاچقا بۇ قېتىم كەتكەن ۋاقىتىدىكىدىنمۇ بەغەرەز ۋە بەدخۇي بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇنى «مەدھىيىلەش» كە تىل ئاجىز ۋە ئەقىل كەملىك قىلىدۇ. ئۇ شۇنداق تۇرۇپمۇ شېئىر يازاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

گۈلنىڭ جامالى ھەققىدە يەنە بىر سادا كۆتۈرۈلمىگۈچە،
بوستاندا بۇلبۇلدىنمۇ سادا چىقمايدۇ.

سەيىد قۇرازە — شىرازلىقدۇر. ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن مۇساپىرلىقنى ئىختىيار قىلىپ خۇراسانغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى بىچارە، ئىستائەتچان ۋە نامرات كۆرۈنەدى. چۈنكى ئۇنىڭ جۈغى كىچىك، يېشىمۇ كىچىك ئىدى. ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ ساۋاق ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئۇنى بەزى ئالىملارغا تاپشۇردۇق. ئۇنىڭغا قىلىشقا تېگىشلىك شەپقەت ۋە ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى قىلىندى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئاجايىپ - غارايىپ قىلىقلار يۈزەگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قىلىقلىرى ھەققىدە بىر مەزگىل ئىشتىسەكمۇ ئىشتىمەسكە سېلىپ، كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈردۇق. ئاقىۋەت ئىش چەكتىن ئېشىپ، شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇ خۇراساندا تۇرالماي سەمەرقەندكە كەتتى. ئاڭلىشىمىزچە سەمەرقەندنىڭ ھاراقكەشلىرى بىلەن بىللە يۈرۈپ بىللە ئىچىشىپ، ئۇلارنى يېڭەلمىگەن تەقدىردىمۇ، يېڭىلىپ قالماي يۈرۈۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ قىلمىشلىرى خەلقى ئالەم ئالدىدا ھەممىگە ئايان بولغانلىقتىن، شەرھلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. بۇ مەتلەئ ئاشۇ بەد بەختنىڭ، مەتلەئ:



يەنە شۇنداق ۋاقىتلار بولىدۇكى بەزمە شامى لالە گۈللەر بىلەن يورۇيدۇ. رەنا گۈللەر لالە رەڭ شارابلارنى ئالتۇن قەدەھلەردە كۆتۈرىدۇ.

سەيىد قۇتبىددىن ئەكەدەك — سەمەرقەندلىك بولۇپ، ئۇ بارچە قىلمىشلاردا سەيىد قۇرازەنىڭ تەڭدىشى. بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بولالايدۇ. ئۇ ھىراتتا چاغدا بىر يامانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. كۆپ زىيان-زەخمەتلەرنى تارتقاندىن كېيىن، ئاخىرى قاماققا ئېلىشقا قارار تاپتى. كېيىن ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ سەمەرقەندكە باردى. ھازىر ئاڭلىشىمىزچە ئۇ يىغىلىشلاردا سەيىد قۇرازە بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئىزا - دەشنام، ھاقارەتلىرىنى ئاڭلاشتا ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق ۋە شېرىك ئىكەن. ئۇ ناكەس نەزمىلە ئىچىدە مۇئەمما يېزىشقا بەكرەك قىزىققانلىقى ئۈچۈن بىر مۇئەمماسى يېزىلىدى، «فەرىد» نامىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ھەي مۇرىدلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغۇ ۋە كوردەك بىخەۋەر كىشى، ياراتقۇچى تەڭرى پەقەت بىردۇر.

ئۇنىڭ ھەممە سالاھىيىتىنى مۇشۇ مۇئەمماسىدىن ھېس قىلسا بولىدۇ.

مەۋلانا قابىلى — تەرشىزلىق بولۇپ، چىقىشقاق ۋە ھېكىم سۈپەت كىشى ئىدى. ئۇ مەجلىس - ئولتۇرۇشلاردا مىسال، تەقلىد ۋە نەقىللەرنى كۆپ كەلتۈرەتتى. ئۆزى دەرۋىشلەردەك يۈرەتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مەيپۇرۇش كېچىچە ئەھۋالىغا قاراپ: «ھاراق ـ شاراپ ئەرزان بولدى. ھالال پۇل قەيەردە؟» دېدى.

ئۇنىڭ پۇتى يېقىندىن بېرى ئاغرىق سەۋەبىدىن توكۇر بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ ئاز ھەرىكەت قىلىدۇ.

دەرۋىش ھۇسامى ـ خارەزىملىق. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، شېئىر:

داد ـ پىغان! ھەي دوستلار، ئۇشېرىنلەۋلىك گۈزەل ھەۋەس ئۈچۈن بىزنى ئۆلتۈرگەنىدى، بېشىمىزغا پاشىدىن باشقا ھېچنەرسە يولىمىدى.

مەۋلانا شەۋقى ـ چېچەكتولۇق بولۇپ، ئۆزى دۇرۇس ۋە قابىلىيەتلىك يىگىت. ئەمما كۆپ ئۆگىنىپ مېڭىسى چارچىغانلىقتىن، كۆڭلى خىرەلىشىپ، ئوقۇشقا توسالغۇ بولۇپتۇ. ئۇ تۈركچە ۋە فارسچە شېئىرلاردا تالانتىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

باشقىلار بىلەن كەپلىشىپ تۇرغانلىقىڭنى كۆرۈشۈم بىلەنلا بۇ ئىشىڭ مېنى ئۆلتۈردى، لېۋىڭ سۆزلىشىشتىن توختىشى بىلەنلا جېنىم ئارام تاپتى.

بۇ تۈركچە مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

بۇ ئاۋارە كۆڭلۈم بېرىپ چېچىڭگە باغلىنىپ قالدى، ئۇ مەندىن كەتكەنىدى، ئەمدى ساڭا قالدى، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن.

مەۋلانا زىيا ـ تەبرىزلىك بولۇپ، كۆڭۈلگە يېقىن، شېرىن



سۆزلۈك، دۇرۇس ئادەم. ئۇنىڭ تېنى كىچىك بولغاچقا دوستلارنىڭ ئويۇن كۈلكە ۋە چاقچاقلىرىغا سەۋەبمۇ بولۇپ قالاتتى. ئۇ شەھەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن كەلدى. تەھسىل داۋامىدا شېئىر يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى ۋە خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

بۈگۈن كەچقۇرۇن پەرۋانە شامىنىڭ ۋە ئۆمۈر دەرىخىنىڭ خازان بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، جېنىمدىن كەچسە ئەجەب ئەمەس.

بۇ مەتلەئمۇ ياخشى چىقىپتۇ، مەتلەئ:

گۈزىلىم قولىدا غەزەپ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كەلسە ـ دە، ھەممە رەقىبلەر قېچىپ كېتىپ، مەن ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالسام، بۇ نېمىدېگەن ياخشى سائەت ـ ھە!

«خەلەف» نامىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممامۇ ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ھەي مەينىڭ ساقىندىسى ئىچكۈچىلەر، مەيخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن سىزنى، بىر بۇلۇڭىدىن بىزنى ئورۇن ئالسۇن دەپ، يۇرتىڭىز شارابتىن خالى بولۇپ قاپتۇ.

مەۋلانا خەلەف ـ تەبرىزلىك بولۇپ، ئەلەنجەقنىڭ شەھزادىلىرىدىندۇر. ئۇ ئېسىل مىجەزى ۋە تالانتى نەتىجىسى بىلەن ئەل كۆڭلىگە ياققان يىگىت، ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىرات شەھىرىگە كەلدى ۋە كۆپ ئىلىملەرنى ھاسىل قىلدى. ئۇ ھازىر زامانىمىز شاھزادىسىنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەتكار

ۋە ھەمسۆھبەتتۇر. ئۇنىڭ تالانتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ چىقتى. «ئىيدى» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ رۇبائىي مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

يۈز قېتىم شۈكرى، دوستۇم بىلەن قايتا ئۇچرىشىش يۈرەكتىكى ئوتلىرىمنى ۋە كۆز ياشلىرىمنى قايتىدىن توسۇپ قالدى، گەرچە ئۇ گۈزەل قۇياشىم غەربكە يۈز قويغان بولسىمۇ بەختەلەي مەدەتكارلىق كۆرسىتىپ، يەنە قايتىدىن تۇغدى.

مەۋلانا مەھۋى — خۇراسان كىشىلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ياخشى ئىستىداتى بار. بەزى چاغلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولىدۇ. يەنە بەزىدە يىگىتلىك ھاۋايى - ھەۋىسىمۇ ئۇنى پەرىشان قىلىدۇ ۋە سۆھبەتداشلىرىنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى ئۇنى تەرتىپسىز قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خېلىلا لەززەت بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

غەم تۈنلىرىدە كۆڭلۈمدىن چىققان ھەسرەت تۈتۈنلىرى ئۇ گۈزەلنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى ئەسلەش بىلەن ئېگىلىپ، چېگىشلىشىپ كۆتۈرۈلىدۇ.

مەۋلانا نەرگىسى — ھىراتلىق بولۇپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان «نەرگىسى» تەخەللۇس بىلەن نەزم ئېيتاتتى، كېيىن ئۇ تەخەللۇسىنى «ئاھى»غا ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا تۈزۈككىنە جاۋاب بەرمىدى. ئۇ قەيەردە ئازغىنە گۈزەل سۆز - ئىبارە ياكى نازۇك مەنەنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى ئۆزىنىڭكى قىلىپ ئىشلىتىۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قاپتۇ. ئەگەر تەڭرى خالىسا، تەخەللۇسىنى ئۆزگەرتكەندەك بۇ ئادىتىنىمۇ ئۆزگەرتەر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:



ئۇنىڭ ئايدىن گۈزەل رۇخسارىنىڭ سەھىپىسىنى ئويلاپ، قۇرئاندىن پال ئاچسام «يۈسۈپ سۈرىسى» كېلىپ چىقتى.

مەۋلانا سالىمى — ئىراق مەملىكىتى كىشىلىرىنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. خۇراسانغا كېلىپ كۆپلىگەن ئىلىم ۋە ھۈنەرلەرنى ئۆگەندى. ئاۋۋال ئىلىم تەھسىلىغە مەشغۇل بولدى. كېيىن شېئىر، مۇئەمما ۋە خەتتاتلىققا كىرىشتى. سازلاردىن ئۇد، تەمبۇرنىمۇ ئۆگەندى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ تېنى ساغلام، تالانتىمۇ مۇقىم ۋە ساغلام، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مەن ئۇ قۇياشقا ئوخشاش گۈزەلنى كۆرۈپ شۇنداق ھەيران بولدۇمكى، ئەگەر مېنى قىلىچ بىلەن چاپسىمۇ ئۇنىڭغا قارىغان كۆزۈمنى يۇممايتتىم.

مەۋلانا جەننەتى — خۇراسان مەملىكىتىدىن بولۇپ، قابىلىيىتى يامان ئەمەس، ئەمما ئەقلىمۇ يوق. تەلىيىمۇ يوق ئىدى. بىر مۇددەت پادىشاھنىڭ خىزمەتچىسى بولغانىدى. كېيىن ئۇنى ناھايىتى ئېغىر پالاكەت باسقانىدى، پېقىر ئۇنى يېغىشتۇردۇم. «پەلەك بىلەن جەڭ قىلغاننى پەلەك يېڭەر» دېگەندەك ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ھېچبىر باشقا ئېلىپ چىقالمىدىم. ھازىرمۇ شۇنداق سەرگەردان بولۇپ يۈرۈيدۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇ گۈزەلگە نېمە بولدىكىن ساقى مەي ئىچكەندە مەي پىيالىسىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويغاندەك، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ قارىسىنى قاپقاق بىلەن يېپىپ قويدى؟!

مەۋلانا ئەنۋەرى — بەلخ تەرەپتىن بولۇپ، چېچىلاڭغۇراق يىگىت، گايىدا سەۋداسى شۇنداق ئۆرلەيتتىكى، ئۇنىڭ مىجەزى ساغلاملىق ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كېتەتتى – دە، كۆپ زەخمەت چېكىپ، جەۋر – جاپا تارتىپ، ئاندىن يەنە ئوڭشىلاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي، مەينىڭ تەسىرىدىن رۇخسارىڭ گۈلى ھەر خىل رەڭدە تاۋلىنىدۇ. جامالىڭ بېغىنىڭ يېشىللىقى ئاز، گۈلى بەك كۆپ.

مەۋلانا قابىلى — تەرشىزلىق بولۇپ، سەركەردىلىك سۈرىتىدە يۈرەتتى ۋە كىشىلەرنى تولا ھەجۋى قىلاتتى. ھازىر ھەر ئىككىلا ھالىتىنى ئۆزگەرتكەن ئوخشايدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

رەھىم – شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭنى ئەرزان قىلىپ، بەزىدە غېرىبلارنى يوقلاپ قويساڭ يامان بولماستى. چۈنكى مەرھەمەت كۆرگۈزۈش گۈزەللەرنىڭ گۈزەل ئادەتلىرىدىندۇر.

بۇ شېئىرى بىلەن ئۇ تاسادىپىي ئۆزىنىمۇ ھەجۋى قىپتۇ، چۈنكى بۇ شېئىرنىڭ ھېچ مەزىسى يوق ھەم قاپىيىسىمۇ خاتا.

مەۋلانا سىررى — يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن مەۋلانا ئەلى شىھابنىڭ ئوغلى. ئۆزى دەرۋىش سۈپەت يىگىت بولۇپ، ھازىر مەرۋىدە بىر لەڭگىرى بار. ئۆتكەن – كەچكەن كىشىلەرگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

يېڭى چىققان ئاي ئالدىراپ – تېنەپ سىنىڭ قېشىڭ



بىلەن بەسلەشمەكچى بولغانىدى، لېكىن قۇياشتەك يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئۆزىنى يۇمىلاق ۋە ياپىلاق قىلدى.

ئەمىر ھاج — سەيىد كىشى ئىدى. ئۇ تالىبى ئىلىملىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ياخشى ئىستېداتقا ئىگە. كۆپرەك ياخشى خىسلەتلەر ھەققىدە قەسىدە ئېيتىشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، تاسادىپىي بىرەر يېرىم غەزەلمۇ يېزىپ قوياتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئەگەر ئۇ كۈمۈش بەدەنلىك گۈزەلدىن ئۇزاقتا قېلىپ، غەم – قايغۇ بۇلۇڭلىرىدا ئۆلۈپ قالسام، ئۆلگەن كۈنۈمنىڭ ئۆزىدىلا ئىشق – مۇھەببەت ئىشلىرىغا نۇقسان يېتىدۇ.

مەۋلانا سايىلى — جۇيەنگە قاراشلىق خاۋەرشا دېگەن جايدىن بولۇپ، دەرۋىش سۈپەت ۋە كەم سۆز كىشى. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى يامان ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

كۆزۈمگە تاغ ۋە كەڭ سەھرالارمۇ تار كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، مەندە پەرھاتنىڭ غەم – قايغۇلىرى ۋە مەجنۇننىڭ ئىشق بالا – قازالىرى بار.

مەۋلانا سەلامى — شەھەرنىڭ جامە مەسجىدىدە مۆلۈك گۈمبىزىدە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

غېمىڭدە تۆككەن قانلىق كۆز ياشلىرىمدىن ھاسىل قىلغىنىم شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ ھەر بىر تامچىلىرىدىن كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنلەر يېشىلدى.

مەۋلانا فارىغى — جەددى خانىقاسىدا تۇرۇشلۇق، دەرۋىش سۇپەت يىگىت. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇ جاپا ئىزدىنگۈچى يارىمنىڭ دائىم ئازار بېرىشلىرىدىن كۆرسەتكەن ئازغىنا غەمخورلۇقىمۇ، ئۇنىڭغا كۆپتەك بىلىنىدۇ.

مەۋلانا جەمشىد — ئۇ ئەمدى پەيدا بولغان تالانتلىق يىگىتلەردىن بىرى. ئوبدانغىنىدا كاتىپلىقىمۇ بار. ئۇنىڭ قابىلىيىتى شېئىرىيەت خىللىرى ئىچىدە مۇئەمماغا بەكرەك مايىل. «زەيىن» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

دىلبەرنىڭ ۋىسال گۆھىرىگە يېتىش ئۈچۈن كۆزلەر گوياكى باھار بۇلۇتى بولدى. ئېسىت، ھەر تامچە كۆز ياشلىرىمىز سېنىڭ مەجرۇھ مۇرتلىرىڭ بولدى. ھەي ئاي يۈزلۈك، مانا ئاخىرى ئىش قولدىن كەتتى.

مەۋلانا ئەبدۇلھەق — كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مۇئەمما پېنىگە كىرىشتى. ئۇ تالانتىنى ئىشقا سالالايدىغان ياخشى قابىلىيەتكە ئىگە. «ۋەسى» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ئۇ لەۋىنىڭ ھەسرىتىدە كۆز ياشلىرىم قان بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا گوياكى ئىدىشتىن مەي تۆكۈلگەندەك يىغلىدىم.

مەۋلانا ۋىدائى — بەلخ ئەتراپىدىن بولۇپ، دائىم كۆندىن تىكىلگەن دەرۋىشلىك كىيىمىنى كىيىپ يۈرەتتى. ئەمما ئۆزى يېقىملىق، پاكىز ئادەم ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:



ھەي كۆڭۈل، ھەمىشە تەقۋادارلار بىلەن ئۈلپەت بولىۋەرمەي، مەي ساقىندىسىنى ئىچكۈچىلەر بىلەنمۇ بىرنەچچە كۈن بىرگە مېھمان بول.

مەۋلانا مەئانى — مەشھەدلىك بولۇپ، كېلىشكەن ھوشيار ۋە چىرايلىق يىگىتتۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى تەڭداشسىز كاسەگەر بولۇپ، چىنە ياسايدۇ. ئىنىسى شۇنداق ئۇستا نەققاشكى، خوتەن ۋە خىتايدىمۇ ئۇنىڭدەك نەقىش قىلالماس، شۇنداق تۇرۇقلۇق مەۋلانا مەئانى بۇ ئىككىيلەننىڭ ھۈنىرىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى قولى، يەنە بىرىنى چاكىرىچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ھۆسنىمۇ بار. ھۆسنىخېتى، گۈزەل سۆزلىرىمۇ بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

غەم-قايغۇ سەھراسىدا ئۆز-ئۆزۈم بىلەن گويا سەۋدا يىللاردەك جەڭ قىلىمەن. بىر تۇرۇپ تاشنى چاڭگاللايمەن، يەنە بىر تۇرۇپ تاش چاڭگىلىمدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

مەۋلانا بەقائى — ئوقيا ياساش ھۈنىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۆزىنى مۇئەممما يېزىشتىمۇ كۆرسىتىپ باقتى، ئەمما مەن ئۇنىڭ مەئەممالىرىدىن تۈزۈكرەك بىرەرسىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. كېيىن شېئىر ئېيتىشقا باشلىدى. شېئىرلىرىدا ئاجايىپ-غارايىپ خىياللارنى قىلىدۇ. ئەمما شېئىرنى ناھايىتى راۋان باغلاشتۇراتتى. ئاڭلىشىمىزچە ئوق ئېتىشقا ئۇستا دېيىشىدۇ. ئەمما ئۇ تەرىپىنى بىز بىلمەيمىز. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

چېچىڭنىڭ دامىغا چۈشۈش بىلەنلا دىۋانىلىق بىلەن داڭق چىقاردىم.

مەۋلانا مۇشرىفى — ھىراتلىق بولۇپ، يازغۇچىلىقتىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار، ئۇ قۇشخانا مۇشرىفى (كۆزەتچىسى) بولغاچقا، تەخەللۇسىمۇ «مۇشرىفى» دۇر. ئۇ بەزىدە يۇقىرىقى كەسپىنى تاشلىۋىتىدۇ. يەنە بەزىدە پۇشايمان قىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئاشىق بولۇپ، كۆز ياش گۆھەرلىرىمنى يارنىڭ يولىغا چاچقانلىقىمدىن كۆپ خۇرسەنمەن، خويمۇ ياخشى ئىش قىلدىم.

مەۋلانا ئەسلى — مەشھەدلىك بولۇپ، شۇ شەھەر بويىچە ھازىرقى كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق ئادەم شۇ كىشى. ئۇ نەسىخ، تەئلىق خەتلىرىنى يامان ئەمەس يازىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇنىڭ ياشلىق چېغىنى كۆردۈم ۋە دىن ئەھلىگە كۆرسەتتىم. ئۇ جانلارنىڭ ئاپىتىنى سىزلەرگە تاپشۇردۇم.

مەۋلانا كەۋسەرى — ھىراتلىق بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئۇنىڭ تەبىئىتىدە نەزىم ئېيتىش قابىلىيىتى بار ئىدى. ئەمما نەزىم بىلەن شۇغۇللانمايتتى. خوجا ئاسەفى بىلەن سۆھبەتداش بولغانلىقىنىڭ دۆلىتى بىلەن بىرە - بىرە شېئىر ئېيتىپ قوياتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئەگەر دىنىي شەرىئەتنى يۈرگۈزگۈچى نازارەتچىلەر شارابخور بولۇپ قالسا، مەيخانا ئىشىكىنى ئۆزى ئېچىپ بېرىدۇ. ئىچەرمەنلەر ئۇچۇن شارابنى يەرنىڭ تېگىدە بولسىمۇ تېپىپ بېرىدۇ.



مەۋلانا ھىلالى — تۈرك ئەھلىدىن بولۇپ، خاتىرە كۈچى ياخشى، تالانتىمۇ خاتىرىسىدەك ياخشى ئىدى. ئۇقۇش رىيازىتىنى چېكىۋېتىپتۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

بۈگۈن ئۇ گۈزەل قامەتنىڭ يۈرۈشى مېنىڭ پۇتلىرىمنى شۇ قەدەر لال قىلدىكى، ئەتە، بەلكى قىيامەت ئەتىسىمۇ ئورنىمدىن تۇرالماس ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم.

مەۋلانە قەبۇلى — قۇندۇزلۇق بولۇپ، خۇراساندا كەلگەندە ئىلىم ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىتىدە بىرئاز چېچىلاڭغۇلۇق ۋە ھورۇنلۇق بولغاچقا مەقسەتلىرى ياخشى ھاسىل بولمىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ دېسىمۇ بولىدۇ، بېيىت:

ھەي ئەقىل ئىگىسى، مەن دىۋانە ئۆيگە بارىدىغان يولنى بىلەلمەي، يۈرگەن تۇرسام، مەندەك دىۋانىگە ئۆينىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟!

مەۋلانا ئەبۇ تاھىر — بەدەخشان ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىرات شەھىرىگە كەپتۇ. پېتىرنىڭ مەدرىسىسىدە ساۋاق ئوقۇۋاتىدۇ. «ئادەم» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممىا ئۇنىڭكى، مۇئەممىا:

كۆڭلۈم ئۇنىڭ ھىجرانىدىن تولىمۇ پەرياد چېكىۋاتاتتى. ئۇ ئاي تۇساتتىن سەپەردىن كېلىپ قالدى - دە، دىللارنى شاد قىلىۋەتتى.

مەۋلانا جانى — جۇرجانلىق بولۇپ، «رىيھانى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. يۇرتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭغا «جانى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىش بۇيرۇلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا توسقۇن

بولىدىغان خېلى ساراڭلىقى بار ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئاجايىپ-غارايىپ پىكىرلەرنى قىلىدىغان تالانتى بار ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

يارنىڭ مېيىتقى ۋە لەۋلىرى يېشىل ۋە قىزىل بولۇپ جىلۋە قىلغىنىدا، خەستە كۆڭلۈمدىن يېشىل ۋە قىزىل ئوت كۆتۈرۈلدى.

مەۋلانا ئافەتى — مەشھەدلىك بولۇپ، ھالۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ دېيىشىدۇ. پېقىر ئۇنى كۆرمىدىم. ئەمما شېئىرلىرىنى ئاڭلىغاندىم. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

تەڭرى مېنى سېنىڭ خىيالىڭ بىلەن ھەر زامان شاد قىلسۇن، سېنىڭ خىيالىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن.

مەۋلانا زۇلالى — ھىراتلىق، ئاتىسى دەرۋىش كىشى، يېپپۇرۇشلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ زېھنى بۇلاقلىرىدىن نەزمىنىڭ ساپ، زىلال (سۈزۈك) سۇلىرى چىقىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭغا «زۇلالى» دەپ تەخەللۇس قويۇلغان. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

قېنىم ئۈستىگە بىر لەيلى يۈزلۈك گۈزەل ئىتەك ئېچىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەجنۇن كۆڭلىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

مەۋلانا مىر ھاشىمى — تۆمۈرچىلىك بىلەن مەشھۇر. يەنە تالىبى ئىلىملىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. تالانتىمۇ ياخشى، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:



ئۇنىڭ قاشلىرىدىن ئاتىلغان ئوقى ناخۇش كۆڭلۈمدىن ئۆرۈپ ئالغانلىقى ئۈچۈن خۇشالمەن. چۈنكى ئۇ ئەمدى ئۆز ئوقىنى ئاختۇرۇپ قالسا، مېنىمۇ يادىغا ئالىدىغان بولىدۇ.

مەۋلانا ساھىب — كەبۇد جامە دېگەن جايدىن بولۇپ، تالانتى ياخشى، بىلىشىمچە، ئۇ شاھماتنى ياخشى ئوينايدىكەن. بېيىت:

دوستلار، مېنىڭ يارىمنىڭ كوچىسىغا بېرىشىمنى قاچانغىچە توسايسىلەر، مەندىن كەچسەڭلار كېچىڭلار، ئەمما مەن ئۇيەرگە بېرىشتىن كەچمەيمەن.

ئۇ مۇئەممامۇ ئېيتىدۇ ۋە مۇئەممالارنىڭ جاۋابىنى ياخشى تاپىدۇ. «پايەندە» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ گۈزەللىك پادىشاھى تەرىپىدىن كۆڭلى جاراھەتلەنگەن كىشىلەر خۇددى باشچىسىدىن ئايرىلىپ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەردەك ھەر تەرەپكە يۈگۈرمەكتە.

مەۋلانا مايىلى — ئىسپەرايىنلىق. ئۇمۇ سەۋدايىلىقتىن خالى ئەمەس. ئەمما زېھنى ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆكسۈمدە ئۇ جاپاكارنىڭ ئوقىدىن يارا بار. جېنىم كۆڭۈل تەرىپىدىن ئاۋارە، كۆڭلۈم بولسا جان تەرىپىدىن تەڭقىسلىقتا.

مەۋلانا قەۋسى — بۇمۇ ئىسپەرايىنلىق بولۇپ، خېلى قابىلىيىتى بار يىگىت. ئەمما ھورۇن ۋە بوشاڭ بولغاچقا، ھېچ ئىشتا تۇراقلىقى يوق. ئۇنىڭ بەدىنى زور ۋە كۈچلۈك

بولسىمۇ، لېكىن كۈچ كېتىدىغان ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدۇ. ھەربىي خىزمەتكە ھەۋىسى بار. ئۇ ساھەدىمۇ ئۇياتتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

جەك پەيتىدە ئۆز كىيىمىنى ماڭا كىيگۈزىدىغان ۋە ئۆلگىنىمدە ئۇنى تاۋۇتۇمغا ياپىدىغان كىشىنى ئىستەيمەن.

مەۋلانا ھەجرى — بەلختىن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مېنىڭ قارا بەختىم دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىشىمغا توسقۇنلۇق قىلدى. قارا بەختىمۇ ماڭا دۈشمەن بولدى. نېمە دېگەن بەختسىزمەن — ھە؟!

مەۋلانا ئەنۋەرى — كۆپ ۋاقىتلاردا مەشھەدتە يۈرەتتى، ھورۇن ۋە چېچىلاڭغۇ ئادەم ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆڭلۈم بىناۋا بولدى. شۇڭا ئۇ غەمكىندۇر. دەرۋەقە، بىناۋالارنىڭ ھالى دائىم شۇنداق بولىدۇ.

مەۋلانا دائىي — دائىم سەرەخستىكى ھەزرىتى شەيخ لوقمان (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ مازىرىدا تۇراتتى. بەزىدە سودا — سېتىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ ئېغىزنى زىناقلىرى چوڭتۇرلۇقىدىن ئىزدىگەنىدىم، ئۇ ئاي كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئىزدىمەكچى بولغىنىڭ بۇ يەردە ئەمەس» دېدى.

مەۋلانا سۇبھى — ئۇبە ناھىيىسىنىڭ گويان بۇلتىدا



تۇراتتى. مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن پېقىرغا دوست بولدى. شېئىرىدا خېلى لەززەت بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەي ئاي يۈزلۈكۈم، بۇ كېچە ئۆز نۇرۇڭ بىلەن ھۇجرامنى روشەن قىلغىن، بولمىسا، بۇ ئۆيگە ئوت قويىۋېتىمەن.

مەۋلانا مەجنۇن — مەشھەدلىك بولۇپ، ئۆتكۈر تالانتى بار. تەبىئىتىمۇ دۇرۇس چىققان، خۇش خەت يېزىقتۇر. بازگۇنە خەتنى شۇنداق راۋان يازىدۇكى، كىشىلەر ھەيران قالىدۇ. ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن كىشى ئىشەنمەيدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ۋەز نەسىھەت ئاڭلاشقا بېرىپ زار-زار يىغلايمەن، شۇنى باھانە قىلىپ ياردىن ئايرىلغىنىمغا يىغلايمەن.

مەۋلانا مەلىك — باخەرز ۋىلايىتىنىڭ كارىز دېگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى مەلىك زەۋزەن ئەۋلادىدىن ھېسابلىغاچقا، «مەلىك» تەخەللۇس قوللانغان. ئۇ ئوتتۇز ياشقا يېقىنلاشقىچە شېئىر يازمىغانىدى. چوڭايغاندا نەزم بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ بىلەن ھەزىل-چاقچاق قىلىشقۇچىلار ئۇنى«مەلىك ھۆكۈز» دەيتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئەگەر لەيلى ۋە مەجنۇن رىۋايىتىدىن يۈزلىگەن قىسسىلەر سۆزلەنسە، ماڭا ئۇ سېنىڭ ئىشقىڭنىڭ بىر ھېكايىتىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

مەۋلانا جالالىددىن — مەشھەدلىك بولۇپ، شۇ يەردىكى خوجا ئەلى زەيىنىددىن ئىسىملىك مەشھۇر ۋە خانىقاھى

بار بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدىن. مۇئەمما پېنىدە ئۇنىڭ تالانتى تەرىپلىنگۈدەك دەرىجىدە بار. «ئەھمەد» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

رەقىب مېنىڭ كۆڭلۈمنى باشقا تەرەپكە تارتماقچى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يارنىڭ جامالىنى كۆرۈپ قېلىشىمنى خالىمايدۇ.

خوجا مۇسا — ئۆزىنى شائىر ھېسابلايدۇ ۋە ئەل قېشىدا شېئىرلارنى ئوقۇيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئۇنىڭ شېئىردى تالانتى يوق. ئۇ باشقىلارغا پۇل بېرىپ، ئۆز نامىغا شېئىر يازدۇرۇپ يۈرىدۇ. بۇ مەتلەئ شۇ خىلدىكى شېئىرلاردىن بىرى، بېيىت:

شاراب قەدىھى ئۈچۈن ئىچەرمەنلەرنىڭ بېشى كۆپۈك بولدى، كۆپ باشلار قەدەھ بېشىدا شارابقا ئايلاندى.

مەۋلانا مەشرەبى — مەشھەدلىك، تالانتى بار يىگىت. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي تۈرك گۈزىلىم، سەن ھەر ۋاقىت زىننەتخانىغا كىرگىنىڭدە، زىننەتخانىنى گوياكى چىن سۈرەتخانىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىسەن.

مەۋلانا ۋەفائى — مەشھەدلىك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئەينەك دائىم ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان بولسىدى، كاشكى، ئۇنىڭ نەزىرى شۇ چاغدا غەيرىدى كىشىلەرگە چۈشمىگەن بولاتتى.

مەۋلانا ھەبىب — مەشھەدلىك، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:



نازلىق گۈزەلىمگە كۆڭۈل ئەھۋالىنى سۆزلەپ نېمە قىلاي، سۆيگۈ ئىزلىرى سارغايغان چىرايىمدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇغۇ.

مەۋلانا ھەرەمى — مەشھەدنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن بولۇپ، شېئىرلىرى يامان ئەمەس، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

غەم ۋادىسىدا سەنەملەر ئىشقى سەۋەبىدىن ئاھ ئۇرۇشقا باشلىغانىدىن بېرى، مەن غەمكىنىڭ شادلىق نەپەسلىرى ناھايىتى ئاز بولدى.

مەۋلانا قەلەندەر — مەشھەد دانىشمەنلىرىدىندۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەر قاچان ئۇ شاراب رەڭگىدەك قىزىل لەۋلەردىن يىراقلاشسام، قان چاچقۇچى ئىككى كۆزۈمدىن قەدەھ - قەدەھ قانلار تامىدۇ.

مەۋلانا قىرانى — مەشھەدلىك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

گەرچە مەجنۇننىڭ دىلى ئىشق سەۋەبىدىن قانغا تولغان بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ بۇ ھالىتىم قايسى مەجنۇندا بولۇپ باققان؟

مەۋلانا شادى — مەشھەدنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىندۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇ قاتىل دەرد داغلىرىدىن كۆڭلۈم ئۆيىگە شۇنداق مۆھۈر باستىكى، ئۇنىڭ مېھرى ئۆلگىنىمدىن كېيىنمۇ دىلىمدا قالغۇسى.

مەۋلانا خەلىل — مەشھەدلىك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي دەردمەنلەرنىڭ قاتىلى، سېنىڭ تىغىڭدىن دەردمەن-
لەرنىڭ دىلى غۇنچىدەك قانغا لىپمۇلىق تولۇپ كەتكەن.

مەۋلانا ھەيبەتى — مەشھەدلىك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇ قۇياش يۈزلۈكنىڭ تار ئېغىزلىرىنى ئوبدانىراق كۆرگۈم
كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۆزۈم چۈشۈش بىلەنلا كۆزلى-
رىم خىرەلىشىپ، كۆرەلمەي قالىدۇ.

مەۋلانا فەنائى — مەشھەدلىك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مەن ئۇ پەرى يۈزلۈكنىڭ ئىشقىدا ئەقلىدىن ئاداشقان چاچ-
لىرى چۇۋۇق دىۋانىمەن.

مەۋلانا قەنبەرى — مەشھەد شائىرلىرىدىندۇر. بۇ مەتلەئ
ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەربىر خاپا كىشىنىڭ نالىسى ئۇنىڭغا ئارتۇقچە جەۋر-جا-
پانىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا، مېنىڭ نالەم ماڭا جەۋر-زۇلۇمنى
كەم قىلغانلىقتىندۇر.

سەييد ئارىف — مەشھەدنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن بو-
لۇپ، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي پەرى چېھرە، ئەگەر سەن كۆزۈم سارىيىدا ئورۇن-
لاشساڭ، دىلىم ساڭا كۆزلىرىم پەردىسىدىن پايانداز سالىدۇ.



لۇتفىئى سانى — ئۇمۇ مەشھەد شائىرلىرىدىن ۋە دا-
نىشمەنلەردىن بىرى، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

تۈننى يورۇتقۇچى ئۇ شام بۈگۈن كېچە مېنىڭ مېھمىنىم
بولدى، بۇ كېچە قىيامەتكىچە تاڭ ئاتمىغان بولسىدى، كاشكى.

مەۋلانا ئەدھەمى — مەزىد تەنبۇرچىنىڭ ئوغلى بولۇپ،
تالانتى يۇقىرى. ئۆزى مەشھەدلىك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇنىڭ ئارزۇسىدا دائىم زەررىچىلەردەك چېچىلىپ يۈرى-
مەن. يۈزۈڭ ئاپتىپى بولماي تۇرۇپ ماڭا تىنچلىق يوق.

مەۋلانا شەھابى — مەشھەد شائىرلىرىدىندۇر. بۇ مەتلەئ ئۇ-
نىڭكى، مەتلەئ:

ھەي گۈزەل قامەتلىك سەرۋى، ھەي جاپا قىلىشنىلا ئا-
دەت قىلىۋالغان شوخ، غەملىرىڭ ئوقىدىن بۇ مەجرۇھ تېنىم
ئورمانلىققا ئايلاندى.

مەۋلانا دەرۋىش — مەشھەدلىك بولۇپ، بۇ دەرۋىش رەۋ-
غەنگەردىن باشقا كىشىدۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

يۈرەك باغرىمدىكى داغلار يارىمنىڭ قولىدىن كەلگەن بو-
لۇپ، گەرچە ئۇلار كۆيدۈرسىمۇ، جېنىمغا راھەتتۇر.

مەۋلانا ئەيانى — مەشھەد دانىشمەنلىرىدىندۇر. بۇ مەت-
لەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھېچقاچان يار مېنىڭ زار-زار يىغلىغىنىمدىن يىغان چەكمەيدۇ، بەلكى يىغلىشىمغا قىلىشماي قىغان چېكىپ زارلايدۇ.

**مەۋلانا غىياسىددىن** — مەشھەدلىك بولۇپ، يۇقىرى تالانتقا ئىگە. «ئابىل» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

مېنىڭ ئۇ ئاي ۋە قۇياش يۈزلۈك نامېھرىبانىمنى كۆڭلۈمدىن بىردەممۇ ئايرىما.

**سەئىد ئەبدۇللەتىپ** — مەشھەدلىك. ئۇنىڭ ئون تۆت ياكى ئون بەش ياش ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك. مۇئەممانى شۇ قەدەر ياخشى ئېيتاتتى ۋە سىرىنى ئاچاتتىكى، مەھەللىدىكىلەر بۇنىڭدىن ھەيران ئىدى. ئۇنداق كىچىك تۇرۇپ بۇ پەندە ئۇنىڭدەك ماھارەتلىك بولغان كىشىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. «ھەيدەر» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ ئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

يىغلاۋاتقان ئاشىق ھىجران بۇلۇتى-پۇشقاقلىرىدىن گۈلشەنگە ماڭدى، ئۇ كۆز ياشلىرىدىن ھەر تەرەپكە گۈل ۋە ئۈنچىلەرنى چاچتى.

**مەۋلانا مۇھەممەد** — مەشھەدلىك بولۇپ، ئۇمۇ كىچىك چېغىدىلا مۇئەمما پېنىدە ئۆتكۈر ئىدى. «مۇھەممەد» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ھەي كۆڭلى مېھرى ۋە ۋاپادىن باشقا نەرسىگە ئادەتلەنمىگەن دوست، كۆپ مېھرىلىك سۆزلەرنى قىلدىم، دىلىدىكى مۇددىئايىم پەقەت جامالىڭدىنلا ئىبارەت.



**مەۋلانا پەخرى** — مەشھەدلىك. «قۇباد» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭ، مۇئەمما:

مەن قاچانكى يار جامالىنىڭ گۈلزارىغا ئاشىق بولغاندىن بېرى، دىل ئۇ ئاي يۈزلۈكتىن يىراقتا قالغانلىقىم ئۈچۈن دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا بولدى.

«ئەلى» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمممۇ ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ھەربىر ئادەمنىڭ دىلى بىر ئەينەك بولسا، يارنىڭ چىراي ئەينىكى مېنىڭ دىلىمدۇر.

**مەۋلانا رۇكنى** — شىرازلىق بولۇپ، تالانتى خېلى يامان ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئەگەر دىلدارغا بىر ئېغىز سۆز ئېيتىش ئىمكانىيىتىنى تاپالىسامتىم، بۇ مەجرۇھ دىلىمنىڭ ئەھۋالىنى ئەرز قىلغان بولاتتىم.

**مەۋلانا ناسىھى** — تالانتلىق يىگىت بولۇپ، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، مەتلەئ:

ھەر كىم جامالىڭ سەھىپىسىگە نەزەر سېلىپ قالسا، ئۇنى دىققەت بىلەن كۆرۈپ مۇتالىئە قىلىشتىن قانداقمۇ كۆزىنى ئۈزەلىسۇن.

**مەۋلانا تايىرى** — ئاستىرا بادلىق. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

گەرچە كۆڭلۈم ياخشى ئۆتمىسىمۇ، ئىشق بىلەن خۇشالمەن، قىسمىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى بىلەن چاتىقىم نېمە؟

سەيىد ھەزىنى - ئۇمۇ ئاستىرابادلىق. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، مەتلەئ:

ھىجران ۋادىسىدا دەرد بىلەن غەمدىن باشقا نەرسە يوق. لېكىن مەن ئۇ يارنى ئەسلەش بىلەن پاراغەتتىمەن. دۇنيادىن مەقسەت پەقەت شۇ.

مەۋلانا مەھدى - ئۇمۇ ئاستىرابادلىق. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، مەتلەئ:

ھەي ساقىي، ئەدەبسىزلىكلىرىمىزدىن ئەجەبلەنمە، چۈنكى بىز مەست كىشىلەرمىز، بىزدە ئەدەب بولمايدۇ.

مەۋلانا تايىپى - زىيارەتگاھلىق بولۇپ، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، مەتلەئ:

مەن ئۇنىڭ ئىتلىرى توپىدا ئورۇنلاشتىم، ئۇنىڭ ئاستانىسىنىڭ توپىسىدىن كۆزۈمنى روشەن قىلدىم.

مەۋلانا نايىبى - تەيئابادلىق. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇنىڭغا نەزەر قىلغۇچىلارنىڭ قەبرىسىدىن ئەگەر لالە ئۈنۈپ چىققان بولسا، ئۇ لالە يۈرەك دېغى ۋە جىگەر قېنىدىن بېشارەتتۇر.

مىر لەۋەند - جاھانكەشتە كىشى بولۇپ، قەلەندەرلىك سۈرىتىدە يۈرەتتى. پەزىلەت ۋە تالانتتىنمۇ خالى ئەمەس ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، مەتلەئ:



ئۇنىڭ يۈزىنى ئاي دېگەنىدىم، بۇ سۆزۈم شەھەرگە پۇر كەتتى. ئۇنىڭ چىشلىرىدىن سۆز ئاچقانىدىم، ئېغىزىم ئۈنچىلەرگە تولدى.

مەۋلانا ئەمىنى - ئىككىنچى مەجلىستە نامى زىكرى قىلىنغان مۇھەممەد ئەلى ئەمىنىنىڭ ئوغلى بولۇپ، زېھنى ئۆتكۈر يىگىت. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

يار مېنى ناز - كەرەشمە ۋە غەزەپ زەنجىرىدە باغلاپ تۇرسىمۇ، يەنە ئىشق سەۋدايىلىقى غالىب كېلىپ مېنى ۋەيران قىلدى.

مەۋلانا مۇھەممەد - سەۋدايى قىياپەتلىك يىگىت. تالىبى ئىلىملىقىمۇ بار. شاھمات ئويناشقىمۇ ئاجايىپ ئامراق. كۆپرەك مۇئەمما بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «ئەھمەد» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭ، مۇئەمما:

سېنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچىڭدىن باشقا غەمخورلۇق قىلغۇچىم يوق. مېنى يارسىز ۋە غەمخورسىز قويما.

مەۋلانا زىرەكى - شەھەر ئىچىدىكى تالانت ئىگىلىرىدىن بولۇپ، تەبىئىتىدە قابىلىيەت نىشانلىرى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئىشق يولىدىكى جەۋر - جاپا تاشلىرى مېنىڭ نېسىۋەم، تاغ - باياۋانلاردىكى لالە گۈل جىگەر پارەمدۇر.

مەۋلانا ۋەھدەتى - ئۇنىڭ بىر تۈرلۈك نەزمىلىرى بار. تەبىئىتى گۈزەللىكتىن خالى ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ئۇنىڭ يۈزىدىكى مەڭنى كۆرۈش بىلەن ھالىمدىن كەتتىم، ئۇنى يارىتقۇچىغا ئاپىرىن، بۇ ئۇنىڭ پەركارى (سىركولى) سىزغان چەمبەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپتۇ.

**مەۋلانا نادىرى** — مەرۋىدىن. ئۇنىڭ تالانتى يۇقىرى، ئالاھىدە ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما ئىنتايىن ھورۇن ئىدى، ئۇ بىر مەزگىل پېقىر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانىدى. ھورۇنلۇقىنى تۈزىتەلمەي يەنە ئۆز ئىشىغا كەتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيت**:

ھەي پەلەك، تاش بىلەن ئۇرۇپ سۆڭەكلىرىمنى يۇمشىتىۋەتكىن، مۇبادا كۆڭلىمىزنى ئالغان سۆيۈملۈك يار بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا قىلىچىنى ئۆتمەس قىلىپ قويمىسۇن.

**مەۋلانا بەھىشتى** — ھىسار ۋىلايىتىدىن. ئوقۇش ئۈچۈن بۇ مەملىكەتكە كەپتۇ، تالانتى ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيت**:

سېنىڭ تاشلىغان سالماڭغا ھەرقانداق بەختسىز ئېلىنىۋەرمەيدۇ. بۇ بالا ـ قازا بىزنىڭلا گەدىنىمىزگە چۈشكەن.

**مەۋلانا ھىراتى** — قەيەرلىك ئىكەنلىكى تەخەللۇسىدىن ئايان. زېھنى يامان ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **مەتلەئ**:

كېچىدە مېنىڭ نالە ـ پىغانىمنىڭ ئاۋازى خالايىقنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇنى قاچۇردى. ئاينىڭ خىرمىنىنى كۆز يېشىم توپىنىڭ سۈيى ئېقىتىپ كەتتى.

**مەۋلانا نەرگىسى** — مەرۋى ۋىلايىتىدىن. ئاجىزلارچە قىياپەتتە يۈرىدىغان يىگىت ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيت**:



سېنىڭ ئىشقىڭنىڭ دەردى ـ بالاسى، كىمنى دىۋانە قىلسا، ئۇ كىشى گويا مەجنۇندەك ۋەيرانە بولۇڭ ـ پۇشقاقلاردىن ئورۇن ئالىدۇ.

**دوست مۇھەممەد** ـ مۇرغانى مەھەللىسىدىن، ھەم شېئىردا ھەم مۇئەممادا تالانتى يۇقىرى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيت**:

كۆڭۈلگە ھەر دائىم يېڭى جاپا يەتكۈزۈپ تۇرىسەن، باشقىلارغا قىلغان جاپالىرىڭمۇ، ماڭا، يېڭىدىن يېڭى بالادۇر.

«سەفى» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، **مۇئەمما**:

ھەر سەھەردە تاڭ شامىلى ئۇ گۈلزاردىن پۇراق ئېلىپ كېلىدۇ، مەن يۈرىكى كۆيگەن بىچارە تاڭ شامىلىنى ئويغىتىمەن.

**مەۋلانا ئەھلى** — تەرشىز ۋىلايىتىدىن، شېئىرلىرىدا خېلى لەززەت بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **مەتلەئ**:

ھېيت ۋاقتىدا ۋە گۈل مەۋسۇمىدە كۆڭۈل ئىچىش كېرەك. ھەي ساقىي، شاراب كەلتۈرگىن. سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار.

**ھەسەن ئەلى** — دوست مۇھەممەدكە تۇغقانچىلىقى بار. ئۇنىڭمۇ شېئىر ۋە مۇئەممادا تالانتى يۇقىرى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيت**:

مەن يۈرەكسىز بىچارە، ھەتتا سايەڭمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشىنى خالىمايمەن. ھەي ھىجران كېچىسى، كەل، ئۇنى يەر يۈزىدىن يوقاتقىن.

«پەرىدۇن» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، **مۇئەمما**:

قەلبى دەردلىك زار يىغلاپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز كى-

شىلەر ئۇنىڭ ھېيلىسىگە ئەسىر بولۇپ قالغان.

**مەۋلانا پەتھۇللاھ** — تېخى ئەمدى ئارىغا كىرگەن نوتا يىگىتلەردىن. مۇئەممادا تالانتى يۇقىرى. «بىلال» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، **بېيىت:**

قانداق قىلىپ مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭ چېچىڭ بىلەن دوستلۇق قىلالىسۇن، چۈنكى كۆڭلۈم ئىككى ئۆرۈم چېچىڭنى كۆرۈش بىلەنلا خۇدىنى يوقاتتى ئەمەسمۇ.

**مەۋلانا ئەسىرىددىن** — تالىبى ئىلىملىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يىگىت. تالانتى مۇئەمماغا مايىل چىقىپتۇ. **«مەقبۇل»** ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، **مۇئەمما:**

مەن بىچارىگە ئۇ ئاي يۈزلۈك يامان قىلمىدى. ھەر كىشى مەن تۇغىرىدا بىرەر سۆز قىلسا ئۇنى رەت قىلمىدى.

**مەۋلانا نەزىرىددىن** — ئىككىنچى مەجلىستە ئىسمى زىكرى قىلىنىپ ئۆتكەن مەۋلانا مۇھەممەدنىڭ ئوغلى. ئۇ «ۋەفائى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. پېقىرنىڭ ئىلتىماسى بىلەن «زەمانى» دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ئىككى سەۋەبتىن ئىدى: بىرى شۇكى، ئۇ سۇلتان بەدىئۇززەمان مىرزىنىڭ خىزمىتىدە بولغاچقا، «زەمانى» دېگەن تەخەللۇس ئۇنىڭغا ناھايىتى لايىق ئىدى. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئەھمەد جامبەگ **«ۋەفائى»** تەخەللۇسنى قوللىناتتى ۋە شېئىرلىرى مەشھۇر ھەم **دىۋانىمۇ** بار. بۇنداق كىشىگە سەۋەبسىز تەخەللۇس جەھەتتە **شېرىك** (ئورتاق) بولماق مۇناسىپ ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ **مەتلەئى** ياخشى چىققان بولۇپ، كۆچۈرۈلۈپ ۋە شەرھىلىنىۋاتىدۇ،
**بېيىت:**



زارلانغان كۆڭلۈمنىڭ كۆيۈشى ھەرگىزمۇ كۆز يېشىم بىلەن ئازايمايدۇ، مەندىكى بۇ ئوت پەقەت تۇپراققا كۆمۈلگەندىن كېيىن ئاندىن تىنجىسا كېرەك.

**مەۋلانا سەۋسەنى** — ئازادە سۆپەت كىشى ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا مەھدى ئۇليا گەۋھەر شادئاغا (ئۇنىڭ ياتقان جايى **يورۇق** بولسۇن)، مەدرىسىسى ئەتراپىدا بولاتتى. ئەمما ھازىر شەھەردە تۇرماقتا. ئورۇنسىز ئەل بىلەن ھەمسۆھبەتلىك قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە سەۋەبسىز مۇشەققەتلەرنى لايىق كۆرمەيدۇ. ھەممە كىشىگە بۇ خىل دۆلەت نېسىپ بولۇشىنى تىلەيمەن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيىت:**

يالغۇز ئۆتكۈچىلەر زامانىنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىراۋنىڭ توزىغا چۈشكەن ئۇۋۇمۇ ئەمەس، باشقىلارنى توزاققا چۈشۈرىدىغان ئۇۋچىمۇ ئەمەس.

**مەۋلانا ھەلاكى** — ھىرات شەھىرىدىن، تۈرك كىشىلەر ئارىسىغا كۆپ كىرمەيدۇ، ئۆز نامراتلىقى بىلەن مەشغۇلدۇر، مەككە سەپىرىگە ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراھمان جامى) خىزمىتىدە بېرىپ كەلدى. ئۇ ئەجەب مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئادەم. بەزىدە ئۇ نەزىم ئېيتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيىت:**

غېمىڭسىز نەپەس ئالالمايمەن، بىردەممۇ غەمسىز ئۆتەلمەيمەن.

بۇ بېيىتمۇ ياخشى چىقىپتۇ. **بېيىت:**

قولۇم يورەكتە، پۇتۇم لايدا قالدى، ئالەمدە باش كۆتۈرۈپ يورەلمەيمەن.

**مەۋلانا غۇبارى** — ئىسپەرايىنلىق. كۆپ ۋاقىتلاردا

ئاستراباددا ۋە ئىسپەرايىندا سەركارى جۈيەن ۋە بەھرىئابادتا تۇردۇ. يوقسۇل سۈپەت كىشىدۇر. بۇ مەتلەئ ئۈنىڭكى، بېيىت:

كېچىسى ئۇ كۆڭۈلنى يورۇتقۇچى بىلەن بىللە ياندىشىپ كېتىۋاتاتتىم. شادلىقتىن تاكى تاڭ يورۇغانغا قەدەر كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

مەۋلانا رىيازى — زاۋە ئەتراپىدىن بولۇپ، مىجەزى ئۆزگىرىشچان كىشى ئىدى. ئاشۇ ۋىلايەتنىڭ قازىسى ئىدى، لېكىن ئۆز ئىشىغا نالايىق ئىشلار ئۇنىڭدىن سادىر بولۇپ قازىلىقتىن ئېلىپ تاشلاندى ۋە تۇتۇپ تۇرۇلدى. مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. ئۇ يەنە شۇ مەنسەپ مۇددىئاسىدا كۆپ زىيان زەخمەتلەرنى تارتتى. ئەمما مۇيەسسەر بولمىدى. ئۇ ۋەز ئېيتىپ مۇنبەردە ئۆز شېئىرلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇپ ھالىدىن كېتەتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرىدا بۇ خىل ئاجايىپ ـ غارايىپلىقلار كۆپ. ھەممىدىن غەلىتىراقى شۇكى، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شاگىرتلىرى بىلەن تاغ سەيلىسىگە چىقىپ، تاغدىن تاش يۇمۇلىتىپتىكەن، تاش بېرىپ بىر ئاجىز كىشىگە تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دورغىلاردىن قېچىپ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىشى بىلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالمايدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئەگەر پەردىشتە مېنىڭ ئېيتقىنىمنى تىردىكلىك سۈيى بىلەن يۇغان بولسىدى، ھېلىغىچە جانانىمنىڭ ئېيتقىدىن قولۇمنى يىراق تۇتقان بولاتتىم.

مەۋلانا زاھىرى — ھىرات شەھىرىدىن بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا موزدوزلۇق قىلاتتى، ھەم شۇ ۋاقىتلىرىدىلا كىشىلەر ئۇنىڭدىن نەزمىلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى. چوڭايغانسېرى



شېئىرلىرىمۇ كۆپەيدى. ئۇنىڭ زېھنىدە ئۆتكۈرلۈكى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سېنىڭ جادۇ كۆزلىرىڭدىن يۈرىكىم يۈز پارە بولدى، مەن بىر يۈرەك بىلەن، ياق يۈز يۈرەك بىلەن يۈزۈڭگە ئاشىقمەن.

مەۋلانا مەجنۇنى — بەلختە تۇردۇ. ئۆزى يوقسۇل كىشى، ئۇ قەبرە تاشلىرى ۋە كاتىپلىق ئىشلىرىنىمۇ ئىشلىيەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشقا كېرەكلىك خىراجىتىنى قامدايدۇ. شۇڭا خوجا ئۇككاش مازارىدا تۇرماقتا. شېئىرى خىيال ئۈچۈن بولغان بولسا كېرەك، ئۇ ۋەرەقۇل ـ خىيال (نەشە) غا كىرىشىپ كېتىپتۇ، نەشىگە شۇ قەدەر بېرىلىپ كېتىپتۇكى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپتۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئاي يۈزلۈكۈم قىزىتىپ، باغرىمنى كاۋاپ قىلدى، ئۇ ئاي ئىدى، مانا ئەمدى ھارارەتتىن قۇياش بولۇپ قاپتۇ.

مەۋلانا ھەمىدەمى — مەشھەدلىك. ئۇ كاسەگەرلىك (قاچا ـ قۇچا ياساش) ھۈنىرىنى بىلەتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، بېيىت:

مەن سېنىڭ ھۆسنى ـ جامالىڭسىز ماتەم ۋە غەملىكمەن، ماتەم بولغاندىمۇ قانداق ماتەم ـ ھە!

مەۋلانا نەجمى — مەشھەدلىك بولۇپ، كىيىم تىكىش ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سېنىڭ ئىشقىڭ سەۋداسىدىن مېنىڭ بېشىم سېنىڭ ئايىغىڭدا بولغىنى ياخشى. سېنىڭ بېشىڭنى كۆرمىگەنلىكىمدىن، ھەممە ياق ماڭا زىمىستانغا ئايلاندى.

سەييىدزادەئىي مۇنشىي — تەبىئىتىدە خېلى دىققىتى بار، ئۈيلۈك، يۇسۇنلۇق يىگىت. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

يار مېنىڭ ئەھۋالىمغا، ياتلار مېنىڭ ئەيغانىمغا يىغلايدۇ،
ماڭا ۋە مېنىڭ ئەھۋالىمغا دوستىمۇ، دۈشمەنمۇ يىغلايدۇ.

مەۋلانا ئاسىمىي — ھىراتلىق. ئاتىسى ئوبدان كىشى. سودا - تىجارەت بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. ئۆزىنىڭ تالىبى ئىلىملىقىمۇ بار، نەزىم بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سېنىڭ ھىجرانىڭدىن غەم ئوتى بېشىمغا تۇغ تارتىپ كەلسە،
كۆزلىرىم قايىنىمىدىن ياشلىرىمنى شام كەبى تۆكىمەن.

مەۋلانا فەخرىددىن — پېقىرنىڭ تۇغقانلىرىمدىن. مۇئەممانى ياخشى ئاچىدۇ. بەزىدە ئاز - تولا مۇئەممامۇ ئېيتىدۇ. ئەگەر داۋاملاشتۇرسا، بۇ پەندە ياخشى بولغۇدەك. «ھەيدەر» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، بېيىت:

گەرچە مەن كۆڭۈل ئالغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدىن جاپا كۆرسەممۇ،
ئۇ دىلبەردىن ۋاپا كۆرۈشۈم مۇمكىن.

مەۋلانا مەقسۇد — فەخرىددىننىڭ ئىنىسىدۇر. ئۇنىڭمۇ خېلى ئوبدانلا تالانتى بار. شېئىرىيەتنىڭ غەزەل تۈرىدە كۆپ تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇنىڭ ئاي يۈزلىرى ئەينىكىگە چاڭ - توزان قونۇۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۆسنى - جامال قۇياشىنىڭ قارشىسىدا مېنىڭ ئاھىم يول توسىدى.



مەۋلانا سەفائىي — ئەمدى پەيدا بولغانلاردىن بولۇپ، پېقىر ئۇنى زادى كۆرۈپ باقمىدىم. ئەمما شېئىرلىرىنى ئاڭلىدىم. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆزلىرىم ھامان سېنىڭ دىدارىڭنى كۆرۈش ھەۋىسىدە بولغاچقا، دائىم ماڭا ئارقىسىنى قىلغان ھالدا ساڭا قاراپ تۇرىدۇ.

مەۋلانا سافىي — كۆھى ساف شەيخلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، تەخەللۇسىمۇ شۇنىڭغا دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ، نەزمىلىرىدە ھەزرىتى خوجا ھاپىزغا نەزىرەلەر قىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەي ساقىي، مەن مەست ھالەتتىمەن، سەن ساپ ۋە سۈزۈك مەي تۇتماقتىسەن، ئەگەر مەستلىك قىلىپ قويسام ئەڭ ياخشىسى كەچۈرەرسەن.

مەۋلانا فىغانىي — مىر سەئىدنىڭ شائىرى بولۇپ، كىتاب مۇقاۋىلاش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. نەققاشلىق ھۈنىرىمۇ بار. ئەمما كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىدىكى تالانت ئىگىلىرىگە خاس ئىللەتلەر تۈپەيلىدىن تۇرمۇشتا رەتسىز يۈرىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، بېيىت:

سېنىڭ ۋەسلىڭگە بىردەم ئېرىشىش مەڭگۈلۈك ھاياتتىن ياخشى، سېنىڭ ۋەسلىڭنى ئەسلەشنىڭ شادلىقى بىلەن بۇ زاماندا ئەڭ خۇشال كىشىمەن.

مەۋلانا بۇ ئەلى — سەۋدايىلاردەك يۈرىدۇ. سەۋدايى بولمىسا «بۇئەلى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنارمىدى؟ بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كىشىلەر سېنىڭ ئىشقىڭ يولىدا بىمالال يۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، پەقەت مەنلا ئاشىقمەن، باشقىلار بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشىدۇ.

مەۋلانا شەيخى — تەبەسلىك. ئۇ بىر مەزگىل ئىراقتا كېتىپ، ئۇ يەردىن كەلگەندە مۇزىكا ۋە نوتا ئىلمىنى ئۆگىنىپ كەلدى. بۇ ساھەدە تېخى بىر نەرسە ئىجاد قىلغاندەكمۇ تۇرىدۇ. تەبەستىكى ۋەقپە ۋە مال-مۈلۈكلەرنىڭ شەيخلىق ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ، ھازىر شۇ ئىشقا مەشغۇل. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆكسۈمنى ئۆرتەۋاتقان قانداق داغ؟ ئۇ سېنىڭ مېھرىڭدىن جېنىمغا بېسىلغان سۆيگۈ-مۇھەببەت تامغىسىدۇر.

مەۋلانا خىزرى — بىراۋنىڭ سېتىۋالغان چاكىرى ئىكەندۇق، خوجىسى ئۇنى ياكى بولمىسا ئۇ خوجىسىنى ئازاد قىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى خوجىلاردەك يۈرۈشىدۇ ۋە ئۆزىنى ئازاد كۆرسىتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، بېيىت:

ھەي زۆھرە يۇلتۇزى، سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرەلمەي ئۆمرۈم ئۆتمەكتە، ئېسىت، شۇنداق ئۆتۈپ كەتكەن ئېزىز ئۆمرۈمگە!

مەۋلانا باتىنى — يوقسۇل، ساددا كىشى. ئۇ بەلختە



ئولتۇرىدۇ. ئەۋەككۈل قەدىمى بىلەن مەككىگە بېرىپ كەلدى. ئاندىن يەنە بەلختە خىلۋەتنى ئىختىيار قىلدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

بەس! ھەي كۆڭۈل تولا سىقىلما، ئۇ كۈلۈپ تۇرغان غۇنچە سەۋەبىدىن جان كۆڭۈلدىن تويدى، كۆڭلۈم جېنىمدىن ۋاز كەچتى.

مەۋلانا پەيزى — ھىراتلىق بولۇپ، كىچىك چېغىدا نەققاشلىق قىلاتتى. نەزمىمۇ ئېيتاتتى. ئۆزىنى تامامەن شائىر خىيال قىلغاندىن كېيىن، نەققاشلىقنى تاشلاپ شائىر بولدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، بېيىت:

ھەي زاھىد، تەقۋادارلىق تونىڭنى ئەكىلىپ، شاراپ ئۈچۈن كۈرۈككە قويغىن. زاھىدلىق ئەسۋابلىرىڭنى ۋە تائەت-ئىبادەت ئۆيىنى ۋەيران قىلغىن.

مەۋلانا شوخى — شەيخ سەئىد لادەنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭغا خېلى ياخشى تالانت نېسىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاتىسىنىڭ خۇي-مىجەزىدىنمۇ نېسىۋىسىز ئەمەس، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، بېيىت:

مەن ئاۋارە ئۇنىڭ ئىتلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ بىچارە كۆڭلۈمنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتاي دېسەم، يول يوق.

مەۋلانا زاھىرى — دەرۋىش يىگىت. ئۇ دەرۋىشلەر بىلەن بەزىدە بۇ پېقىرنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ

تالانتى گۈزەللىك، رەڭدارلىقتىن خالى ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيىت:**

شاراب قەدەھىدىن مېنىڭ جېنىمغا روشەنلىك ھاسىل بولىدۇ. ئۇ يالتىراق مەيىنىڭ ئۆركىشى مەن ئۈچۈن جان ئەينىكىدۇر.

**مەۋلانا خۇلقى** ــ ھېراتلىق بولۇپ، نەزمىگە تالانتى يامان ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، **بېيىت:**

ھەي نازاكەتلىك سەۋرى، سەن قەلبىمىزدە ئورۇن ئالمايسەن؟ ئورۇن ئالىسەنۇ، لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئەمەس.

**مىر ئەسەددۇللاھ** ــ سىمنانلىق بولۇپ، ئۆز مەملىكىتىدىن ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ھېرات شەھىرىگە كەلدى. پېقىرنىڭ مەدرىسىدە ساۋاق ئوقۇۋاتىدۇ. ئۆزى چىرايلىق ۋە مىجەزى ياخشى يىگىت. «ئۇنىس» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، **مۇئەمما:**

مۇھەببەت ئەھلىنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي تۆكۈۋاتقان ياشلىرى، ئۇنىڭ ھىجران ئوتى ئالدىدا ئىلاجىسىز تۆكۈلگەن كۆز يېشى ۋە يۈرەك قېنىدۇر.

**مىر ئەھەدۇللاھ** ــ بەلختىن بولۇپ، ئۇمۇ شەھەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن كەپتۇ. خېلى ياخشى تالانتى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **مەتلەئ:**



**ھەي غەم تۈنى،** مېنى ئۇ قۇياش يۈزلۈكۈمدىن يىراقتا كۆيدۈردۈڭ، ۋىسال كۈنىنى ۋەدە قىلىپ يىللاپ ساقلىتىپ مېنى ئۆرتىدىڭ.

«پارسا» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممامۇ ئۇنىڭ، **مۇئەمما:**

بارلىق پاك ۋە دانىشمەن كىشىلەرنىڭ باشلىرى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقتا ئايلاندى.

**مەۋلانا شاھ ئەلى** ــ پېقىرنىڭ مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ. ئۇ پېقىرنىڭ جەمەتىدىن. «خان» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

دەۋران غېمىدىن، ھايات جەۋرىدىن ۋە يار جامالىنىڭ زۇلمىدىن ئامان بولۇشنى تىلەيمەن.

**مەۋلانا زىيائى** ــ پېقىر ئۇنى كۆرمىگەن بولساممۇ، ئەمما شېئىرلىرىنى ئاڭلىدىم. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيىت:**

سېنىڭ قەددى-قامىتىڭ ماڭماق بىلەن ناز پەيدا قىلغىنىدا، سەرۋىنى ئۆزىگە قۇل قىلىپ، يەنە ئازادمۇ قىلىۋېتىدۇ.

**مەۋلانا سەئىد** ــ چىرايى قارامتۇل كىشى بولۇپ، چاكارلىق بىلەن مەشغۇل. ئۆز ھالىغا يارىشا بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، **بېيىت:**

ئۇ ئاي يۈزلۈك مېنى ئۆزىنىڭ چاكىرى دەپ ئاتىدى. چىرايىمنىڭ قارىلىقى ئاخىرى بىر ئىشقا ياراپ قالدى.

مەۋلانا دەرۋىش ئەلى — تىبابەتچىلىككە مەشغۇل بولۇپ، بۇ پەننىڭ دانىشمەن ۋە ماھىرلىرى ئۇنىڭ تالانتىنى تىبابەت ئىلمىدە كۆپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇنىڭ داۋالاش چارىلىرىنى كۆرگەنلەرمۇ ئۇنى ماختىشىدۇ. شېئىرىي تالانتىمۇ ياخشى بولۇپ، مۇئەمما بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىدۇ، «ۋەلى» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭ، بېيت:

ئۇنىڭ قارا چاچلىرى بەتقىلىقلىقىدىن قولىقىمىنى تۇتۇۋالدى ـ دە: «ھەي دەرۋىش» دېدى.

مەۋلانا قەلاشى — ئۇنىڭ مىجەز قىلىقلىرىنىمۇ «قەلاش» (ھاياسىز، ئېچەرمەن) دېگەن تەخەللۇسىغا مۇۋاپىق كىشى. خۇددى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ تەخەللۇسنى ئىختىيار قىلغاندەك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

سېنى ئالەم گۈزەللىرىگە پادىشاھ قىپتۇ، سېنى خالايىقنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلىشىنى تىلەيمەن.

مەۋلانا گەدائى — تۈركىي تىلدا يازغۇچى كىشى، بەلكى ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرىدىندۇر. بابۇر مىرزا زامانىدا شېئىرلىرى شۆھرەت قازاندى. بىر خىل ئېيتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مەشھۇر مەتلەئلىرىدىن بىرى، مەتلەئ:

ئاھ، سەۋدايى كۆڭلۈم يەنە ساڭا باغلىنىپ قالدى. بۇ كۆڭۈلنىڭ ئىلكىدىن يەنە جانغا بالا ـ قازا كەلدى.



مەۋلانانىڭ يېشى توقساندىن ئۆتۈپتۇ. بۇ مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، بېيت:

ھەي دىلبەر! سەنسىز تىرىكلىك جانغا بىر بالا ئىكەن. ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى قېشىدا يۈز ئۆلۈممۇ ھەيران قالىدىكەن.

مەۋلانا ۋاھىدي — مەۋلانا جامى مەئرۇفىنىڭ ئوغلى. ئۇ مەشھەدلىك ۋە شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سېنىڭ ئىپاردەك چېچىڭ پەيدا بولغاندىن بېرى، بىزنىڭ بۇ ئاۋارە كۆڭلىمىزگىمۇ ماكان پەيدا بولدى.

زاۋە قازىيى — تالانتلىق يىگىت. ئۇ مەسنەۋىيلەرنى چىرايلىق ئېيتىدۇ. بۇ يېقىندا مىر خۇسراۋنىڭ بەزى مەسنەۋىيلىرىگە نەزىرىلەر يېزىپتۇ، ئاجايىپ ـ غارايىپ خىياللارنى قىپتۇ. پاشقا نەزمىلىرىنىمۇ ئېيتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

مىسكىن بىچارە ئىشىكىڭگە كېلىپ نالە ـ زار قىلغان ھالدا داد ئېيتىۋاتسا، سېنى كىممۇ گۈزەللىك مەملىكىتىنىڭ تەختىدىكى ئادىل پادىشاھ دېيەلىسۇن.

مەۋلانا ھۇسەيىن — مەشھەدلىك بولۇپ، يېقىندا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىرات شەھىرىگە كەپتۇ. «ئىخلاسىيە» خانىقاسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. تالانتى ياخشى. «لۇتفى» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

شۇ تاپتا يارىنىڭ غەم ئوقلىرىنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈم تامان كېلىۋاتقانلىقىدىن خۇشالمەن.

مەۋلانا كاشى — مەشھەدلىك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي كۆڭۈل، ئۇنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ سېنى قاچانغىچە سەۋدايى قىلارمەن؟ ئۆزۈمنى ئويلىمىيالمايمەنۇ، سېنىڭ غېمىڭنى قىلالارمەنمۇ؟

مەۋلانا زايىرى — ئۇمۇ مەشھەدلىك بولۇپ، تالىبى ئىلىملىق بىلەن مەشغۇل. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مېنىڭ سەرۋىم ھەم دىلىمدىن ھەم روشەن كۆزۈمدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ ھەم گۈل كەبى پاكىز چىراي، ھەم تاڭ شامىلىدەك ساپ ۋە يېقىملىق.

مەۋلانا قانىئى — ئۇمۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك كىشىلەردىن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سېنىڭ يۈزۈڭ بىقارار دىللارنىڭ قىبلىسى، ئايىغىڭنىڭ ئىزى بولسا خارۇ-زار كىشىلەرنىڭ سەجدە قىلىدىغان مېھرابىدۇر.

مەۋلانا زىيائى — نىشاپۇرنىڭ دانىشمەنلىرىدىندۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

بۇ كېچە ئۇنىڭ ياقۇتتەك لەۋلىرى ئاشىق قېنىغا تەشنا



كۆرۈنىدۇ. ھەي ساقى، ئۇنىڭغا مەي بەرمە، چۈنكى ئۇنى مەستلىكتىن ئۆيگە كېتىپ قالمىسۇن دەپ قورقۇۋاتىمەن.

مەۋلانا نۇرى — ئۇمۇ نىشاپۇر شائىرلىرىدىندۇر. بۇ مەشھەدلىك نۇرى ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سەن ئاتقان ئوق دىلىم گۈلزارىنىڭ دەرىخى بولدى. بۇ دەرەخ قايغۇ ئەلەمدىن باشقا مېۋە بەرمەمدۇ، نېمە؟

مەۋلانا فەيزى — جۇنئابادلىق. ئۇ كۆپ ۋاقىتلىرىدا گازۇرگاھدا تۇرۇپ، تالىبى ئىلىملىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نەزمىلەردە تالانتى يۇقىرى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇنىڭ شېكەر لەۋلىرىدىن ماڭا گەرچە دەشنام يەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئاچچىق سۆزلىرىدىمۇ بىر خىل شېرىنلىك ۋە چۈچۈكلۈك بار.

مەۋلانا ئەينى — ئوبەلىق بولۇپ، ھاپىز (قارىي) ھەم كاتىپلىقمۇ قىلىدۇ. زېھنى نەزمىلەردە چاققان. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مەن سېنىڭ ئاي يۈزۈڭدىن يىراقتا قالغانلىقىم ئۈچۈن ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقىمەن. مەي ئىدىشى كەبى قانغا تولغان دىلىم بىلەن، نەمخۇش كۆزلىرىم يىغلايدۇ.

مەۋلانا مۇئىنى — شىرازلىق. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

يۈز سۆزۈمدىن بىرەرسىگە ھېيلىگەرلىك بىلەن قۇلاق

سالىسەن، ئۇنىمۇ ئېيتماستىن بۇرۇنلا ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويىسەن.

مەۋلانا خىزرى — ئۇمۇ ئەمدى پەيدا بولغان يىگىتلەردىن بولۇپ، تېخى يېشى كىچىك. ياخشى شېئىرلارنى يېزىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سېنىڭ ھىجرانىڭدا كۆڭۈل توختىماستىن نالە — پىغان چېكىدۇ. غېمىڭ كۆڭۈلنى قەستلىگەنىدى، ئەمدى جانغا قەست قىلىۋاتىدۇ.

ئۇستاد مۇھەممەد ئۇبەھى — كاردگەرلىك (پىچاق ياساش) ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. پەمى يامان ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئەگەر بىلسەڭ، گازۇرگاھ دالالىرىنىڭ ھاۋاسى جەننەتنىڭ يېقىملىق ساباسىدۇر؛ سۇلتانلىقنىڭ سۈيى بولسا خىزىر ئۆمرىنى بەخش ئەتكۈچى ئابىھاياتتۇر.

مەۋلانا كەۋكەبى — مۇنەججىم يىگىت. ئۇ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەنگە مۇناسىپ ھالدا «كەۋكەب» (يۇلتۇز) دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىشنى ئىختىيار قىلدى. پېقىر ئۇنى كۆرمىدىم دەپ ئويلايمەن. بەزى دوستلار ئۇنى كۆرگەنىدىڭ دېيىشىدۇ. لېكىن ئېسىمگە ئالالمىدىم. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇنىڭ جامالىسىز كىرىپىكلىرىم ئۇچىدىكى ھەربىر تامچە



ئاقان ھىجران كېچىسىنىڭ يېنىپ تۇرغان بىر مەشئىلى بولۇپ قالىدۇ.

مەۋلانا مېھنەتى — ئۇمۇ ئەمدى پەيدا بولغان شائىرلاردىن بىرى. پېقىر ئۇنى تېخى كۆرمىدىم. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سەھەر پەيتىدە ئۇ ئاي يۈزىگە نىقاب تارتقىنىدا، خەلق ئارىسىدا «كۈن تۇتۇلدى!» دەپ ۋارقىرىغان سادالار كۆتۈرۈلدى.

مەۋلانا شۈكرى — مەسەل ئارىلاش سۆزلەشتە مەۋلانا بىيىغىگە تەقلىد قىلىدۇ، ئۇ مەسەل ئۇسلۇبىدا ئاجايىپ ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سېنىڭ مىيىقلىرىڭدىن سۆز ئاچسام، سەن خوتەن ئەپارىدىن گەپ ئاچىسەن، قاچانغىچە بىز بىلەن چېچىڭنىڭ ئۇچى ھەققىدە سۆزلىشىسەن.

مەۋلانا ھەقىرى — ئەمدى پەيدا بولغان تالانتلىق يىگىتلەردىندۇر. ئەمما تەبىئىتىدە خېلى لەززەت بار. ئۇ ھىراتلىقتەك قىلىدۇ، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

مەيخانىغە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئۆزۈمگە ئورۇن تاللايمەن. مەي قاچىسىنى تاپىمەن — دە، شۇ يەردىلا سۇمۇرىمەن.

مەۋلانا ئەسىرى — ئۇمۇ ئەمدى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر-

لازىدىن. ئەمما نەزمىلىرى تېخى شۆھرەت تاپىپتى. شېئىرلىرىدا مەسەل ئۇسلۇبى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، بېيىت:

يارىمدىن ئايرىلىپ بالا ـ قازاغا يولۇقتۇم، نىمە بالا بولغان بولغىيدى، يارىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

**مەۋلانا سەئىد** ـ تىل ئۇستىسى ۋە تالانتلىق شائىر. تەبىئىتىدە خىيال قوزغىلىپ تۇرىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

گۈلزارغا تۆكۈلگىنى گۈل بەرگى ئەمەس، بەلكى بۇلبۇل يۈرىكىدىكى جاراھەتكە قويۇلغان ماموق ۋە قانلىق كىپەندۇر.

**خوجا كەلان بەززاز** ـ شەھەر (ھىرات) ئەھلىدىن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

بۇ يېشىل گۈمبەز (ئاسمان)دا كۆرۈنگەنلەرنى يۇلتۇز دەپ ئويلىما، ئۇ سېنىڭ يۈزۈڭنى تاماشا قىلىشقا كىرىشكەن ھۆرلەرنىڭ كۆزلىرىدۇر.

**خوجا مەنسۇر** ـ جۇرجان مەملىكىتىدىن بولۇپ، پۈتۈكچى جەمەتىدىندۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇ جەمەت ئىچىدە ئۇ كىشىدىن ئادەمىي سۈپەتراق ۋە ئىنسانىيەتلىكرەك ئادەم يوق. تالانتى ناھايىتى يۇقىرى. بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ. بېيىت:

قانغا بويالغان لالە پەردىسىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم پەردىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

كېيىن ئۇ كىشى مەجنۇن سۈپەت بولۇپ قالدى.



**سۇلتان مەھمۇد** ـ خوجا مەنسۇرغە تۇغقان. ئۇ خوجا شەمسىدىن مۇھەممەد پۈتۈكچىنىڭ ئوغلى. ئىلمى نۇجۇمدىن كەشپىيات قىلالىغۇدەك دەرىجىدە خەۋىرى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

يارىمنىڭ ھىجرانى ئازابىدىن مېنىڭ كۈنلىرىم قارا بولدى. مېنىڭ كۈنۈم ۋە تۇرمۇشۇم ھېچكىمنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن.

**مەۋلانا نىزام** ـ ئاستىرابادلىق. ئۇ قەسىدىنى ياخشى ئېيتىدۇ. بۇ «باھارىيە» مەتلەئى ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

گۈلزار يەنە يېڭى كوكات ۋە يۇمران مايسىلارنى ئۈندۈردى. جاھان بوستانىنىڭ ئىشلىرى يەنە باشقا رەڭ پەيدا قىلدى.

**مەۋلانا يارى** ـ ئۇمۇ ئاستىرابادلىق بولۇپ، تەبىئىتىدە شوخلۇق بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

خالايىقنىڭ ئالدىدا يارنىڭ جامالىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالمىسۇن دەيمەن، بىراق ئۇ يېقىن كېلىپ قالسا، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ يۈزىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالىدۇ.

**مەۋلانا سوفى** ـ ئۇمۇ ئاستىرابادلىق بولۇپ، تالانتى يۇقىرى، خېتىمۇ چىرايلىق. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، مەتلەئ:

زەئىپلىك كۆڭلۈمنىڭ كېسىلىدىن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ھىجران ئازابىڭدىن كەلگەن. دىلىمنىڭ ئاھ ـ زارىدىن كۆڭلۈك رەنجىپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەيمەن.

مەۋلانا دائىمى — ئۇمۇ ئاسترابادلىق. ئاجايىپ خىياللارنى تاپماق ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا كۆپ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇ پەرى كىيگەن كىيىم گۈل بەرگىدىندۇر. ئۇ كىيىمنىڭ يانپىلىدىكى بىغىش ئەمەس، بەلكى قانات ۋە قۇيرۇقتۇر.

بابا شورىدە — قىسسە خانلىق (ھېكايە ئېيتىش) بىلەن تونۇلغان مەشھۇر كىشى. ئۇ تالانت ئىگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپتۇ. ئۇنىڭ تەبئىتىدە كۆپ لەززەت نامايانىدۇر. قېرىلىق ھەققىدە ئېيتىلغان مەسنەۋىيسىدىن بۇ بېيىت ئۇنىڭكى، بېيىت:

بويۇم يادەك ئېگىلدى، ئۆمرۈم ئاتمىشقا يەتتى. ياشلىق كامانىمدىن خۇددى ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

مەۋلانا ھەمىدگۈل — بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن مەۋلانا ئابدۇلۋاھابنىڭ ئوغلى. سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارتۇقچە ۋە ساراڭ مىجەزدۇر. زېھنى ئۆتكۈرلۈكتىن خالىمۇ ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

بىزدەك كۆڭۈلسىز كىشىلەر ئۈچۈن تۈندە سېلىنچىمىز قارا تۇپراق، يېپىنچىمىز ئاسماندىن ئىبارەت، خالاس.

مەۋلانا بېھىشتى — مەۋلانا ھەمىدگۈلنىڭ ئىنىسى. ئەمما تالانت جەھەتتىمۇ، مىجەز - خۇلق جەھەتتىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:



ئەي شام، بۈگۈن كېچە ئۇ ئاي بىلەن چىراي دەۋاسى قىلىشنى تاشلا، مەجلىسىمىزنى قاراڭغۇ قىلدىڭ، ئەمدى تىلىڭنى قىسقا قىل.

مەۋلانا فىغانى — خوجا ئەفزەلغە تۇغقاندۇر. زېھنى ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كىمكى چىن سۈرىتىدەك گۈزەل يۈزۈڭنى كۆرۈپ قالسا، شۇندىن كېيىن سېنى تاماشا قىلىشتىن كۆز ئۈزەلمەيدۇ.

مەۋلانا شەرارى — ئاسترابادلىق. ئۇنىڭ رەڭگىدە قىزىللىق بولغاچقا، بۇ تەخەللۇسنى ئىختىيار قىلغان ئوخشايدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

جانانىنىڭ مېھرىبانسىزلىقىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق تاقەت قىلالمايمەن. ئەي تەڭرىم ئۇ نامېھرىباننى ماڭا مېھرىبان قىلغىن.

مەۋلانا پىدائى — ئۇمۇ ئاسترابادلىق. ئۇ سەيىدزادە بولۇپ، كۆرۈنۈشتە پاك يۈرىدۇ. ئاتىسى بىلەن بەيتۇللاھ سەپىرىگە بېرىپ كەلدى. زېھنىمۇ ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

قانلىق كۆز ياشلىرىنى رەقىبلەردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، مەجنۇننىڭ يۈزى دائىم تامغا قاراپ تۇراتتى.

مەۋلانا مەھرەمى — ئۇمۇ ئاسترابادلىق بولۇپ، شۇ يەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىدىندۇر. تالىبى ئىلىملىقىمۇ بار. خوجا مەنسۇرنىڭ تاغىسىدۇر. ئۆزى يوقسۇل سۈپەت يىگىت. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ۋائىز دائىم بىزنى مەي ئىچىشتىن مەنئىي قىلىپ، ۋەز ئېيتىدۇ. ئۆزى ئاشۇ مەيدىن بىر ئوتلىۋەتسە، مەي ئۇنى ۋايساشتىن بىردەم توختاتسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

**مەۋلانا ئەيانى** ـ ئۇمۇ ئاسترابادلىق. تىل ئىشلىتىشتە خېلى تالانتى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

بېشىمدا مەي ئىدىشىدىكى لايغا يېتىشىش ئارزۇسى باردى، بەد ـ بەختلىكىمنى قارا، شۇنىڭغىمۇ قولۇم يەتمىدى.

**مەۋلانا ۋالەھى** ـ ئالىي ئاستانىدا خىزمەت قىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، بېيىت:

ھايات بۇلىقىدىن كىشىلەر جان تاپىدۇ. بىراق ئۇ بۇلاقتىن مېنىڭ ئاغزىمدا ھەسرەت سۈيىدىن باشقا نەرسە بولمىدى.

**سەيىد خەنجەر** ـ چېچەكتۇلۇق بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىرات شەھىرىگە كەلدى. ئەمما، تېزلا ئۇنى تاشلاپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنى ئىختىيار قىلدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ، بېيىت:

ياردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن دەرد ـ ئەلەمدىن باشقا ئىشتىياقىم قالمىدى. ھەي ئەجەل، تېز كەل، جۇدالىقتا چىداشقا باشقا تاقىتىم قالمىدى.

**مەۋلانا زارى** ـ ئەمدى پەيدا بولغان تالانتلىق يىگىتلەردىندۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:



كۆز ياشلىرىم گويا سەلدەك ئاقماقتا، ئىككى كۆزۈم ئۇ سەل ئۈستىدە خۇددى كۆپۈكتەك لەيلەپ كەلمەكتە.

**مەۋلانا نازىرى** ـ تالانتى ياخشى يىگىت بولۇپ، زېھنىدە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سۆيگۈ يولىدا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرسەم ئۇنىڭ قەھرى كېلىدۇ. ۋاھ بۇ قانداق قەھرىدۇركى، ئۇ قەھرى تۇپەيلىدىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن.

**مەۋلانا زاتى** ـ يېڭى تالانت ئىگىلىرىدىندۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

نەي گەرچە ئاھاڭلار كۈيى بىلەن ئۈن چىقارسىمۇ، لېكىن مېنىڭ نالەم ئالدىدا ئاۋازىنى چىقىرالماي قالىدۇ.

**مەۋلانا ھىرئەلى** ـ ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراھمان جامى)نىڭ مەدرىسىسىدە تۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا خىزمەتكارلىقىمۇ بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەي كۆڭۈل، ماڭا ئۇنىڭ سەرۋىدەك گۈزەل بويى كۆرۈنمىسە، جېنىمغا ھەر نەپەس ھىجران ئوقى قادىلىۋېرىدۇ.

**پەھلىۋان كاتىپ** ـ ئۇمۇ ئاشۇ ھەززەت (جامى)نىڭ شېئىرلىرىنى ۋە تەسنىف قىلغان ئەسەرلىرىنى كۆچۈرىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھېيت بولدى، لېكىن ئاي يۈزلۈكۈم بولمىغاچقا، ماڭا

خۇشاللىق يوق. ھەممە خەلق سۆيۈنىدىيۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەندەك غەمكىن يوق.

## ئۈچىنچى مەجلىسنىڭ خاتىمىسى

ئۇ ھەزرەت (ئابدۇراھمان جامى) بولسا بۇ مەجلىسنىڭ تۆردىن ئورۇن ئالغان رەئىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنە بۇلۇتلىرىدىن گۆھەر تۆكۈلۈپ تۇردى. بۇ جامائەت بولسا ئۇ ھەزرەتنىڭ مەنەلەر خامىنىنىڭ باشاق تەرگۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېھىن ۋە تالانتلىرى گۈلشىنىدىن گۈل - چېچەكلەر يېغىپ تۇردى. بۇ باش يېتەكچىگە تەڭرىنىڭ ۋىسالى نېسىپ بولسۇن. بۇ جامائەتكىمۇ سائادەت شەربىتى ۋە چەكسىز كەڭچىلىك، مەرھەمەت مۇيەسسەر بولسۇن. ئۇ ھەزرەتنىڭ ھېكمەت ۋە مەرىپەتلىرىنىڭ نازۇك سۆزلىرى ھەم ھەقىقىي مەنىسىنى دانىشمەنلەردىن ھېچبىرى ياخشىراق بىلەلمىگەن، تالانت ئىگىلىرىدىن ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ سېزەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، سۇلتان ساھىبقىران (ھۈسەيىن بايقارا) ئۇ ھەزرەت بىلەن مەجلىسلەردە نەزمە تۈردە سىرداش ۋە نەسىر ئۇسلۇبىدا پىكىرداش ئىدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ روھلىرىدىن بۇ ھەزرەتكە چەكسىز ئىلھام ۋە ھېسابسىز مەدەتلەر يەتسۇن؛ بۇ ھەزرەت دەرگاھىدىكى كەمتەر چاكار ۋە ئۇ ھەزرەتنىڭ ئۆتەر يولىدىكى تۇپراق بولغان پېقىرنىمۇ بۇندىن مەھرۇم قىلمىسۇن. رۇبائىي:

ئۇ ھەزرەت ۋە بۇ ھەزرەت بار ئىدى. بۇلار ئىچىدىن ئۇ ھەزرەت تەڭرى دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. بۇ ھەزرەت ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ دۆلەت تاپسۇن. مەن بەندىگە ئۇنىڭ دۆلىتىدە بىر خالى ئورۇن نېسىپ بولسۇن.



# تۆتىنچى مەجلىس

ئەسىرىمىزدىكى شۇنداق پەزىلەت ئىگىلىرى ھەققىدە سۆزلىنىدۇكى، ئۇلار شېئىرىيەتتە مەشھۇر ۋە پەخىرلەنگۈچىلەردىن ئەمەس. لېكىن ئۇلاردىن نەزمە ساھەسىدە كۆپ لەتىپىلەر ئاشكارا بولىدۇ ۋە كۆپ پەم - پاراسەت ۋە زېرەكلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۇلاردىن بىرى:

پەھلىۋان مۇھەممەد — كۆپ پەزىلەتلەر بىلەن بېزەنگەن كىشىدۇر. شۇنداق تۇرۇپ يەنە قەھرىمانلىق ۋە چېلىشچىلىق ئىلمى ئۇنىڭ شۇ قەدەر ھەققى ۋە مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتكەنكى، بۇ پەندە ئۇنىڭدەك يەنە بىرسىنىڭ پەيدا بولغانلىقى زادى مەلۇم ئەمەس. بۇ تېخى ئۇنىڭ باشقا پەزىلەتلىرى ئىچىدىكى تۆۋەن مەرتىۋىسىدۇر. ئۇ مۇزىكا ۋە نوتا ئىلمىدە دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز كىشىسىدۇر. ئۇنىڭ پەزىلەت ۋە كامالەتلىرى كىشىلەرگە قۇياشتەك ئېنىق ۋە ئاشكارا بولغاچقا، شەرھلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. پېقىر ئاسترابادتىن بۇ رۇبائىينى پەھلىۋاننىڭ ھۇزۇرىغا يازغانىدىم، رۇبائىي:

بىز كەپىدىمۇ، بۇتخانىدىمۇ سېنىڭ يولباشچىلىقىڭدىمىز،

ئىبادەتخانىدىمۇ، مەيخانىدىمۇ سېنى ئەسلەش بىلەنمىز. سېنى سەھەردە ياد ئېتىمىز، كەچتە دۇئا قىلىمىز. يەنى نېمە ئىتائابادىڭنىڭ يېتىملىرىمىز.

پەھلىۋان بۇ رۇبائىينى جاۋابەن يېزىپ ئەۋەتكەندى،

رۇبائىي:

ھەي ئەمىر، سەن بىزنىڭ ئۇستازىمىز، بىز سېنىڭ يولباشچىلىقىڭدىمىز، دائىم سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز ۋە سېنى ياد ئېتىمىز. بۇ شەھەر سەن بىلەن ياخشى ۋە بىز سەن بىلەن خۇشالمىز. بىز ئاسترابادنىڭ يولىدا ئۆلگەن ۋە خاراب بولغان كىشىلەرمىز.

بۇ مەتلەئ پەھلىۋاننىڭ بولۇپ، ئۇنى ئېيتقان چاغدا پادىشاھ ئۇنىڭغا مىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلدى: مەتلەئ:

مەن: «سېنىڭ ئىشقىڭ ئالەمدە قىلىدىغان ئىشىم غەمدىنلا ئىبارەت بولدى» دېسەم، ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ: «بۇ غەم ئەمەس، ئالەمنىڭ ئىشى» دېدى.

پەھلىۋان ھازىر يوقسۇللارنىڭ پېشىۋاسى ۋە تەرىقەت ئەھلىنىڭ يولباشچىسىدۇر. بەزى كىشىلەر پەھلىۋاننىڭ نەسەبى ھەققىدە تەنە قىلىشىدۇ. ئەمما پېقىرغا ھەقىقەتتى ئايان بولدىكى، ئۇلار يالغان ئېيتىشىدۇ.

مىر سەربەرەھنە — تۈركىستاندىن. ئۇ تالانتلىق، خۇش سۆھبەت ۋە شېرىن سۆزلۈك ئادەم ۋە ئەتىقۇر رەھمان شەيخ لوقمان (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ مازىرىدا



يىگىرمە يىلغا يېقىن شەيخ ۋە مۇتەۋەللى بولدى. بىر يىل بولدى، ئۇ يەرنىڭ ۋەخپىسىدىن يۈزمىڭ - يۈز ئەللىك مىڭغا يېقىن ئالتۇن ھاسىل قىلىپ شۇنداق باشقۇردىكى، تەڭرىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئاپىرىن ئېيتىشىغا ئېرىشتى، ھېچ كىشى ھېچقانداق ئەيىب تاپالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىرلىك تەختىدە ئولتۇرغاندى، ئۇ ئالىي ھەممەتلىك كىشى بولغانلىقتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەنسىپىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئۇ ناھايىتى تالانتلىق كىشى بولغاچقا، تىرزىق (بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ھالدا بىرىككەن سۆزلەر) قائىدىسىنى شۇ كىشى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ئۇ يەنە بەزى - بەزىدە ياخشى تىرزىقلارنى يازىدۇ. يىگىتلىك چاغلىرىدا ئاقىل كۆڭۈلنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، تىنچلىق يولىنى تاشلاپ ئۇ گۇرۇھقا تەۋە بولۇپ ئەگىشىپ يۈرگىنىدە، ئۇلارنىڭ نامازنى باشلاپ ئۆتكۈچى ئىمامى يوقاپ كېتىدۇ. بۇ رۇبائىي ئەمىر سەربەرەھنە شۇ مەرىكىدە ئىمام بولۇپ ئېيتقان بېيىتلىرىدىن، رۇبائىي:

قۇياش بىلەن ئايغا چوقۇنغۇچىلار سېنىڭ كۆزۈڭدىن بىر نەزەر سېلىپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم كۆڭۈرە بولىدىغان بولسا، باشقا گۈزەللەر مەكتەپ تۈگىلۈكچىسىدۇر.

مىر بولسا ئۇ ۋىلايەتنىڭ ھۆرمەتكە لايىق سەيىدلىرىدىندۇر. گەرچە يارىماس ۋە رەزىل ئادەملەر ئۇنىڭغا قايىل بولماي، ھەرنېمىلەرنى دېسىمۇ، ئەمما ئۇ تايىپىلەرنىڭ سۆزلىرى ئېتىبارسىزدۇر. مىر ھەددىدىن زىيادە كۆپ تاماق يېيىشنى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تاماق سىڭەلمەسلىك (ئاشقازان) كېسىلى بىلەن ئاغرىيدۇ.

**مەۋلانا بۇرھان** ـ ھىرات شەھىرىنىڭ ئۇلۇغ ئادەملىرىنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. دانىشمەن، تالانتلىق، خۇش خۇي ۋە روھى ئۇستۇن كىشى ئىدى. بابۇر سۇلتان (تەڭرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى نۇرلاندۇرسۇن) نىڭ نامىغا بېغىشلاپ «جەۋاھىرۇل ـ ئەسما» (ئىسىملار جەۋھەرلىرى) ناملىق مۇئەممما رىسالىسى يازدى. «شاھ بابۇر» نامى ھاسىل بولىدىغان بۇ مۇئەممما شۇ رىسالە ئىچىدىكى مەۋلانانىڭ ئۆز مۇئەمماسىدىندۇر. مۇئەممما:

ياشلىق باھارىمىز ئۇچۇن ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرىمىز،
ئۆمرىنىڭ خازان پەسلى ئاخىر تالان ـ تاراج قىلىپ يېتىپ كېلىندۇ.

بۇ پېقىرغا پادىشاھ مۆھۈردارلىقىنى تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ تارىخ ئېيتقانىدى ۋە ناھايىتى ياخشى چىققانىدى. ئەمما ئۇنىڭدا پېقىرنىڭ تەرىپلىنىشى ئەمەلىيەتتە ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا، يېزىشقا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ يەرگە يېزىلمىدى، لېكىن ئەسلى مىسراسى تۆۋەندىكىچە، مەتلەئ:

«ئەلىشىر مۆھۈر باستى» دېگەن سۆز ئۇنىڭ تارىخى ئىدى.

بۇ مىسرادىكى «كى» سۆزىدىن كېيىن كەلگەن سۆزلەردىن تارىخ ھاسىل بولىدۇ. پادىشاھ مۆھۈردارلىقنى ئەمىر دەرۋىش ئەلىگە ئىلتىپات قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىغا يەنە «دەرۋىش ئەلى مۆھۈر باستى» دېگەن جۈملە كەلدى. بۇ تارىخ بىلەن يۇقىرىدىكى تارىخ ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە ئون يىل پەرق بار ئىدى، راست چىقىپتۇ. بۇ ئاجايىپ بىر ماس كېلىش ئىدى. مەۋلانا ھازىر شاھرۇخ مىرزا مەدرىسىسىدە ۋە يەنە بەزى مەدرىسىلەردە



دەرس بېرىشكە مەشغۇل. ئۇنىڭدا كۆپ تالىپلار دەرس ئوقۇۋاتىدۇ. بەزى دوستلار چاقچاق يۈزىسىدىن مەۋلانانى «قەدىمىي تالانت ئىگىلىرىدىنسىز» دېسە، ئۇ تېرىكىپ بىئارام بولىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئامالى يوق.

**مەۋلانا غىياسىددىن ئەزىز** ـ مەشھەدتە ئىمام مۇسا مازىرىنىڭ مۆتىۋەرى ھەم ۋىلايەتنىڭ ئۇلۇغ كىشىسى. ئۇنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇ مەتلەئنى ئۇنىڭكى دەپ ئاڭلىغانىدىم، مەتلەئ:

ئۇ سەنەمنىڭ دەستىدىن پاكلىق ئېتىكى يىرتىلدى. ئەس ـ يادىمنىڭ سەھىپىسىدىن ئۇنىڭ خىيالىدىن باشقا ھەممە نەرسە چىقىپ كەتتى.

**مەۋلانا مەسئۇد** ـ شىرۋاندىن. ئۇ ئۆز مەملىكىتىدىن ھىراتقا كېلىپ، ھەم ئۆگىتىش، ھەم ئۆگىنىشكە جىددىي مەشغۇل بولدى. بۇ مەزگىلدە ھەزرىتى مەخدۇم (ئابدۇراھمان جامى — ئۇنىڭ ياتقان جايى يورۇق بولسۇن) نىڭ خىزمىتىگە ئېرىشىپ، بىرئاز ساۋاق ئېلىشقىمۇ مۇشەررەپ بولدى. ھازىر مەھدى ئۇلياگەۋھەر شاد بېگىم مەدرىسىسىدە ۋە يەنە باشقا مەدرىسىلەردە دەرس بېرىدۇ، ئوبدان يۈزدىن ئارتۇق ياخشى تالىپ ئۇنىڭ دەرسىدىن مەنپەئەت ئېلىۋاتىدۇ. بەلكى يىراق مەملىكەتلەردىن بۇ خىل تالىپلار ئۇنىڭ دەرسىگە ئىشق باغلاپ، مۇساپىرلىقنى ئىختىيار قىلىپ بۇ يەرگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەخلاقى ياخشى، دەرۋىش سۈپەت ۋە ئۆزىنى ئۇ ئالەمگە مەنسۇپ ھېسابلايدىغان كىشى. ئۇ ھەر كۈنى پېقىر بىلەن ناماز پېشىننى بىللە ئوقۇيتتى. بىر كۈنى ئۇ ناماز ئۆتىگەندىن كېيىن يەنە ئىككى رەكەت ناماز

ئوقۇدى. پېقىر ئۇنىڭغا: «خەزىنىچىنىڭ ھېساب بېرىش ۋاقتىدا ھېساباتنى ئارتۇق كۆرسىتىشى خىيانەتنىڭ ئىپادىسىدۇر» دېدىم، بۇ سۆزۈم تېزلا تارقىلىپ كەتتى. مەۋلانا ھازىر كىشىلەرگە: «ئىككى رەكەت ئارتۇقچە ناماز ئوقۇپ قويۇۋىدىم، يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ مالامەت ۋە پۇشايمىنىدىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن» دەۋاتقىدەكمىش. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سۆزۈك ـ ساپ مەينىڭ ئوتى بىلەن مەستلەرنىڭ كۆكسىنى كۆيدۈرگىن. بىزنىڭ كۆيۈشىمىزگە شارابتىن باشقا ھېچنەرسە داۋا بولالمايدۇ.

خوجا كامالىددىن ئۇدى ـ دانىشمەن كىشى ئىدى ۋە ئۆز زامانىنىڭ ھەممە خالايىق قول قويىدىغان ماھىر سازەندىسى ئىدى. شېئىرىيەت جەھەتتىكى تالانتىمۇ يۇقىرى ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

كۆزۈمنى سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ ئەينىكى قىلماقچى ئەمەسمەن، بەلكى كىرپىكىمنى سېنىڭ چاچلىرىڭنىڭ ئىپار تارقاتقۇچى تاغىقى قىلماقچىمەن.

ئەلى كەرمال ـ ئۇمۇ «ئۇدى» تەخەللۇسىنى قوللىناتتى. ناھايىتى تەنتەك ۋە گېپى سەت ئادەم ئىدى. ئەمما ياخشى ئىجادىيەتلىرى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇنىڭ بېشى ئەتراپىدا جان بولۇپ قالغان چاچلىرىڭنى بېشىڭغا كەلتۈرمىگىن، چۈنكى پەرىشان قىلىدۇ.

مىر ئاتائۇللاھ ـ نىشاپۇردىن بولۇپ، ئىلىم تەھسىل



قىلىش ئۈچۈن ئۇيەردىن ھىرات شەھىرىگە كەلدى. «كافىيە» ۋە «مۇتەۋەسسەت» ناملىق كىتابلارنى ئوقۇيتتى. ئۇ دانىشمەن بولۇپ يېتىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بىر تۈرلۈك ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دانىشمەنلىك، شېئىر، مۇئەممما ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتلەردىمۇ ماھارەت پەيدا قىلدى. مۇئەممما بىلەن كۆپ شۇغۇللىناتتى. ھازىر دەرسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاقتى يەتمەيدىغان بولدى. ئەمما ھۈنەر ـ سەنئەتلەر توغرىسىدا «بەدايىئى ئەتائى» (گۈزەللىك بەخش ئەتكۈچى) ناملىق بىر كىتاب يېزىپتۇ، ئەمدى ئاققا كۆچۈرۈلدى. زادى ھېچ كىشى بۇ كىتابقا ئوخشاش ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پايدىلىق كىتاب يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس. يەنە كېلىپ قىسقا مەقلۇبى مۇستەۋى① سەنئىتىدەك قىيىن ھۈنەر بولماس بۇ بېيىت شۇ خىل سەنئەتتە يېزىلغان ۋە يۇقىرىقى كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئۇنىڭ ئۆز شېئىرىدۇر، بېيىت:

ھەي ئېغىزلىرى شېكەردىن تاتلىق يار، مەيخانا كىشىلىرىنىڭ توختىماي ئىچىشىدىن غەم قىلما.

يۇقىرىقى بېيىت ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە نازۇك تالانتىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر. پېقىر ئەيمەنمەستىنلا مىرغا: «پەزىلەتلىرىڭىز ۋە كامالەتلىرىڭىزگە يارىشا دەرۋىشلىكىڭىزمۇ بولغان بولسا ياخشى بولاتتى» دېسەم، ئۇ قايىل بولمىسا، مېنىڭ چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن قايىل بولاتتى.

① مەقلۇبى مۇستەۋى ـ مىسرا بېشىدىن ئاخىرىغا ئوقۇلسىمۇ ياكى ئاخىرىدىن بېشىغا قاراپ ئوقۇلسىمۇ ئوخشاشلا مەنە بېرىدىغان بىر خىل شېئىر تۈرى.

ھاپىز شەربەتى – خۇراساننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىدىن بولۇپ، ئىنسانىيەتلىك، كەمتەر ۋە ئەدەبلىك كىشى ئىدى. قىرائەتنىڭ چىرايلىقلىقى جەھەتتە ئۆز زامانىنىڭ بىردىنبىر يېگانە كىشىسى ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ زامانىدا ئىراق تىنچسىز بولغىنىدا مەككىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. شۇ ۋاقىتتىن تاكى ھازىرغىچە يىگىرمە بەش يىل بولدى. ئاشۇ بەختكە مۇشەررەپ بولماقتا. تالانتمۇ يۇقىرى. مەۋلانازادە ئەبھەرى ھىرات شەھىرىنىڭ قازىسى بولۇپ، ئىچەرمەن ئادەم ئىدى. بىر كۈنى بابۇر مىرزا خىيابانىدىن مەي ئىچىپ كېلەشىدە ئۇ كىشى يەنە مەست بولۇپ قاپتۇ. بابۇر مىرزا ھاپىز شەربەتىگە: «سەن ئاتتىن چۈشۈپ كوزىنى ئالغىن – دە، بىر بېيىت ئوقۇپ ئۇنىڭغا بىر ئاياق شاراب تۇت» دەپتۇ. ھاپىز ئىدىشنى ئېلىپ، مەۋلانازادىگە بىر ئاياقتا شارابنى تۇتقان ھالدا بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ، بېيىت:

گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگۈچى ۋە ئەيىبلىرىمىزنى ياپقۇچى، پادىشاھنىڭ دەۋرىدە ھاپىز ساقى بولدىيۇ، موفتى مەيخور بولدى.

بابۇر مىرزا بۇ بېيىت ئۈچۈن ئاپىرىنلارنى ئېيتىپ، ئىنئام بېرىپتۇ. ھاپىزنىڭ ياخشى ناخشىلىرىمۇ بار. «ئاللايار» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

كۆڭۈل ۋە جان ئۇنىڭ ھىجرانىدا ھەرقانچە جاراھەتلەنگەن بولسىمۇ، ياخشىراق نەزەر سالسام ھەقىقەت يەنىلا يار تەرىپىدە ئىكەن.



مىر مۇرتاز – كىچىك يېشىدىن بېرى ئىلىم ئوقۇشقا مەشغۇل، ئۇ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، كۆپلىگەن ئىلىملەرنى ئۆزى ئۆگىنىپ ئالىم بولدى. ئۇنىڭ كېچىدىن تاڭ ئاتقۇچە، ئەتىگەندىن كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى ئىلىم ئۆزلەشتۈرۈش ئىدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ئۇ تەقۋادارلىقتىمۇ ئەلا مەرتىۋىدە ئىدى. يىل بويى روزا تۇتۇپ چىقاتتى. بۇ رىيازەتلەر تۈپەيلىدىن مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا «مىر مۇرتاز» (نەپسىنى يىغقۇچى، رىيازەت چېكىپ ئىبادەت قىلغۇچى) دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇ ھازىر بۇ لەقەم بىلەن مەشھۇر. ئۇ بەس مۇنازىرىلەردە ئۆز گېپىدە قاتتىق تۇرۇۋالىدىغان بولغاچقا، ھەر كىم بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشسە يېڭىلىپ مەغلۇپ بولمىغۇچە، ھەتتا يېڭىلگەن تەقدىردىمۇ قۇتۇلالمايتتى. شەھەرنىڭ دانىشمەنلىرى مىرنى «ۋەلى شەلائىن» (ھالسىرىغان كېسەل) دەپمۇ ئاتايتتى. تەرەت ۋە نامازدا كۆپ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتىن ھازىر ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە (ئادىشىش، ئېزىش) پەيدا بوپتۇ. ئۇ شاھماتقا شۇنداق بېرىلىپ كەتكەنكى، شاھمات ئوينىغۇچىلاردىن بىرەرسى قولىغا چۈشۈپ قالسا زادى قۇتۇلالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن شاھمات ئوينىغۇچىلار ئۇنىڭدىن قېچىشاتتى. شۇنىسى مەشھۇردۇركى، ئەگەر شاھماتچىلاردىن ئۇنىڭ قولىغا ئىككىسى چۈشۈپ قالسا، ئۇ بىرسى قېچىپ كەتسە يەنە بىرسى بىلەن ئويناش ئۈچۈن، بىرى بىلەن ئويناۋېتىپ، يەنە بىرسىنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرىدىكەن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ تەڭداشسىز كىشى ئىدى. ئۇنىڭدەك ئادەم ئاز بولسا كېرەك. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆڭۈلنى ئالغۇچىنىڭ خىيال پىكرىدىن باشقا نەرسىنىڭ كۆڭۈلگە كەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يولى ئۈستىدە كۆز قارىچۇقلىرى نازارەتچى بولۇپ تۇرىدۇ.

مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز — «كاشفى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللاناتتى. ئۆزى سەبزىۋارلىق بولۇپ، ھىرات شەھىرىدە تۇرۇۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولاي دېدى. مەۋلانا كۆپ پەنلەردە ئالىم بولغان، قولى گۈل، تەجرىبىلىك ئادەم. ئۇ چېنىقىپ باقمىغان پەن ئاز بولسا كېرەك. خۇسەن ۋەز (نۇتۇق)، خەتتاتلىق ۋە ئاسترونومىيە پەنلىرى ئۇنىڭ ھەققى بولۇپ، ھەرقايسىسىدا مەشھۇر ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك شېئىرلىرى بار. يازغان ئەسەرلىرىدىن بىرى «چاۋاھىرۇت — تەفسىر» بولۇپ، بەقەرە سۈرىسىنىلا بىر توم قىلىپ يېزىپ چىقىپتۇ. ئىنساپ بىلەن كېسىپ ئېيتقاندا ھەممىسى يۈز توم بولىدۇ، شەھەر شوخلىرى ئىچىدىكى بىمەزە دانىشمەندىن بىرسى خوجا ھاپىز شىرازى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ، بېيىت:

«مېھراب ۋە مۇنبەردە شۇنداق ياخشى كۆرۈنىدىغان ۋائىزلار خىلۋەت جايغا بارغاندا باشقا ئىشلارنى قىلىدۇ».

دېگەن مەتلىئىنى يېزىپ مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويغانىكەن، مەۋلانا ئۇنى ئېلىپ ئوقۇش بىلەنلا، چىرايى ئۆڭۈپ، قاتتىق بىئارام بولدى — دە، ئۆزىگە ۋە شۇ سورۇنغا لايىق بولمىغان خېلى گەپلەرنى قىلىپ تاشلىدى ۋە خېلى ئۇزۇنغىچە ۋەز ئېيتماي قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ نامەلۇم ئاداۋەتخور ئۆز مەقسىتىگە يەتتى. لېكىن مەۋلانا ئۆز قىلغىنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سەزگەن ھامانلا، يەنە ئۆز ئىشىغا باردى. ئەگەر بارمىغان بولسا، ئىككى قېتىم خاتا قىلغان بولاتتى. كېرەك يوق، پەقەت تەڭرىلا ئەيىبسىزدۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي يېشىل مىيىقلىق گۈزەل، يېڭى ۋە تازا ئىپارنى ياسىمەن گۈلىگە سەپمىگىن، زۇلپىڭدىن ئىبارەت تاۋلىنىپ تۇرغان سۇمبۇلنى نەسترىن گۈلىگە ئۇرمىغىن.



سەۋلانا مۇئىيىن ۋائىز — مەۋلانا ھاجى مۇھەممەد فەرەھىنىڭ ئوغلى بولۇپ، مەشھۇر كىشىلەردىندۇر. ھازىر ئۇمۇ كاتتا ۋائىز (ۋەز ئېيتقۇچى)، مۇرىدلىرىمۇ كۆپ. ۋەز ئېيتقاندا، مۇنبەردە قولىنى سەۋدايىلارچە شىلتىپ سوزۇشلىرى ۋە تاختايغا تېپىشلىرى كۆپ. ئۇ ئۆزىنى «مۇئىن سەۋدايى» دەپ تەرىپلەيدۇ ۋە كۆپ ئېگىز - پەس سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ساراڭلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولغاچقا، سۆز ئېيتسا ئەيىبلىمەك ئەمەس. شېئىرلىرى ۋەزىن، قاپىيە ۋە رادىپقا چۈشمىسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ. بىر قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ ئىمانى «تەقلىدى ئىكەن» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ھەزرەتنىڭ روھىدىن ئاجايىپ سىياسەتلەر ۋە ئازابلارنى كۆردى. ئاخىرى تەۋبە قىلىپ قۇتۇلدى. دانىشمەن، پەرھىزكار، دەرۋىش دېيىشكە توغرا كەلسە ئۇنىڭ ئاكىسى مەۋلانا نىزامىددىننى دېسە بولىدۇ، ئىككى قېتىم ھىرات شەھىرىنىڭ قازىلىقىنى تەكلىپ بىلەن ئۇنىڭغا بەردى، ئىككىلا قېتىم ئۆزى — ئۆزىنى ۋەزىپىدىن بوشاتتى. بۇ قېتىم ئۆزىنى چەتلەشتۈرمەي قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ: «بىزنىڭ مۇئىن كۆپ قابىلىيەتلىك ئىدى. بۇ زامان ياغاچ پۇت (مۇنبەر) ئۇنى زايا قىلدى» دەيمىش.

ھەر ھالدا، ھازىر شەھەردە تونۇلغان ۋائىز مەلاۋنا مۇئىندۇر. شەھەر جامەئىدە جۈمە كۈنى ھېيتگاھدا، ئىككى بايرام (ھېيت) كۈنى ئۇ ۋەز ئېيتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

باھار پەسلى كەلدىمكىن، ئالەم يېشىللىققا پۈركىنىپ، شادلاندى. گۈزەللىكىنىڭ ۋىسال پەيتى كەلدىمكىن، كۆڭۈل ۋىسالغا ھەمدەم بولدى.

سۇلتان ئىبراھىم مۇشەششەئ — ئەرەبىستاندا پادى-

شاھلىق قىلىۋاتقان سۇلتان مۇھسىننىڭ **ئىنىسى**. ئۆزى دانىشمەن، تەقۋادار، ياخشى ئىنسانىي سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىدۇر. خەتتاتلىقتىمۇ ماھارىتى بار. ئەرەبچە شېئىرنى ياخشى ئېيتىدۇ. دىۋانىمۇ بار. بۇ بېيىت ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئارىدا پىتنە ئېقىنى ئاقسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاداۋەت كېمىسى ئۈزىدۇ. ئارىلىقنى پىتنە-پاسات تىغى كېسىپ تاشلىسا، ئۆچمەنلىك تىغى ئۆتكۈرلىشىدۇ.

مىرخاند — بەلختىكى قۇببەتۇلئىسلامنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دانىشمەنى ۋە ئۇلۇغ پېشىۋا كىشىسى بولغان سەييىد خاۋەند شاھنىڭ ئوغلى. ئۇ يىگىتلىك دەۋرىدە كۆپ ئىلىملەرنى ئوقۇپ كامالەت ھاسىل قىلغان. ھازىر ئۇنىڭ يېشى چوڭ، نەسەبى ئالىي، قىلغان ئىشلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىشىغا ۋە مەنمەنلىك قىلىشىغا يېتەرلىك ئاساستۇر. لېكىن ئۇ شۇ قەدەر ئۆزلۈكىدىن كەچكەن، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىدۇركى، بۇ جەھەتتە ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ. ئۇ نەسرىي ئەسەرلەردە ۋە تارىخ پىنىدە تەڭداشسىز كىشىدۇر. بۇ پېقىرنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۇ ھازىر دۇنيانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاپىرىدە بولغان ۋاقتىدىن تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمىي تارىخنى يېزىۋاتىدۇ؛ يېرىمىغا كەپتۇ. تەڭرى خالىسا، تۈگىتىشكە مۇۋەپپەق بولغۇسى. ئۇ تارىخلار ئىچىدە ئەڭ پايدىلىق كىتاب بولۇپ چىققۇسى. ئۇ مەشرەپلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۆزىنىڭ بىتاپلىقى تۈپەيلىدىن، بەزىدە ھارغىنلىقنى يوقىتىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ياكى بولمىسا شادلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئازراق ئىچىپمۇ قويىدۇ ۋە شاھمات ئويناشقا قاتنىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە مەستلىك ۋە ھەيرانلىق دۇنياسىنى كۆپ تەرىپلەيدۇ. مىر خۇسراۋنىڭ



«دەرياي ئەبرار» (ياخشىلار دەرياسى) ناملىق ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ يازغان ئۇنىڭ بۇ بېيىتى ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

كىمكى ئابىھاياتتىن قولىنى يۇسا، زامانىنىڭ خىزىر پەيغەمبىرى شۇ كىشىدۇر. كىمكى نەپسىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن، چەتكە چىقالىسا، ئىسكەندەر شۇ كىشىدۇر.

مەۋلانا خاندەمىر — مىرخاندنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۆزى يارامىلىق يىگىت. تارىخ پىنىدە ماھارىتى بار. «نەقى» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، مۇئەممما:

ھەي كۆڭۈل، ئۇ دىلىنى مەھلىيا قىلغۇچى يارىڭ چېھرىدىن مېھرىڭىنى ئۈز، چۈنكى، ئۇنىڭدىكى مەڭ پىتنىگە ئايلانغۇسىدۇر.

مەۋلانا مۇھەممەددىن — ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد تەبەركانى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولسۇن) نىڭ ئىز باسارىدۇر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىيەتلىك ۋە خېلى دەرىجىدىكى دەرۋىشلىك سۈپىتى بار. ئۇنىڭ ئەدەب ۋە ھاياسى ھېسابسىز. كىشىلەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامى چەكسىزدۇر. ئۇنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسىنىڭ خانىقاھىدا دەرۋىشلەر بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان بولۇپ، ئۇ يەردە خۇپىيانە ۋە خالىس تائەت-ئىبادەت ۋە ھەلقە-سامالار مەۋجۇت.

مەۋلانا ئاساسىي بىلىملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن تېخى قول يىغمىدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇلارغا ئېھتىياجى بولمىسىمۇ،

مۇكەممەل بولۇشنى كۆزلەپ، داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلىشنى تىلىدى. تالانتى ناھايىتى ياخشى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ناھايىتى پاك بولغانلىقى ئۈچۈن، مەۋلانا مۇھەممەد ئەرەبنىڭ ھېيلىسىگە ئۇچراپ، ئۇنى دەرۋىشلىكتە مۇستەھكەم بەلكى خالىس مۇسۇلمان دەپ خىيال قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ياكى مالامەت يولى ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئىختىيار قىلغاندۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

بەزىدە خەستە دىللارنى ياد قىلماق كېرەك، شۇ باھانە
بىلەن كۆڭۈلنى شاد قىلماق كېرەك.

مىر كەمالىددىن ھۈسەيىن — مىر زەينىلئابىددىنغا نەۋرە تۇغقان بولىدۇ. ئۇ خۇراساندا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىراقتا كەتتى. ئۇنىڭغا سۇلتان ياقۇپ ياخشى ئىززەت ۋە ئېھتىرام قىلىپ بىياباننى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئۇ يەردىن ھەر يىلى ئۇنىڭغا، يۈز مىڭ ئالتۇنغا يېقىن ھوسۇل تېگەتتى. شۇنچە غەنىمەتكە ھەممەت ئېتىكىنى سىلكىپ، يەنە خۇراسانغا كېلىپ، دەرۋىشلىكنى ئىختىيار قىلدى ۋە پىرىمىز ھەزرىتى جامى (ئۇنىڭ ياتقان ئورنى يورۇق بولسۇن) خىزمىتىدە ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى. ئۇ تەسەۋۋۇپ ئىلمىدە ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھەم تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئۇسلۇبىدىن خەۋەرداردۇر. ئۇ ھەزرىتى خوجا ئابدۇللا ئەنسارى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولسۇن) نىڭ «مەنازىلۇس — سايىرىن» (ساياھەتچىلەر مەنزىللىرى) ناملىق ئەسىرىگە شەرھى يېزىپتۇ. ۋە كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى بۇ ئايەت بىلەن باشلاپتۇ «ئەي تەڭرى، مېنى ياخشى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن بىزنى ياخشى مەنزىللەرگە يەتكۈزگۈچىسەن.»
يەنە ئۇنىڭ قولىدا يېزىۋاتقان بىر قانچە رىسالىلەر بار.



ئۇلارنى ئوقۇغان كىشى مىرنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە كامالەتلىرىنى سېزىۋالالايدۇ.

مىر ئۆزى كېلىشكەن، خۇلقى ياخشى ۋە ھازىر جاۋاب يىگىت. ئۇ بارچە ھۈنەر - سەنئەتلەر بىلەن قەلبىنى بېزىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئەيىبى يوق. ئۇ دەرۋىش سۈپەت، سوپى كىشى. ئۆزىنى شەيخلىق ئىسمى بىلەن ئاتاپتۇ. ئېھتىمال بۇمۇ ئۆز سىرىنى يوشۇرۇش ۋە نىقابلاش ئۈچۈن مالامەت ئىختىيار قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

بۇ جاھانغا بېزەك بولۇپ تۇرغان باغدىن قانداقمۇ
تاشقىرىغا قەدەم قوياي، چۈنكى ئۇ باغنىڭ ئىچكىرىسى جەننەت
بېغى، سىرتى بولسا ئىرەم بېغىدۇر.

سەييىد ئېپتىخارىددىن — تالانتى ۋە خۇلقى ياخشى يىگىت. مەۋلانا نىزامىددىن قازىلىق ئورنىدا ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ مەھكىمىسىدە ھۆكۈم خاتىرىلىرى، قەرز ھۆججەتلىرى، ۋەسىقىلىرى، دىنىي مەزمۇندىكى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى خاتىرىلەش ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلاتتى. شەرىئەت ئىشلىرى ئۇنىڭ بىلەن يورۇشەتتى. ئەرەبشۇناسلىق ۋە پىقھى (شەرىئەت قائىدىلىرى) جەھەتتە تەرپىلىگۈچىلىكى بار ئىدى. ئۇنى بىر كىتاب يېزىۋاتىدۇ دېيىشىدۇ. پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قانچىلىك لاياقىتى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ، ئىچىدە ئەيىب بولسا شۇ چاغدا تاپسا بولىدۇ. لېكىن يارىماس كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە گەپ تېپىپ: «سەللىسىنى مۇنداق دانىشمەنلەرچە يۆگەپ بولغىچىلىك كۆپ جەۋر - جاپا تارتسا كېرەك» دېيىشىپ، ئەل تىلىدىن قۇتۇلغان ئادەم يوق. «پايى خىسار» كۆلى پۈتكەن ۋاقىتتا بۇ تارىخنى ياخشى ئېيتىپتۇ، تارىخ:

ئۇ، شۇنداق كۆل ئىدىكى، ئۇنىڭ سۈزۈكلۈكىنى سۆزلىمەكچى بولسام، ئاغزىمنى ئابىھايات سۈيى بىلەن يۈز قېتىم چايقايمەن. ئۇ ھەرقانچە خىزىر بۇلىقىنىڭ مەنبەسى بولسىمۇ، تارىخىنى «ساقىئى كەۋسەر» دېگەن سۆزدىن ئىزدەيمەن.

مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشى — قۇندۇزنىڭ ئەشكىمىش كەنتىدىن. ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەردىن چىقىپ سەمەرقەندكە باردى ۋە بىر نەچچە ۋاقىت ئۇ يەردە ساۋاق ئوقۇپ ئاندىن ھىراتقا كەلدى. ئىلىم ھاسىل قىلىش ئىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن شوخلۇقى ۋە سۆھبەتداشلىرىنىڭ يۈز خاتىرىسى سەۋەبىدىن باشباشتاقلىققا كىرىشتى. بۇ خىل قىلمىشلىرىنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، ئۇ مەست ۋە كەيپ ھالدا باش - ئايىغى يالاڭ پېتى مەھەللە، كوچا - كويلاردا ۋە بازارلاردا يۈرەتتى. يەنە تەۋپىق بەرگۈچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى تەڭرى ئۇنىڭغا تۆۋە قىلماقنى نېسىپ قىلىپ، ئۇنى تۈز يولغا كىرگۈزدى. ھازىر تالانت ئىگىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭدىن ئەدەبلىك ۋە تەرتىپلىك كىشى يوق. ئۇ پادىشاھقىمۇ، گادايغىمۇ يارايدۇ ۋە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ يازغان مۇئەممما رىسالىسى ئەل ئارىسىدا مەشھۇر ۋە كەڭ تارالغان، ئەمما سۆھبەتتە بەزى چاغدا سۆزگە ئويلىماي جاۋاب بېرىدۇ، جاۋابى خاتا بولسا، ھېچ ئىچى پۇشمايدۇ. مۇئەممادىن باشقىمۇ يەنە نەزمىلىرى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سېنىڭ خەنجىرىڭنىڭ خىيالى ئۇيقۇسىز كۆزلەردە گويا
سۇ ئوتتۇرىسىدا ھەر تەرەپكە ئۈزگەن بېلىقتەك ئايلىنىدۇ.

مەۋلانا ھاجى مۇھەممەد — مەشھەدلىك بولۇپ كۆپ ۋاقىتلاردا بۇ پېقىرغا سۆھبەتداش ۋە پەرزەنت ئورنىدا، بەلكى



ئۇنىڭدىنمۇ ئەزىزراقتۇر. ئۇ ئەخلاق جەھەتتە ئادەم سۈرىتىدە كەلگەن مالائىكىدۇر. مىجەز - خۇلق جەھەتتە بولسا، ئۇ ئىنسان شەكلىدە يارالغان پەرىشتىدۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە زېھنى پاك، تەپەككۇرى ھەر قانداق نازۇك ۋە ئىنچىكە مەسىلىلەرگىمۇ يېتەرلىك بولۇپ، ئاجايىپ مۇشكۈل ۋە قىيىن پەنلەرنىڭ مۇشكۈللىرىنى ھەل قىلالايدۇ. بەزى چاغدا ئۇنىڭدىن بىرەر نەزمىمۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

گۈزەل يۈزلەر مېنىڭ تۆۋەمدەك كۆيلىگەن كونا تۆۋىلەرنى بىر قاراش بىلەنلا يوققا چىقىرىۋېتىدۇ.

«ئادىل» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، مۇئەممما:

ئۇنىڭ قەددى - قامىتىنىڭ خىيالى كۆڭۈل ئالىمىدە ئورۇن ئالدى، ئۇنىڭدىن پەيداكار كۆڭۈللەرنىڭ مۇرادى ھاسىل بولدى.

مىر ھۈسەيىن مۇئەممائى — نىشاپۇردىن بولۇپ، ھىرات شەھىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلدى، ئۇنىڭ شۇنچە گۈزەل ئەخلاقى ۋە ياخشى ئىش - ھەرىكەتلىرى باركى، شەرھلەشتە قەلەم تىلى كەمچىل ۋە قەلەمكەش قولى ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ ھالىتىدىن ئەۋلىيالىق نىشانىلىرى ئايان، ۋۇجۇدىدىن بولسا ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ئاخىرەت ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتقان كىشى ئىكەنلىكى ناماياندۇر. مىر خىزمىتىدە بىر كىچىك بالىنى تەربىيىلەشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. ئۇ شاگىرتى ئۆزىدىكى بالىلىق مىجەزىنىڭ تەقەززاسىدىن بولسا كېرەك، ئوقۇشتا سۇسلۇق قىپتۇ. مىر بىر مۆتىۋەر كىشىگە ئىلتىماس قىلىپ: «ئۆزلىرى شاگىرتىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتىپ قويغايلا، ئوغلىغا مۇلايىملىق - يۇمشاق-

لىق بىلەن نەسىھەت قىلىسۇن. ئەمما، نارەسىدە بالىنىڭ نازۇك كۆڭلى تاسادىپىي ھالدا ئۆز ئۇستازىدىن ئاغرىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇنداق قىلىشنى مېنىڭ تاپىلىغانلىقىمنى بالا بىلمىسۇن» دەپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق چارە ـ ئۇسۇللىرى كۆپ. ئۇ مۇئەمما پېنىنىڭ گۈزەللىك ۋە نازۇكلۇقىنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ بۇ يولنى بەنت قىلدى. «ناسىر» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ ھۆر، پەرى سۈپەت مەشۇقنىڭ گۈزەل چېھرىسى قۇياش
بولدى، كىشى تۇپراق، شامال، سۇ، ئوتتىن قۇياشنى كۆرمىدى.

**ھافىز مۇھەممەد سۇلتانشاھ** ـ خۇش ئاۋاز قارىي ۋە ماھىر خەتتات. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇ ئۆزىگە خاس مەسلەككە ئىگە، ئىرىكچىلىكى پاكىز كىشى، ھەم يۇقىرى تالانتىمۇ بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھىلالدەك قاشلىرىڭ نەملىك كۆزلەردىن يىراق كەتمىدى،
توغرا، بېلىقمۇ دەريادىن قۇرۇقلۇققا چىقمايدۇ ئەمەسمۇ.

**مەۋلانا فەخرى** ـ ھىرات كىشىلىرىنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي سەۋرى بويلۇق نازىنىن، «ھېچقاچان دىلىم ساڭا
مېھرىبان بولمىغان» دېدىڭ، سەندىن بۇنى كۈتمىگەنىدىم.

**سەيىد جەئفەر** ـ سەيىد مەھمۇد نۇر بەخشىنىڭ ئوغلى، شاھ قاسىمنىڭ ئاكىسى بولىدۇ. ناھايىتى ياخشى كىشى، ئۇ



خۇراسانغا كەلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ، گەرچە ئۇ يالغۇز باشلىق تەنھا كىشى بولسىمۇ ھەر يىللىق مائاشى ئۈچۈن بەش مىڭ ئالتۇن يارماق ۋە ئىككى يۈز ئۇلاغ ئاشلىق بېرىلدى. بۇنى ئاز كۆرۈپ، يامانلاپ ئەرەبىستانغا كەتتى. ئۆزى تالانتلىق ياخشى يىگىت. لېكىن ئاتىسى ئۆزىنى ئىمام مەھدى ئاخىر زامان دەپ دەۋا قىلغانلىقتىن، بېشىغا نې ـ نې بالا ـ قازالار كەلدى. ھازىر ئۆلۈپ كەتكىنىگە قىرىق يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ تېخىچە ئاتىسىنى يا مەھدى بولۇپ چىقىدۇ، ياكى مەھدى بولغان، دەپ ئەقىدە قىلىپ كەلمەكتە. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ گۈزىلىم قولىغا زۇلۇم خەنجىرىنى ئېلىپ، تەشنا كىشى-
لەرنىڭ يادىدىن ئابىھاياتنى چىقىرىۋەتتى.

**سەيىد غىياسىدىن** ـ مەشھەدنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن، بەلكى پېشىۋاسىدىندۇر. ئۆزى ئوبدان ۋە مۇلايىم كىشى. ئۇنىڭ مىجەزىدە مازاق ۋە چاقچاق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. تالانتلىق بولغانلىقتىن پەيلاسوپلارچە خۇسۇسىيەت ۋە ئالىي نەسەبتىن بولغانلىقى ئۈچۈن ھىمىلكەرلىك، چوڭچىلىق خاھىشلىرى ئۇنىڭدا ئىختىيارسىز ھالدا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ مۇبارەك قىياپىتىدە سىرلىقلىق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى «سەيىد سولغۇن» مۇ دەيدۇ، بەزىدە بولسا ھەتتا ئۇنى مايمۇنغا ئوخشىتىدۇ. پېقىر ئۇنىڭغا بۇنداق ئەدەبسىزلىك قىلالمايمەن، لېكىن ئۇنىڭ مىنىۋالغان ئېتىنى، ئۈستىگە مايمۇن مىندۇرۇپ كېتىۋاتقان ئىتقا ئوخشىتىپ قويىمەن، گەرچە بۇ ئۇنىڭغا خوشياقمىسىمۇ، لېكىن چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

دۇنيانىڭ قولىدىن بىر نەپەسمۇ قۇتۇلالمىدىم، ھەي ساقىي، كەلگىن، بىردەم مەيپەرەسلىك قىلايلى.

**سەييىد ھۈسەيىن باۋەردى** — ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆز ۋىلايىتىدىن ھىرات شەھىرىگە كەلدى. شۇ جەرياندا كىچىك مىرزا ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمىتىدە كەبە سەپىرىگە بېرىپ، ئىراقتا ئايرىلىپ قالدى. رۇم (ئىستانبول)، مىسىر ۋە ھەلەب، بەلكى ئۇ تەرەپنىڭ كۆپلىگەن مەملىكەتلىرىگە سەپەر قىلىپ، ئالتە — يەتتە يىل يۈردى. ئەرەبچە تىلنى راۋان ئۆگىنىپ تەۋەررۇك مازارلارنى تاۋاپ قىلدى، بەلكى مەككە ۋە مەدىنىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولدى. كۆپ ئەزىزلەرنىڭ سۆھبىتىگە ئېرىشتى. ئاندىن خۇراسانغا قايتىپ كەلدى. باۋەردە چاغدا ئۇ تالانت ۋە ئەقىل كەملىكى بىلەن تاپا — تەنىگە ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ قېتىم قايتىپ كەلگەندە ئۇ ھەر ئىككىلا كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ كەلدى. ھېچكىشىنىڭ تەنە ۋە دەشنام قىلىشىغا ئورۇن قالمىدى. بىر نۇقتىدا ئۇ ئەقىل ۋە تالانتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپتۇ. ئۇ بولسا تۆۋەندىكى بېيىتتىن ئىبارەت، بېيىت:

ئەي مەشۇق، سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ قۇياشىغا ئاسمان چاكار بولۇپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ياقۇپ ئەيىھىسسالام دەپ ئاتىدى.

ئۇنىڭ تالانتىنىڭ نەتىجىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدى ۋە مۇشۇ بېيىتنى يېزىپ ئوقىدى. شېئىرىيەتتىن خەۋەردار كىشىلەر بۇ شېئىرنى «مەنىسىز ھەم ۋەزىنسىز» دېگەندە، ئۇ: «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەپ مۇنازىرىلەشتى. ئەقىل نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇ ئاخىرى خۇراسان ئەھلىنىڭ نادانلىقى، بۇ بېيىتنىڭ ئوبدانلىقىنى يېزىپ، ئىراقتىكى ياقۇپ مىرزىنىڭ



تىرىدىشىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق ئىشلىرى سان — ساناقسىز ۋە چەك — چېگرىسىزدۇر. ئەمما، ئۇنىڭ قابىلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن كېرەك يوق. بۇ قىلمىقىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈمىد بار.

**سەيىد ئەسەدۇللاھ** — تالانتلىقتۇر. «گەدا» ۋە «ئەمىن» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

... ھەي يول يۈرەلەيدىغان سەرۋى، سەن قايسى چىمەنزار-دىن بولساڭ، مەيلى قەيەرگە يۈرسەڭ يۈرگىن بۇ جېنىم ساڭا تەئەللۇق.

**مەۋلانا قاسىم** — ئۆز زامانىدا ئاسترونومىيە پېنىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە تونۇلغان مەۋلانا ئابدۇررەھىم مۇنەججىمنىڭ نەۋرىسى. ئۆزىمۇ ئاسترونومىيە پېنىنى ياخشى بىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

بىز دائىم مەستىمىز، مەيخانىدىن ۋە قەدەھلەرنىڭ تولدۇ-رۇلغان ياكى بوشلۇقىدىن پەرۋايىمىز نېمە؟

**مەۋلانا ئەلى** — شۇبھىسىزكى، تەرشىزلىكتۇر. تالانتى مۇئەمما پېنىدە كۆپ ياخشى چىقىپتۇ. «مەلەك» ئىسمىغا يېزىل-غان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ھەي يار، بىزگە چىرايىڭنى تۇرۇپ، ئاچچىقلانمىغىن، چۈنكى بىز ھازىرغىچە ئاي يۈزدە غەزەپ ئالامەتلىرى بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان.

**مەۋلانا شىرئەلى** — ئالەمنىڭ مەشھۇرلىرىدىندۇر. ئۆز زامانىدە نەسخ ۋە تەئلىق خېتىنى شۇ قەدەر ياخشى

يازاتتىكى، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا ئوخشىتالمىدى. بەلكى تەقلىد قىلىش ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى. تالانتى تەسەۋۋۇپتىمۇ مۇئەمما ۋە باشقا پەزىلەتلەردىمۇ ياخشى. ھازىر بىر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ياشىغۇزلۇق ئىختىيار قىپتۇ، ئۆز نامراتلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەل بىلەن ئارىلاشمايدۇ. ئەگەر بۇ دۆلەتنى ئۇنىڭغا ئەبەدى بەخش ئەتسۇن ۋە ھەممە ئادەمگە ئاتا قىلسۇن، ئۇ پېقىرلىق بەخت-دۆلىتىنىڭ تەلەپكارىدۇر. «مەڭگۇ» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

مەن سېنىڭ ياخشى نامىڭنى تىلغا ئالسام، «مېنى ئاختۇرما نازاكەتلىك سەرۋىمىز كېتىپ بارىدۇ، بىزنىڭ قوشۇما قاشلىرىمىزدىن سۆز ئاچما» دېدىڭ.

مەۋلانا سۇلتان ئەلى-مەشھەدلىك. ئۇ ھازىر خۇراساندا ۋە ئالەمنىڭ كۆپلىگەن شەھەر ۋە مەملىكەتلىرىدە نەستەئلىق خېتىدە خەتتاتلارنىڭ قىبلىسىدۇر. يېزىق مەملىكىتىنىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچىلىرى ھەممىسى ئۇنىڭغا تەسلىم بولغاندۇر. ئۇ شۇ قەدەر گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل خىسلەتلەر بىلەن بېزەلگەنلىكى، شەرھىلەشتە قەلەم تىلى ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ چىراي ۋە خۇلق جەھەتتىكى گۈزەللىكىتە تەڭدىشى يوق. تالانتىمۇ ياخشى چىقىپتۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

كۆز ياشلىرىم قانلىق يۈرىكىمدىن نەمۇنە بولغىنىدەك، باھار پەسلىدىكى گۈل ئۇنىڭ گۈل رەڭلىك چىرايىدىن نەمۇنىدۇر.

ئۇ مەشھەدلىك بولۇپ، تىلىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. كۆپلىگەن



پەنلەرنى بىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئەيىبىمۇ ئاز ئەمەس.

مەۋلانا سۇلتان ئەلى قايىنى-دەرۋىش يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەزرىتى مەخدۇم (ئابدۇراھمان جامى) نىڭ خىزمىتىدە بولۇش شەرىپى ھاسىل بولۇپتۇ. ئۇ ھەزرىتى جامىنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىدىن باشقا كىتابلارنى ئاز يازىدۇ. تالانتى يۇقىرى ۋە ياراملىق تەرەپلىرى كۆپ. ئەمما بىر كۈنى ئۇنىڭغا خەت يېزىش بۇيرۇلغانىدى، قەلەم ھەققى توغرىسىدا مۇبالىغىنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، «كۆچۈرگەن ھەر بىر بېيىتىم بىر تەڭگىگە ئەرزىيدۇ» دېدى. بىر مەنىدىنمۇ يىراق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ سۆزلەرنى پىتسە، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەرسىمۇ ئەرزىيدۇ. بېيىت:

ئەي مەشۇق سېنىڭ ئىشىنىڭ نومۇسنى، ئۇياتنى، نامئاتاقنى ئوتقا سالدى. پۈتكۈل كاتتا-كىچىك خەلقنىڭ ۋۇجۇدىنى شامالغا سورۇۋەتتى.

مەۋلانا شەرىفى باغى شەھرى-ئۇمۇ خەتتات يىگىت بولۇپ، ئوبدانلا تالانتى بار، نەزمىلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

باش باھاردا كۆكلەمزار ئىچىدىن گۈل ئۈنۈپ چىقسا، سېنىڭ يېشىل مېيىقلىرىڭ يېڭى گۈل بەرگلىرى ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ.

مەۋلانا شاھ ئەلى-پەيلى يامانراق يىگىت بولۇپ، مۇئەمماغا زېھنى ياخشى، «ئەييۇب» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

زاھىدلارنىڭ پاكىز مەيگە كۆڭلى تارتمايدۇ. چۈنكى شارابقا ئېرىشىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە خۇش ياقمايدۇ.

**مەۋلانا بەھلۇل** — تېۋىپ سۈپەت، تالىبى ئىلىم يىگىت. «خۇررەم» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ھەي ساقىي، مەن شۇنداق بىر شاراب دېگىنىڭنى ئارزۇ قىلىمەنكى، ئۇنىڭ خۇددى مېنىڭ خۇمارىمدەك چېكى بولمىسا.

**سوپى پىرى سەييىد سالە** — دەرۋىش ھۈسەيىننىڭ نەۋرىسى. مەۋلانا مۇھەممەد چاھۇننىڭ ئوغلى. سوپىلىقتا تىبابەتنى قوشۇپ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. كېيىن ئازابىنى تارتقان مۇردىلارغا «ئۆلۈمىنگىلاردىن بۇرۇن ئۆلۈڭلار» دېگەن يولنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ رۇبائىي ئۇنىڭكى، رۇبائىي:

ھەي كۈمۈش بەدەنلىك مەشۇق، مەندىن باشقىلارغا يۈزۈڭنى كۆرسەتمە، چۈنكى چەكسىز قىزغىنىش سەۋەبىدىن جېنىم چىقىپ كەتمىسۇن، سېنىڭ يۈزۈڭنى مەندىن ئۆزگە ھېچقانداق كىشى كۆرەلمەسلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن خەلقنىڭ كۆز قارىچۇقى بولۇۋالغۇم كېلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە سوپىنىڭ مىجەزى شۇ دەرىجىدە چۈست ۋە نازۇك ئىكەنكى، بىر يىگىتنى ئۆزىگە تەئەللۇق دەپ دەۋا قىلىدىكەن، يىگىت ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە ماڭمىسا ناھايىتى ئۇسال تىل بىلەن تەنتەكلەرچە ھاقارەت قىلىدىكەن، ھەتتا ئۇرماقچى بولىدىكەن. (بۇ سۆزنىڭ راست-يالغانلىقىغا ئۇنى ئېيتقان كىشى ئىگە).



**مەۋلانا ۋەسلى** — مەۋلانا خوجا كالان قازىنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئەقىل ۋە تەپەككۇر جەھەتتە ھىراتلىقلار بىردەك ھالدا ئېتىراپ قىلاتتى. ئۆزىمۇ خېلى لاياقەتلىك، قابىل ۋە سالاھىيەتلىك، خۇش تەبىئەتلىك ۋە ساغلام بەدەنلىك كىشىدۇر. ئۇنىڭ بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ. بېيىت:

كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئۇنىڭ يوللىرىدىكى قارا تۇپراقتىن كېلىدۇ. خۇداغا شۈكرى، كۆزلىرىم ئۇنىڭ يولىدىكى چاڭ-توزاندىن نۇرلاندى.

**شەيخزادە پۇرئانى** — ئەبۇ سەئىد پۇرئاننىڭ ئىز باسارىدۇر. ئىككى نەسلىدىن ئەۋلىيالىق ئۇنىڭغا مىراس قالغاندۇر ۋە ئۆز ۋۇجۇدىدىمۇ لاياقىتى كۆپ. ئاز پۇرسەت ئىچىدە خەتتاتلىقنى شۇنداق ياخشى ئىگىلىدىكى، بۇ پەن ئۇستازلىرى ئوتتۇز يىلدىمۇ ئۇنىڭچىلىك يازالمايدۇ. ھازىر ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا مەشغۇل. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭدا كامالەت نىشانلىرى ئايان ئىكەن. بۇ رۇبائىي ئۇنىڭكى، رۇبائىي:

جاھاندا سېنىڭ دەرد ۋە غېمىڭنى ماڭا ئوخشاش تارتىۋاتقان بىرمۇ كىشى يوق، يۈرىكى كۆيگەن، موھتاجمۇ يوق. ئۆزۈمنىڭ غەم قايغۇلىرىمنى بايان قىلىشنى ئويلىسامۇ، لېكىن، قانداق قىلاي، ھېچبىر مۇڭداش ۋە دەرداش يوق.

**مەۋلانا سەيفى** — مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىزنىڭ ئوغلىدۇر. ئۆزى غايەت دەرۋىش سۈپەت، ئۆز شەخسىيىتىنى يوقاتقان، دەردلىك يىگىت. ھەزرىتى خوجا ئابدۇللانىڭ سۆھبىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھىراتتىن سەمەرقەندكە باردى. ئۇ يەردە

ئۇ زاتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇشەررەپ بولدى دېيىشىدۇ. ئۇ يەردە يېتەكلىنىش ۋە تەلىم ئېلىش سائادىتىگە سازاۋەر بولۇپ، يەنە خۇراسانغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تالانتى ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ياقۇتتەك قىزىل لېۋىڭ ئىپار رەڭگىدەك قارا مېيىقلىرىڭ
بىلەن كەلمەكتىسەن، ئۆيىدىن ئاجايىپ ياسىنىپ چىقىپسەن.

مەۋلانا شەھاب — «مۇدەۋۋىن» (توپلىغۇچى) دېگەن لەقەم بىلەن مەشھۇر. ئۇنى ئاجايىپ ئادەم دېسە بولىدۇ. ئۇ يەنە «كالا مۇللا» (قۇرئان) ئايەتلىرىنى تېز تېپىش ئۈچۈن بىر توپلام (كىتاب) يازغانىكەن، ئالىملار ۋە قارىيلار ئەجەبلىنىپ ۋە ھەيرانلىق بىلەن ئاپىرىن ئېيتىشىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا جەھەتلەردىمۇ لاياقىتى بار ئادەم. شېئىرنى بىر خىل قەدىمىي ئۇسلۇبتا ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇ ئادىمىيلىق سۈرىتىدىن ئۆزگىرىپ، باشقا جانىۋار سۈرىتىگە كىرىپ كېتىشكە ئاز قاپتۇ. ئىنسانىيەت خىسلىتىدىن ئايرىلىپ، يىرتقۇچلۇق ۋە ھايۋانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئۆزگىرىپتۇ. مەقلۇبى مۇستەۋى سەنئىتىدە يېزىلغان بۇ مىسرا بۇ دەۋاننىڭ ئىسپاتىدۇر. بېيت:

شەرەپلىك چاشقان ۋە ئېشەك بولدۇم، پېشانەمدىكى
خېتىمنى ئۆزگەرتتىم.

شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ شەيخۇلئىسلامىدىن ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئاجايىپ زۇلۇم يەتتىكى، ھېچ كىشى ئۇنىڭ دادىغا يېتەلمىدى.



ھايىز جالال مەھمۇد — «ئىخلاسىيە» خانىقاھىنىڭ شەيخى، قۇددۇسىيە جامەسىنىڭ خاتىپى ۋە ئىمامى، شۇنداقلا مېھرابتا ياخشى قىرائەت قىلىدىغان قارىيدۇر. شېئىر ۋە مۇئەمما ئېيتىدۇ، خەتنىمۇ ياخشى يازىدۇ. ئۇ بۇنچە سالاھىيەتلەرنى تېزلا يېتىلدۇرۇپ، «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسىگە كەلگەندە نالايىق ئىشلىرىنىمۇ باشلىدى. ئەمدى بولسىمۇ بىر ئاز تۈزۈلۈپ ئەسلىدىكى توغرا يولىدا ماڭسا ئەجەب ئەمەس، چۈنكى ئۇ ھەم شەيخ، ھەم خاتىپ، ھەم ئىماملىق ئىشىنى قىلىۋاتقان ئادەم. ئۇنىڭ بۇ مەتلەئى مېغىزلىق يېزىلىپتۇ. بېيت:

مەسىھ (ئەيسا ئەلەيھىسسالام) ئەگەر ئۇ سۆيۈملۈكنىڭ
ئاغزىدىن بىر ئېغىز سۆز ئىشىتسە ئىدى، ئۇيات قىلغىنىدىن قايتا
سۆز قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپالمايتتى.

مەۋلانا نامى — سەبزەۋارلىق. خەتتاتلىقتا نامە خېتىنى يېزىش بىلەن مەشھۇر، ھېچ كاتىپ خەتتاتلىقتا ئۇنىڭ يازغان نۇسخىسىنى يازالمايدۇ. نامە خېتىنى يېزىشتا ئۇ ھېچبىر خەتتاتنى، خۇسۇسەن مەۋلا ئابدۇلۋاسىئنى پىسەنتىگە ئالمايدۇ. پەقەتلا شەيخ ئابدۇللا دىۋانە ۋە خوجا دېھدار قاتارلىقلار ھەزرىتى پادىشاھنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرىدىن بولغاچقا، بۇ خەت نۇسخىسىنى كۆپ كىشىلەرگە تەقلىد ۋە ئوخشاتما قىلىپ يازىدۇ، خەتلىرى ناھايىتى چىرايلىق چىقىدۇ. لېكىن مەۋلانا ئۇلارنىڭ خەتتاتلىقتىكى تەقلىد ۋە ئوخشاتمىلىرىنى ياقتۇرمايدۇ. ۋە: «سوپۇن چايناپ، ئاغزىدىن ماغزاپ كۆرۈنۈپ قالغاندەك ئىش قىپتۇ» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەقلىد ۋە ئوخشاتمىلىرى ئەقىل-ئىدرەك ئىگىلىرىنىڭ ماختىشى ۋە ئاپىرىن ئېيتىشىغا سازاۋەردۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ئۇ سېنىڭ نامە خېتىڭ بىلەن تەگلىشىش ھەققىدە لاپ ئۇردۇ، بۇ نېمە دېگەن بەگباشلىق-ھە، بىزنىڭ قارا كۆڭۈل تەنە قىلغۇچىمىز يېگىلىشقان.

بەزى دانىشمەنلەر: «مەۋلانانىڭ بۇ مەتلىئى خوجا دېھدارغا قارىتىپ ئېيتىلغان. چۈنكى، پىكىر جەھەتتىن خېلى مۇناسىۋىتى بار» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ راست ئېيتقانلىقى ئېھتىمالدىن يىراقمۇ ئەمەس.

مەۋلانا ئەبدۇلۋاسېئ-خەتتاتلىق پەندە ماھىر بولۇپ، روھى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ كىشى. ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ يېڭىلىكى بەزىدە ھەتتا تەنتەكلىك ۋە شەرمەندىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. دانىشمەنلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆپ چاقچاقلىشىدۇ. بەزىدە قىزىقلا جىلى بولۇپ، ئىزتىراپقا چۈشىدۇ، ئۇنىڭ تېرىكىشلىرى يەنە يېڭى چاقچاق ۋە كۈلكىگە سەۋەب بولىدۇ. ھەتتا ئۇ بۇنداق چاغلاردا قاتتىق ھاقارەت گەپلەرنى قىلىسىمۇ يەنە كىشىلەردىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنىڭغا بۇ خىل نېسىۋە خوجا مەجدىددىن مۇھەممەدنىڭ دۆلىتىدىن يېتىشتى. شۇڭا ئۇنىڭغا قارىتىپ يازغان بەش يۈز بېيىتتىن ئارتۇق ھەجۋىي شېئىرى بار ۋە باشقا خەلقلەر ھەققىدە يازغانلىرى مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق، دېيىشىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

كۆزۈڭ چەۋەندازىنىڭ كامانىغا ئوقلار قاتار تىزىۋېتىلگەن بولۇپ، ھىلال ئاي سېنىڭ قاشلىرىڭ كامانىنىڭ ۋەھىمىسىدىن بىر چەتكە يوشۇرۇندى..

خوجا سۇلتان مۇھەممەد-شاھرەخت دېگەن



يەردىن بولۇپ، شەھەردە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۆزى خۇش سۆھبەت ۋە ھازىر جاۋاب يىگىت. ئۇنىڭ سۆھبىتى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ ۋە سۆزى خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. نامە خېتىنىمۇ چىرايلىق يازىدۇ. بېشىنىڭ تۈكى بۇرۇن كۆپ ئىدى. ھازىر ئازلاپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ بىئارام بولاتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئازادە مەشرەپلىكى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئولتۇرۇشلاردا بېشىنىڭ بىرتال تۈكىچىلىكمۇ غەم قىلماستىن، يالاڭ باش ھالدا ئولتۇرۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ تالانتىمۇ ياخشى، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

چېچەكنىڭ چېكىشلىرىنى چىشىم بىلەن يەشمەكچى بولىمەن. ئەمما بۇ خىيال بىلەن سەۋدايى بولغىنىمدىن زەنجىر چاينايمەن.

مىرەك ھۇسەيىن-خوجا سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئەمدىلەتىن نەزمىلەرگە مايىل بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ھەي ۋاپاسىز، غېمىڭ سەۋداسىدىن مەندە مۆتىدىللىك يوق تۇرسا، سېنىڭ ۋىسالىڭغا قاچان يېتىشەلەرمەن.

«سىددىق» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممامۇ ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

مەن ۋە ئۇنىڭ ئىتىدىن ئىبارەت ئىككى نەپەر كۆڭلى جاراھەتلىك يېرىم جان قاچانغىچە ئۆزئارا نېسىۋە تالىشىمىز.

مەۋلانا مۇھەممەد ئەمىن-ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە

ئىگە كىشى. ئۇنىڭ تىبابەت ئىلمىدىن خەۋىرى بار. نەزمىلەر ئىچىدە مۇئەمما پېنى بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىدۇ. بۇ پەننىڭ ئۇستازلىرى مۇئەمما پېنىگە بىردەك ھالدا: «مۇئەمما بولسا ئىما ۋە ئىشارەتلەر بىلەن ئات (ئىسىم) ھاسىل بولىدىغان ۋەزىنلىك سۆزدىن ئىبارەت» دەپ تەرىپ بېرىدۇ. لېكىن مەۋلانا بولسا بۇ ھەقتە: «ئىما-ئىشارەت ھەم ۋەزىنلىك سۆزنى شەرت قىلمۇيلىش ھاجەتسىز» دەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ مىسال كەلتۈرىدۇ: «بىراۋنىڭ ئىسمى ‹سەدر› (كۆكرەك) بولسا، يەنە بىرسى ئۇنىڭدىن ‹ئېتىڭ نېمە؟› دەپ سورىسا، ئۇ كىشى قولىنى كۆكسىگە قويسىلا ئىسمىنىڭ ‹سەدر› ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. يەنە بىر كىشى بىر بۆلۈك مال-دۇنيانى بىر يەرگە كۆمۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر زەڭ (قوڭغۇراق) نى ئېسىپ قويغان بولسا، ئەقلى نازۇك كىشىلەر (زەڭ) دىن ‹كەنز›، (خەزىنە، مال-دۇنيا) نىڭ مەۋجۇدلۇقىنى جەزىملەشتۈرەلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يا سۆزگە ياكى نەزمىگە مۇناسىۋەتسىز». لېكىن بۇ پەننىڭ دانالىرى ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى بەڭگىنىڭ خىياللىرى قاتارىغا چىقىرىۋېتىشتى، «روھ» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

بېھىشنىڭ ھۆر قىزلىرى بىلەن مەيخانا ئاۋات بولدى،
سەن دادىللىق بىلەن ئايلىنىپ ئۇ ھۆرلەر تەرىپىگە قارا.

**مەۋلانا نۇرى** — سادda ۋە ئاشىق سۈپەت كىشى. بىر ئولتۇرۇشتا كىشىلەر ئۇنىڭغا: «ھەكىم (تېۋىپ) لەر ھېس قىلىش سەزگۈسىنى دىماغنىڭ تۆرىدە دەپ قارايدۇ. دېمەك، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەسلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى قېشى ئارىسىغا خۇش پۇراق ماددىلارنى قويۇپ ھىدلىسا



كېرەك» دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى مۇۋاپىق تېپىپ، خۇش بۇي ماددىلارنى ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ تىنىقىنى كۈچەپ ئىچىگە تارتاتتى. ئەمما ئۇ تالانتتىن خالى ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مەن سېنىڭ كىيىۋالغان نىلۇپەر رەڭلىك كۆڭلىكىڭدىن ھەيرانمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ياقىسىدىن ھەر كۈنى قۇياش بېشىنى چىقىرىدۇ.

**مەۋلانا غىياسىددىن** — تالىبى ئىلىم ۋە تالانتلىق يىگىت. ئۇ ھازىر تىبابەت بىلەن مەشغۇل. شۆھرىتى تىبابەت جەھەتتە باشقا ئىشلارغا قارىغاندا كۆپرەك. بەلكى بۇ ھەقتە رىسالە يېزىپتۇ. نەزمىلىرىدە ھەزرىتى شەيخ (نىزامى گەنجەۋى) نىڭ «مەخزەنۇل-ئەسرار» (سىرلار خەزىنىسى) ناملىق ئەسىرىگە نەزىرەلەر يېزىپتۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەي مەيىن تاڭ شامىلى، سېنى گويا گۈل غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرۇۋاتقاندەك، ئىزتىراپ ئىچىدە كۆرۈۋاتىمەن، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنىڭ بېغىنى تاماشا قىلدىڭمۇ-نېمە؟

**شەيخزادە ئەنسارى** — شەيخ ئابدۇللا دىۋانەنىڭ ئوغلى. كىچىك يېشىدىلا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭدىن مۇئەمما پېنىدە كۆپ پاراسەت ئايانىدۇر. مۇئەممالارنى ھەم يازىدۇ ھەم يېشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل تالانتى چوڭلارنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. «ساد» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي مەشۇق، كىرپىكىڭدىن جېنىمنى نىشانلاپ نېمان-

چىنلا ئۇق ئاتمىسەن؟ مېنىڭ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىمدىن قاتتىق ھەزەر قىل.

مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ، تالانتلىق شائىرە بولۇپ، «بىدىلى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىدىكەن، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكىدەك قىلىمدۇ، مەتلەئ:

ئۇ سەرۋىنىڭ چىرايلىق يۈرۈشلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن باغقا بارىمەن-دە، نەرگىس گۈلىدىن ئىككى كۆزنى قەرىز ئالىمەن.

شەيخ ئابدۇللا — گەرچە مەجنۇن سۈپەت كىشى بولسىمۇ، لېكىن ساغلام تالانتى بار. بەزى-بەزىدە تىلىغا نەزمىلەر ئۆتۈپ قالىدۇ. بۇ مەتلەئ شۇ جۈملىدىندۇر، مەتلەئ:

مەن بىچارە سېنىڭ كوچاڭ بېشىدا ھەرقانچە تەمتىرەپ يۈرسەممۇ، يۈرەكتىن چىققان ئاھ ۋە كۆز يېشىدىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيمەن.

ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئايالى ۋە ئوغلىنىمۇ تالانت ئىگىلىرىدىن دېيىشكە بولىدۇ.

خوجا مەھمۇد — سەبزىۋارلىق بولۇپ، بابا ئەلى خۇش مەردانىنىڭ نەۋرىسى، خوجا ئىمادىددىن ھەسەننىڭ ئوغلىدۇر. ئاتىسى ناھايىتى مەشھۇر كىشى بولغانلىقتىن، ياخشى يامانلىقى ھەققىدە سۆزلەشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بوۋىسى دەرۋىش كىشى بولۇپ خانىقاھى ۋە مۇرىدلىرى بار ئىدى. ئۆزى



لاياقەتلىك يىگىت. ھەر خىل خەتلەرنى ياخشى يازىدۇ. نەزمىلىرىمۇ ياخشى. بۇ يېقىندا بىر «مۇندەرىجە» تۈزۈپ چىقىپ ئۇنىڭدا ئالتە خىل ئېسىل خەت نۇسخىسىنى تەرتىپ بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانىدى، ئۇ «مۇندەرىجە» نىڭ ئاخىرىدا خەتلىرىنى تەرىپلەپ بىر نەچچە بېيىت مەسنەۋىيمۇ يازغان ۋە ئاخىرقى بېيىتىگە تارىخىمۇ كىرگۈزگەنىدى. ئۇ تارىخ تۆۋەندىكىچە، تارىخ:

ئالتە خىل خەت ئۇسۇلىنى يازغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ تارىخى «ئالتە خىل خەت ئۇسۇلى» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت بولدى.

ئۇستاد قۇلمۇھەممەد — شىبىرغانلىق بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا غېجەك چالاتتى. ئۇنىڭدىن قابىلىيەت نىشانلىرى شۇ پەندە كۆپ نامايان بولاتتى. ئۇنى تەربىيىلەشكە تۇتۇش قىلىنىدى. ھازىر بۇ پەننىڭ ئۇستازلىرى ئۇنىڭ قانچىلىغان ئىجادىيەتلىرىنى يادقا ئالماقتا، بەزىلەر ئۇنىڭغا شاگىرت بولغانلىقى بىلەن پەخىرلەنمەكتە. ئۆزى تالىبىي ئىلىملىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ كالېندارچىلىق ئىلمى، نەققاشلىق، خەتتاتلىقتا ئوخشىغان باشقا ئۇششاق ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ بار. ئەمما، ئۇد، غىجەك ۋە قوبۇزنى زامانىمىزدا ھېچ كىشى ئۇنىڭچىلىك چالالمايدۇ. مۇئەمما قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. «نۇر» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ھەي سازەندە، شادلىق پەيتىدە خۇشناۋا سازىڭنى ياڭراتقىن، بۇ خۇشناۋالىرىڭدىن ھەممىمىزنى بىر خۇشال قىلغىن.

**مەۋلانا شەربەتى** – ئۇمۇ پىقىرنىڭ قىشىدا چوڭ بولدى. تارىخ ۋە نەسرىي ئەسەرلەردىن بىلىمى بار. شۇنداقلا شېئىر ۋە مۇئەممادىن خەۋەردار. نەققاشلىقنىمۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا ھازىر بىر ئىجادىيىتى بار. تامام بولسا، ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە كۆپ مەنپەئەت يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. ئادەمزات ئىچىدە ئۇنىڭدەك قابىلىيەتلىك كىشى ئاز تېپىلىدۇ. ھەرخىل پەنلەردە شۇ قەدەر ماھىردۇركى، كىچىك ۋاقتىدىلا قارىيلىقنىمۇ مۇكەممەل ئىگىلىگەن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇ پەرىزات يۈزلىرىنىڭ قۇياشىدىن ماڭا مەجنۇنلۇق يۈزلەندى. مەن دىۋانە دەل ئاشۇ چىراي سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ تىلىدا داستان بولدۇم.

**پەھلىۋان دەرۋىش مۇھەممەد** – پەھلىۋان مۇھەممەد (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) نىڭ ئىنىسىدۇر. ھازىر پەھلىۋاننىڭ ئورنىدا ئىز باساردۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

بۇ شۇنداق جايكى، بۇ يەردىكى توپا باسقان چىرايلار، دەردمەنلىك، موھتاجلىقلار ۋە دەرد-ئەلەمگە تولغان قەلبلەرنىڭ ھەممىسى يېقىملىقتۇر.

ئۇنىڭ ئىنىسى:

**ھۇسەينى** – مۇئەمما ئېيتىدۇ. «مەجد» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:



كۆڭۈلسىز مەجنۇنغا لەيلىنىڭ رۇخسارى كۆڭۈلدىن نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ سىقىلغان يۈرىكى يارىنىڭ ئىشقىدىن ئۆزگىسىنى خالىمايدۇ.

**مۇھەممەد ئەلى** – ئۇمۇ پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ پەرزەنتلىرىدىندۇر. «ھۇسام» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

ئەي تەڭرى، ھەي ئاي يۈزلۈك، جاھاندا ھېچكىمنى ھىجران ئازابىدا قويما، چۈنكى سېنىڭ گۈزەل جامالىڭ مېنىڭ كۈندۈزۈم، سېنىڭ پىراقىڭ تۈنۈمدۇر.

**پەھلىۋان سۇلتان ئەلى گۆشتىگىر** – ئۇمۇ پەھلىۋان مۇھەممەد (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) نىڭ پەرزەنتلىرىدىندۇر. قابىلىيىتى ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇ بىر مۇساپىردۇركى، سەپەردە مەن بىلەن بىرگە بولمايدۇ. مەن بىر خەۋەرسىز كىشى، ئۇنىڭدىن ماڭا خەۋەر كەلمەيدۇ.

**خوجا ئەبۇ سەئىد** – مېھنەتلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىنىڭ سۇلتانى شەيخ ئەبۇ سەئىد ئوبۇلخەيرى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولسۇن) نىڭ ئەۋلادلىرىدىن، خوجا مۇئەييەد دىۋانىنىڭ ئوغلى. ئۆزى نامرات كىشى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ يىغلاپ كېتىدۇ ۋە دائىم تەسىرلىنىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدۇ. ئەمما ئۇ بوۋادى قىلمىغۇچە كىشىلەر تىنمايدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئەي شەيخ، مېنى تۆۋە قىلدۇرۇپ، ئۆزۈڭنى بىئارام
قىلما. خۇدا ھەققى، ماڭا ئازاب قىلما.

مەۋلانا ھاجى — مەشھەددە ئىمام ئەلى مۇسا (ئۇنىڭغا
دۇئا ۋە مەدھىيىلەر بولسۇن) نىڭ قەبرىسىدە ئىمام ۋە تو-
ئۇشتۇرغۇچى، «گەۋھەر شاد بېگىم» بىناسىدا خاتىپدۇر. ئۆزى
پەزىلەتلىك ۋە سۈننى مەزھەپتىكى كىشى. ئەقلىي پائالىيەت-
لىرى شۇ دەرىجىدە ئۇستۇنكى، بايان قىلغان بىلەن تۈگى-
مەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇل مازار بېشىدىكى سەييىدلەر
بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنى بەزىلەر
ئىتتىپاقسىزلىقتا ئەيىبلەيدۇ ۋە خاۋارىج مەزھىپىگە مەنسۇپ
دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ئوبدانلا قابىلىيىتى بار، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى،
بېيت:

ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرۈش، بىلەنلا سېنىڭ
يۈزىڭنى كۆرسەم، بۇنىڭغا قايسى بىر ئەيش - ئىشرەت تەڭ
كېلەلىسۇن.

مەۋلانا ئابدۇررەزاق — تالىبى ئىلىم كىشى. ئىككىن
سادىدىلىقى ئۇستۇنرەك. «گەۋھەر شاد بېگىم» مەدرىسىسىنىڭ
تالىبلىرى ھەم ۋەقپە، مال - مۈلۈك باشقۇرغۇچى خادىملار-
نىڭ ماڭاشىنى بېرىش ھەققىدىكى بۇيرۇق كېچىكىپراق يېزىل-
مىدىغان بولغاچقا، ئۇلار پېقىرنىڭ قېشىغا بۇ ھەقتە شىكايەت
ئېيتىش ئۈچۈن كېلىشتى. ئۇلار ئورتاق كېڭىشىپ، كۆپچى-
لىككە ۋەكالەتەن سۆزلى ئۇنىڭ ئېيتىشىنى قارار قىلىشقا-
نىكەن. پېقىر بىر توپ جامائەتنى كۆرۈپ، نېمە سۆزلىرى
بارلىقىنى سورىدىم. كۆپچىلىك ئۇنىڭ بايان قىلىشىغا ھاۋالە



قىلىشتى. ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۇ سۆزنى مۇنداق ئىبارە بىلەن
باشلىدى: «ماڭاش يارلىقى يېزىلمىدى...» ئۇنىڭ رەڭگىدە
قىزىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن چاقچاقچىلار ئۇنى «ئىچى قىزىل»
دەيدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

سېنىڭ يۈرەكلەر قېنىنى ئىچكۈچى ياقۇت لەۋلىرىڭدىن
قايتا جان تاپتىم. بۇنىدىن كېيىن ئەمدى سېنىڭ كوچاڭ
بېشىدا بىزگە ۋە كۆڭلىمىزنىڭ ئاھ - زارىغا قارا.

مەۋلانا ھاجى — دۇنيادىن قول ئۈزگەن دەرۋىش
كىشىدۇر. ھەزرىتى مەخدۇم (ئابدۇراھمان جامى) نىڭ خىزمەتكارى
ۋە سۆھبەتدىشىدۇر. نەچچە قېتىم كەبىگە بېرىپتۇ.
بەزى نۆۋەتلەر ھەتتا يايىاق (پىيادە) بارغانىكەن، ئۇ ھەزرە-
تىنىڭ ئۇنىڭدەك يېقىن ئارىلاشقان كىشىسى ئاز بولغانىكەن.
ئۇ بەزىدە نەزمە ئېيتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

قېرىغان بېشىم يېڭى كۆچەت بولۇپ كۆكەردى، ئۇ كۆ-
چەتنىڭ مېۋىسى غەم - غۇسسە ۋە جىگەر قېنىدىن ئىبارەت
بوپتۇ.

مەۋلانا جامالىددىن — ھەزرىتى مەخدۇم (ئابدۇراھمان
جامى — ئۇنىڭ ياتقان يېرى يورۇق بولسۇن) نىڭ تۇغقان-
لىرىدىندۇر. تالىبى ئىلىم بولۇپتۇ. ئەگەر ھورۇنلۇقى ئارتۇق
بولمىسا ئىدى. دانىشمەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.
ھازىر ئۇ ھەزرەتنىڭ شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسىسىدە مۇدەررىس-
لىك قىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مەن سېنىڭ كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى سەرۋى بوي-

لىرىڭىنىڭ ئىشتىياقىدا نالە-زار قىلغۇچى بىر پاختەكەن. چۈنكى سېنىڭ ئەگىم قاشلىرىڭنىڭ تۈزىقىدىن بوينۇمدا سىرتمىقىم بار.

**خوجا ئەبۇ نەسىر** — خوجا مۇئەييەد مېھنەنىڭ ئوغلىدۇر. مېھنە شەيخزادەلىرىنىڭ قامالاشمىغان قىلىقلىرى سەۋەبىدىن ھەر دائىم بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلەشسە، تالاش-تارتىش قىلسا، ئىككى تەرەپتىن سەپ تۈزۈپ، ئوق ۋە قىلىچ، نەيزە بىلەن چىقىپ ئۇرۇشىدۇ. ئەمما ھازىر بەزىلەر: «خوجا ئەبۇ نەسىر خېلى سالاھىيەتكە كىرىپتۇ» دېيىشىۋاتىدۇ. تەڭرى خالىسا بۇ سۆز راست بولغۇسى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

غەم ئوتلىرى ئۇلغايسا سەۋر-تاقىتىم قالمايدۇ، بۇ ئوتنىڭ ئەلەڭگۈسىدە بىر نەپەس ئولتۇرسام يۈز قېتىم ئورنۇمدىن تۇرىمەن.

**خوجا ھەسەن كەرەگگى** — باۋەرد ۋىلايىتىدىندۇر. خوجا ئەبۇ نەسىر مېھنە ئۇنىڭ جىيەنىدۇر. ئاتىسى خوجا قەنبەر خۇراساننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەربابلىرىدىن ئىدى. ئۆزى ئىرىشچان، قاتتىق ئىرادىلىك بىر يۈزلىمە ئادەم. يىللاردىن بىرى باش ۋەزىرلىك مەنسىپىدە ئولتۇردى. پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتى ئۇنىڭغا كۆپ ئىدى ۋە ئۇ بۇ ئىلتىپاتقا شۇ قەدەر يۆلىنىۋالغانىدىكى، بەزى ھاللاردا پادىشاھنىڭ ئىنئاملىرىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش رەسمىيەتلىرىنىمۇ ئورۇندىمايتتى. بۇ ئىش ئاقىۋەت پادىشاھنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە ئۇنى شۇنداق يامان كۆرسەتتىكى، ئۇنىڭ ئامالى كىشى قولىدىن كې-



لىشىنىڭ ئىمكانى يوق. بەلكىم تەڭرىمۇ بۇ ئىشنى پادىشاھنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە سالار (خۇدا خالىسا). خوجىدا يۇقىرى تالانت بار. بۇ بېيىت ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆڭۈلدىن سېنىڭ يادىڭدىن باشقا ھېچبىر ئاھ-پىغان چىقمايدۇ. كۆزگە سېنىڭ خىيالىڭدىن باشقا ھېچبىر سۈرەت كۆرۈنمەيدۇ.

**خوجا قۇتبىددىن** — ھەزرىتى شەيخ ئەبۇ سەئىد ئوبۇلخەيىر ئەۋلادىدىن. ئۆزى ناھايىتى سالىھ، تەقۋادار ۋە پاكىز ئادەم. شەيخنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇ پەرى سۈپەت يار كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى. ئۇ كۆڭلۈمگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىنلا، كۆزۈمگە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ.

**خوجا يۇسۇپ مېھنە** — خوجا رۇكنىددىننىڭ ئوغلى بولۇپ، ھەزرىتى شەيخنىڭ ئۇلۇغ ئەۋلادلىرىدىن بىرى. ئۆزى تالىبى ئىلىم، سالىھ ۋە تالانتلىق يىگىت. ئۇنىڭ زېھنىدە كۆپ ئۆتكۈرلۈك بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

مېنىڭ زار كۆڭلۈم ئۇ مېھرىبانىمنىڭ چېچىدا ئورۇنلاشتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىشىق سەۋداسى بىلەن پەرىشان بولۇشىمۇ ئورۇنلۇق.

**خوجا ئەبۇ تاھىر** — خوجا ئابدۇللامېھنەنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ زېھنى خېلى ئۆتكۈر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كېچىلىرى ئۇ بۇدۇر چاچنىڭ تارىلىرى دىلىنغا شۇنچىلىك ئۇرۇلىدىكى، بۇ خىل ئەھۋال بالايى ئاپەت زەنجىرىگە گىرىپ-تار بولغانلارنىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

**خوجا قۇتبىددىن ئەھمەد** — ھەزرىتى سەيخۇل-ئىسلام زىندىدە فىل ئەھمەد جام (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ ئەۋلادى. ئۆزى پەرىشتە سۈپەت ۋە مالائىكە خۇسۇ-سىيەتلىك كىشى. خوجا ئەھمەد جامى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەد-دەس بولغاي) تېز يۈرۈشتە قۇش سېلىپ ئۇۋ ئوۋلايتتى. ئۇمۇ شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ قۇش ساپتۇ. قۇش سالىدىغان چاغدا مىنىدىغان ئۇلىغى يوق ئىكەندۇق، بۇ بېيىت ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەي يېقىملىق تاڭ شامىلى، ئۇ ئاتلىق چەۋەندازىمىنىڭ يوللىرىنىڭ چاڭ-توزاڭلىرىدىن كەلتۈرگىن، ئۇ مېنىڭ بۇ ياش تۆكۈۋاتقان كۆزلىرىمگە تۇتىيادۇر.

**مەۋلانا مۇھەممەد خۇراسانى** — تەنتەك ۋە ھورۇن مىجەزلىك، ۋەيرانە كىشى. تۇغرا يولغا يېتەكلىگۈچى تەڭرى ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، ئۇنى ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد تەبەر-كانى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ خىزمىتىگە سال-دى. ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ قولىدا تەۋبە قىلىپ تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەت ئەدەبلىرىگە مەشغۇل بولدى ۋە قىرىق كۈن-قىرىق كۆنلەپ ئېتىكاپ، ئىبادەتتە ئولتۇرۇپ، ئاسايىشلىقلارغا يول تاپتى دېيىشىدۇ. پىيادە يۈرۈپ، روزا تۇتقان ھالدا ھەج سەپىرىنى ئادا قىلىپ، ئۇ دۆلەتكىمۇ سازاۋەر بولدى. ھازىر



خالىي ئورۇندا خۇپىيانە ئىبادەتكە مەشغۇل. بۇ رۇبائىي ئۇنىڭ-كى، **رۇبائىي:**

بىر مۇددەت دوستلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم،
جاپا-مۇشەققەت ۋە دەرد-ئازابقا دۇچار بولىدىغان بولدۇم.
ئەگەر يار ماڭا دوستلۇق ۋە ئاشنىلىق قىلمىسا، دوست ۋە
قېرىنداشلىرىمدىنمۇ كېچىپ، ياتلىشىپ كېتىدىغان بولدۇم.

**خوجا كامالىددىن ھۈسەيىن** — خوجا نىزامۇلمۇ-لۈكنىڭ ئوغلى. ئاتىسىنىڭ شۆھرىتى ۋە داڭقى بۇرۇنقى نىزامۇلمۇلۈكتىنمۇ ئارتۇقراقتۇر، ئارتۇق بولمىغان تەقدىردىمۇ كەم ئەمەس. ئېتىبار يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىدى. ئەمما مەنسەپ جەھەتتە ئالدىنقىسى ۋەزىر ئىدى، بۇ بولسا ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۆلەتنىڭ ئالىي مۆتىۋەر-لىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۆزى مۇلايىم يىگىت. نامە خېتىنى ياخشى يازىدۇ. ئۇنى يەنە مۇزىكا بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ، دېيىشىدۇ ۋە بەزى ناخشىلارلى ئۇنىڭكى دەيدۇ. شېئىرنى ئالان-تىمۇ ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

گەرچە جەننەتتە يېقىملىق شامال ۋە كەۋسەر سۈيى بار
بولسىمۇ، مەيپۇرۇشلارنىڭ ئۆيىنىڭ سۈيى ۋە ھاۋاسى باشقىچە.

**خوجا ئابدۇللا** — بىر مەزگىل ۋازارەت مەھكىمىسىدە مۆھۈر باسقان خوجا مۇھەممەد مەرۋارىدنىڭ ئوغلى. ئاتىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراپ، ئاسايىشلىق خىلۋىتىنى خالىدى. بۇ خىل كىشىلەر ئىچىدىن بۇنداق شەرەپكە ئاز كىشى مۇيەسسەر بولغاندۇر. ئۆزى كىچىك

يېشىدا ھەرخىل ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، نوتا، مۇزىكا ئىلىمىدە ۋە خەتتاتلىق پېنىدە تەڭداشسىز بولۇپ يېتىشتى. قالۇننى ئۇنىڭدەك ئۆزگىچە چالىدىغان بىرەرسىنىڭ بارلىقى زادى مەلۇم ئەمەس. ئۇ پادىشاھ خىزمىتىدە ئالىي مەنسەپلەرگە ئېرىشتى. شۇ جۈملىدىن بىرى ۋەزىرلىكتۇر. ئۇ خەتتاتلىق پېنىنى كامالەتكە يەتكۈزدى. ئۆزى ھازىر جاۋاب، خۇش خۇلقلۇق ۋە خۇش سۆھبەت يىگىت. ئازراق بىخۇدلۇق ۋە بىپەرۋالىقتىن باشقا ھېچ نۇقسانى يوق، ياش بولغاچقا تۈزىتىپ كېتەلەيدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

كۆڭۈل ئۇ يۈرەكلەرنى ئوينىتقۇچى يارنىڭ ئېغىزى ۋە چاقچاقلىرىغا ئېرىشىپ، تىرىكلىك سۈيىنى ئىچتى-دە، ئۇزۇن ئۆمۈرگە ئېرىشتى.

«داۋۇد» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەمما:

جىگىرى كۆيگەن ئاشىقلارنىڭ كۆڭلى گويا بۇلبۇلدەك ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ چاچلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە چىرمىشىپ قالدى.

خوجا يەھيا — خوجا ئابدۇللانىڭ ئىنىسى. ياخشى تالانتقا ئىگە. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي يار بىلەن بىللە بولغۇچى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىنىڭنىڭ شۈكرانىسىگە بولسىمۇ، مېنىڭ ئەھۋالىمدىن ئۇنىڭغا ئاز-تولا سۆزلەپ قويساڭ نېمە بولىدۇ؟

مەۋلانا پەسىھىددىن — مەۋلانا نىزامىددىن مەرۋىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇلارنى «نىزامىيلار» دەيدۇ. خۇراساندا



بۇنىڭدىن ئۇلۇغراق نەسەب يوق. ئۇ يىگىرمە ياشقا يېقىنلاشقاندا ھەرخىل ئىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلەپ بولدى. ھازىر ئوتتۇز يىلغا يېقىنلاشتى. دەرسگۇيلۇق بىلەن مەشغۇل. ئاساسىي بىلىملەر ئىچىدە ئۇ دەرس ئېيتمايدىغان ھېچقانداق ئىلىم يوق. ئۇ دەرس ئېيتقاندا پەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يازغان شەرھە، ھاشىيەلىرى ۋە يازغان پايدىلىق كىتابلىرى بار بولۇپ، ئالىملار ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. شۇنچە ئىقتىدار ۋە رەڭدارلىقى بىلەن بىللە يەنە شۇ ئىلىملەر بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ئەقىل ۋە ساخاۋىتىمۇ بار. ئۇ كۆپلىگەن گۈزەل ئەخلاقلار ۋە يېقىملىق سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر. مۇنچە كامالەتلەر بىلەن يەنە بۇ پېقىرنىڭ سۆھبىتىگە كېلىپ، مەيلى سەپەردە ياكى شەھەردە چاغلاردا بولسۇن، كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ سۆھبىتىگە مېنى مۇشەررەپ قىلىدۇ. قانچە پىكىر قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ زۇلمەتلىك زاماننىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش سۆھبىتىدىن باشقا ئەيىبىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئەيىبسىز بىرلا تەڭرىدۇر. «غەرىب» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما مەۋلانانىڭ، بېيت:

كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتقۇچىلارنىڭ ھۆسنى-جامالىغا كۆز سېلىشتىن كۆزۈمنى خالىي قىلدىم، ھەي سەۋدايى، ئورنۇمنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىگە قاراپ باق.

## تۆتىنچى مەجلىسنىڭ ئاخىرى

بۇ ئىنچىكە ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك ئەزىزلەردىن بەزىسى گەرچە ئۆلۈم شارابىدىن مەست ۋە بىھوش بولسىمۇ، لېكىن

يەنە بەزىلىرى ھايات بەزمىدە مەستخۇش ۋە جىلۋىگەردۇر. شۇنداقلا نەزمىلەر بىلەن مەشغۇلدۇر. تەڭرى قازا تاپقان جامائەتنى ئۆز ھۇزۇرىدا رەھمەت دەرياسىغا چۆمدۈرسۇن. ھايات قالغان خىزمەتچىلەر ۋە بەندىلەرنى پادىشاھنىڭ خالىس مەرھەمىتىدىن مۇناسىپ ئىنئام ۋە غەمخورلۇققا ئېرىشتۈرسۇن.

رۇبائىي:

ئۇ گۇرۇھقا تەڭرىنىڭ رەھمىتى يار بولسۇن، بۇ جامائەت-
كە پادىشاھنىڭ مەرھەمىتى مەدەتكار بولسۇن. پادىشاھقىمۇ يۈز
پەلەكچە ئۇستۇن مەرتىۋە بار بولسۇن، پۇقرالىرىمۇ ياخشىلىق
ۋە غەمخورلۇققا سازاۋەر بولسۇن.



# بەشىنچى مەجلىس

**خۇراساننىڭ ۋە يەنە بەزى ئورۇنلارنىڭ ئەمىر ئەۋلادلىرى ۋە باشقا ئازاد كىشىلىرى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساغلام تالانتى ۋە كۈچلۈك زېھنىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە شېئرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەمما ئىزچىل داۋاملاشتۇرمايدۇ.**

شۇلاردىن بىرى:

**ئەمىر دەۋلەتشاھ** — پىرۇز شاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەمىر ئالائۇد — دەۋلە ئىسپەرايىنىنىڭ پەرزەنتى. فىرۇز بەگنىڭ ئورنى ۋە ئۇلۇغلۇقى ئالەم ئەھلىگە قۇياشتىنمۇ روشەنرەك بولغاچقا، تەرىپلەشكە ئېھتىياجلىق ئەمەس. ئەمىر ئالائۇد — دەۋلەمۇ ئىنساندىي پەزىلەتلەرگە ئىگە كىشى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە يېنىكلىك پەيدا بولۇپ، زايا بولدى. لېكىن ئەمىر دەۋلەتشاھ بولسا تالانتلىق، دەرۋىش سۈپەت ۋە ناھايىتى قابىلىيەتلىك يىگىت. ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يولىدىن يەنى ئەمىرلىك ۋە كۆرۈنۈشتىكى ئۇلۇغلۇق زىبۇ-زىننەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، خالىي ئورۇننى تاللاپ، يوقسۇللۇق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇشقا قانائەت قىلدى. پەزىلەتلەر ۋە كامالەتلەرنى ئىگىلەپ ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئۇمۇ مۇشۇ قىسقا كىتاب-

چىنىڭ مەزمۇنىدەك مەزمۇندا: «مەجمەئۇش - شۇئەرا» (شائىرلار جامائەتى) ناملىق كىتاب يازدى. ئۇنى كۆرۈپ مۇتالىئە قىلغان كىشىگە يازغۇچىنىڭ ئىستېدات ۋە كامالىتى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما بۇ يېقىندا ئۇنى پانى ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ، دەپ خەۋەر كەلدى. ئەھۋال شۇنداق بولغان بولسا، تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئېيخ، يۈزۈڭ قۇياشىدىن جاھاننىڭ كۆزى روشەن، ئۇ
كۆزنىڭ روشەنلىكىدىن كۆڭلۈم ئۆيى روشەن بولىدۇ.

**ھەسەن ئەلى جالايىر** — «تۇفەيلى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. ئۇ يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئىشىكىدە ئەمىرلەر باشچىسى ۋە ھوقۇق ئىگىسى بولغان ئەلى جەلايىرنىڭ ئوغلى. ئەمما ئۆزىنىڭ ئاتىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۆزى يوقسۇل سۈپەت، ئۆزلۈكىنى يوقاتقان، تەكەللۇپسىز ۋە تالانتلىق يىگىت. ئۇنىڭ نەزمىلەردە زېھنى ئۆتكۈر. ئەمما قەسىدە ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ھەققىدۇر. بۇ جەھەتتە شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇنى شائىرلار تائىپىسى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ نامىغا يازغان جۇشقۇن ئۇسلۇبتىكى مۇنەۋۋەر قەسىدىلىرى بار. ئۇ ھەزرەتمۇ ئۇنى ياخشى تەربىيىلىدى. شۇ خۇسۇستا، ۋىلايەت ئىگىسى بولدى. ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسىدە مۆھۈردارلىق قىلدى ۋە پەرۋانەچى (مۇئاۋىن ۋەزىر) بولدى. شۇنداقلا، شاھقا يېقىنلىق ۋە نايىب (ئورۇن باسار) لىق بىلەنمۇ مەشغۇل ئىدى.

پەلەكنىڭ پەزىلەت ئەھلىگە ھەسەتخورلۇقى، چىدىماسلىقى بولغانلىقتىن، ئۇنى بىر كەمچىلىك بىلەن شاھنىڭ پەلەك سۈپەت دەرگاھىدىن يىراقلاشتۇرۇپتۇ. بۇ قايغۇ - ئەلەمدىن ئۇنىڭ



كۈندۈزى تاقىتى، كېچىسى ئۇيقۇسى يوق. خۇدا خالىسا، شاھانە كەڭچىلىك ۋە ئىلتىپاتىنىڭ ئۇنى قولدىشىغا ئۈمىد بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ قەسىدىلىرىدىندۇر. بېيىت:

خۇداغا شۈكرى، ئادىل پادىشاھنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن
يەنە بىر قېتىم گۈلۈم تىكەندىن خالاس بولدى، تىكەن ئاي-
غىمدىن ۋە ئايىغىم پاتقاقتىن چىقتى.

ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇشۇ مەتلەئىدىكىدەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ئۇ گۈزەلنىڭ پۇتى باغ سەيلىسىدە گۈلدىن ئازار يېدى.
كۆزۈمدىمۇ كىرپىك تىكەنلىرى بار تۇرسا، قانداقلارچە ئۇنىڭ
پۇتىدىكى تىكەننى كۆزۈم بىلەن ئاختۇرالايمەن؟

ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ھورۇنلۇق ۋە سەۋدايىلىقتىن
باشقا ئەيىبى يوق.

**مىر ھەيدەر** — «سەبۇھى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. بۇ دەرگاھ (سۇلتان ھۈسەيىن ئوردىسى) نىڭ كونا، بەلكى تۇغما، خىزمەتچىسىدۇر. بۇ پېقىرغا يېقىن تۇغقان بولغانلىقتىن پەرزەنتلىك مۇناسىۋىتى بار. بالىلىقتىن يىگىتلىك دەۋرىگىچە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا مەشغۇل بولدى. شېئىر، مۇئەممادا ۋە باشقا ئىلىملەردە زېھنى ئۆتكۈر. گەرچە ئۇ بۇ خىل ئىلىملەرنى تېزلا تاشلاپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي ئىشلاردا كۆپ ئارتۇقچىلىقلىرى بار. ئوق ئېتىشتا تېز ۋە قىلىچ چېپىشتا چاققان، باشقا قەھرىمانلىقلاردىمۇ شۇ دەرىجىگە يەت-

كەنكى، بۇ ئەسىر كىشىلىرى ئۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. سەۋدايىلىق ئالامەتلىرىدىنمۇ نېسىۋىسىز ئەمەس. تەرىقەت مەسلىكىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۆزىنى كۆپ ئىخلاسمەن ۋە يېقىن تۇتتى. ساغلاملىق ۋە ئىزچىللىق قائىدىسىدە مۇستەھكەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ياقۇتتەك لەۋلىرىڭ مەيمۇ ياكى تازا ۋە ئوتلۇق ھەسەلمۇ؟ ئۆزۈڭ ئېيت، بۇ ئىككىسىدىن قايسىبىرى، يۈزۈڭدىكى تەرمۇ ياكى گۈل سۈيىمۇ؟ ئۆزۈڭ ئېيت، بۇ ئىككىسىدىن قايسىبىرى؟

**ئەبدۇلۋەھھاب** — «سۇھائى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىدۇ. شەيخىمبەگنىڭ جىيەنى ۋە ئابدۇررەززاق ئەتكەنىڭ ئوغلى. شەيخىمنىڭ تەرىپى ئۆز بايانىدا سۆزلەندى. ئابدۇررەززاق ئەتكەمۇ ئالائۇد-دەۋلە مىرزىنىڭ ئوردىسىدا مۆھۈردار ئىدى. ئۆزى يەنە ھەربىي خاراكتېرغا ئىگە يىگىت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئەبدالنامە» ناملىق بىر كىتاب يېزىپتۇ. ئەمما پېقىر كۆرمىدىم. ئۇنىڭ تالانتىنىمۇ بەزىدە تاغىسى تەرىپلەيدۇ. ئۇنىڭغا بۇ شەرەپ يېتەرلىكتۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇنىڭ ئاغرىق كۆزىدىن دىلىمدا يۈز تۈرلۈك ئەلەم بار ئىدى، تاكى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگىچە بۇ دەردكە ئىشەنمىدى.

بۇ مەتلەئنى بىرەرسىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغاندا يازغان ئوخشايدۇ.

**سۇلتان ھۈسەيىن** — «خاتەمى» دېگەن تەخەللۇسنى



قوللىنىدۇ. شەيخ بەھلۇلبەگنىڭ ئوغلى گەرچە ئاتىسى ھازىر يوقسۇللۇق يولىنى ئىختىيار قىلىپ، خالىي ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما سۇلتان ساھىبقىران دۆلىتىدىن خارەزم تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپ، ئەمىرلەر مەھكىمىسىدە مۆھۈر باستى. تاغىسى ئىسلامنىڭ مەشئەلى دەپ ئاتالغان بەلخ شەھىرىدە يىللاردىن بېرى ھۆكۈمران ئىدى. ئۆزى يوقسۇل سۈپەت ۋە نامرات خاراكتېرگە ئىگە يىگىت. زېھنىمۇ ساغلاملىقتىن خالى ئەمەس. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

جانانىدىن ئايرىلىش ماڭا ئىنتايىن مۈشكۈل كۆرۈنىدۇ، ھەي مۇسۇلمانلار، شېرىن جان بىلەن ۋىدالىشىش ئىنتايىن قىيىن ئىكەن.

**مىر ئىبراھىم** — سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئوغلى. ئۇ پېقىرنىڭ تاغىسىغا نەۋرە بولىدۇ. پېقىر ئۇنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرۈپ، ئاسراپ كەلدىم. «شاھىم» ۋە «ماھىم» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەمما ئۇنىڭكى، مۇئەممە:

ھەي كۆڭۈللەرنى يارىتىقۇچى گۈزەل، مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن بۇ بىچارە ئىبراھىم تەرەپكە ناز بىلەن قاراپ قويغىن.

**مۇھەممەد سالىھ** — ئۆز ئىسمى مۇناسىۋىتى بىلەن «سالىھ» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى نۇر سەئىدبەگ چاھارجۇي ناھىيىلىرىدىن تاكى ئاداق ناھىيىلىرىگىچە بولغان جايلارغا كۆپ ۋاقىت ئەمىرلىك قىلدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئىشىكىدە، ئۇلۇغبەگ ۋە جوگى مىرزا دەرگاھىدا پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكمى ئۆتىدىغان ھوقۇق ئىگىسى

ئىدى. ئەمما ئىنتايىن بەتقىلىق ۋە بەتخۇي كىشى ئىدى، ئۆزى مۇلايىم يىگىت، مىجەز-قىلىقلىرى ئاتىسىنىڭ خۇي مىجەزىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئاچىيىپ بىر خاتالىق يۈزلىنىپ، سۇلتان ساھىبقىرانىنىڭ خىزمىتىدىن كېتىشىنى ئىختىيار قىلدى. بەزىلەر: «بىخۇدلۇق ئالىمىدە يامان سۆھبەتداشلار ئۇنى بۇ يامان يولغا باشلاپتۇ» دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ زېھىن ۋە تەبىئىتىدە خېلى نازۇكلۇق ۋە شېئىردى تالانت بار. ئۇنىڭ خەتتاتلىقتىمۇ قابىلىيىتى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ئايدەك يۈزلىرىنى يېپىۋېلىشلىرىدىن پەرىشان ئەمەسمەن. ئاخىرى تاڭغا يېتىشىدىغان بولغانىدىن كېيىن تۈننىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن نېمە غەم.

شەمەرەم - خۇراساننىڭ ئېسىل ئادەملىرىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۆزى ساغلام بەدەنلىك ۋە ساغلام زېھىنلىك يىگىت، ئۇنىڭ تالانتى نەزمە ئۇسلۇبىدا كۆپ يۇقىرى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەركىم ياردىن ئايرىلىپ قالسا، كۆپ پەرىشان بولىدۇ. ۋىسال (ئۇچرىشىش) قەدرىنى بىلمىگەنلەر مەندەك پۇشايماندا قالىدۇ.

بۇ پارچە مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي ۋەز-نەسىھەتچى، بىزنى ئەقىل-پاراسەت كوچىسىغا باشلايمەن دېمە. سەۋدايىلىق بىزگە نېمىنى بۇيرۇسا شۇ بويىچە بولىدۇ، ئىختىيار بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس.



مىر قۇشچى - تارىلەنىڭ ھاجىتىدىن بىرامغىدەك دەرىجىدىكى ناھايىتى يۇقىرى نام-شۆھرەتكە ئىگە بولغان جاھان مەلىكىبەگىمنىڭ نەۋرىسى. شۇنداقلا، يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكەن ئەمىر يادىگار بەگنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

جانانىمنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ گەپ-سۆزلىرى چىقىپ قالارمىكىن دەپ، ھەر دائىم مەجلىسلەردە گۈزەللەر ھەققىدە سۆز ئاچىمەن.

مىر ئەلى دوست - «رەفىقى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. ئەلىكە بەگنىڭ نەۋرىسى. ئەلىكە بەگنىڭ شان-شۆھرىتى تەرىپلەش بىلەن كىشىلەرگە تونۇتقاندىنمۇ كاتتىراق ۋە ئۇلۇغراقتۇر. ئىسمىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق، شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك. ئۇنىڭ مەدرىسە، گورخانا (قەبرىستان) لىرى، لەڭگەرلىرىمۇ ئۇنى يېتەرلىك تونۇتقاندۇر. مىر ئەلى دوستنىڭ زېھنى ئۆتكۈر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆڭلۈم دەردىنىڭ داۋاسىنى قەيەردىن ئىزدەيمەن، ئۆز ئەھۋالىمنى قەيەرگە بېرىپ، كىمگە ئېيتىمەن؟

يامغۇر چىبەگ - «سىپاھى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. ئۆزى پىر ۋەلىبەگنىڭ ئوغلى. پىر ۋەلىبەگنىڭ تەرىپ تۈسۈپى خۇددى ئەلىكەبەگنىڭ تەرىپى بىلەن ئوخشاش، ئۆز ساھەسىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا باركى، كەم ئەمەس، ئەمما ئىسمىلىرى ئانچە قالمىدى. يامغۇرچىبەگ تالانتلىق بولۇپ چىقتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

دىلبىرىمنىڭ پىراقىدا مەسچىتكە بېرىپ، سەجدە قىلىش باھانىسى بىلەن بېشىمنى يەرگە ئۇرىمەن.

**مۇھەممەد ئەلى جالايىر** — «نىسارى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئۆزى ئەلى جالايىرنىڭ ئوغلى، ھۈسەيىن ئەلى بەگنىڭ ئىنىسى. بۇ ئىككىسىنىڭ تەرىپى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. ئۆزى سىپاھىلىقتا ئاتىسىغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن باشقا خۇسۇسىيەتلەردە تاغىسىنى دورىغان، ئاجايىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەم. ئۇنى خۇراسانلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان بولغاچقا، سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ لېكىن ئۇ شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭكى، بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

ھېچ كىشى مېنى زادىلا غەمسىز كۆرۈپ باقمىدى، مېنىڭدەك غەم-ئەلەم كۆرگۈچىنى غەمنىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈپ باقمىغان.

**مەۋلانا كەۋكەبى** — ئەمدى ئاشكارا بولۇپتۇ. ئۆزى شەيخ بايەزىد ئەتكەنىڭ نەۋرىسى. پېقىر ئۇنى كۆرگەن. شېئىر ئېيتىسىمۇ لېكىن ئاشكارا قىلمايتتى. ئۇ مەشھەددە ئاتا ۋە ئەجدادىنىڭ گۆرىستانىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ يەردىن كەلگەنلەر بۇ مەتلەئىنى ئۇنىڭكى، دەپ نەقىل كەلتۈرۈشىدۇ، بېيىت:

ھەي قاشلىرى يادەك گۈزىلىم، مەن دىلخەستىنى ئۆلتۈردۇڭ. مېنىڭ قايتىدىن تىرىلىشىم ئۈچۈن ماڭا قارىتىپ يەنە بىر قېتىم ئوق ئۈزگىن.

**ئىبراھىم خەلىلى** — مۇھەممەد خەلىلنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ ئاتىسى خەلىلبەگ يىللاردىن بېرى نىمروز مەملىكىتىدىن تاكى



ئەزنە ناھىيىلىرىگىچە بولغان جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا ھېچقايسى پادىشاھقا تەۋە بولمىغانىدى؛ ۋە تالانتلىق كىشى ئىدى. ئۆزىمۇ ئەخلاقى مۇلايىم، ياۋاش ۋە ئەدەپ-ھۆرمەتلىك يىگىت. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

يات كىشىلەرنى كۆرۈش بىلەنلا، دەرھال قولۇمنى كۆكسۈمگە قويدۇم، بۇ قىلغىنىم تەزىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يارنىڭ خەنجىرىدىن كۆكسۈمدە قالغان يارىلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈندۇر.

**مىر ھەيبەتۇللاھ** — مىر ھەيدەرنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ تەرىپى يۇقىرىدا بايان قىلىندى، ئۆزى مۇلايىم يىگىت. ئۇد ① چېلىشتىمۇ قابىلىيىتى بار، ھەم ئۇنىڭغا ئىشقىمۇ بار. شۇ پەندە ياخشى بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئەگەر مېنىڭ چەككەن ئاھلىرىمنىڭ سوغۇق شامىلىدىن كۈن ۋە ئاي چىراغلىرى ئۆچۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن غېمىمنىڭ تۈنىدە پۈتۈن ئالەم كۆزۈمگە قاپقاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ؟

**مەھەممەد جەئفەر** — مۇھەممەد ئەلى كۆكەلتاشنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى مۇقەددەس مەشھەد (ئۇنىڭغا مەدھىيە ۋە سالاملار بولسۇن) نىڭ دورغىسى. ئۆزىنىڭ تالانتى ياخشى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

① ئۇد — بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

ئۇ كېچىسى شارابىنىڭ ھارارىتىدىن جامالىڭ شېمىنى يورۇتقىنىڭدا، ماڭا رەھىم قىلماستىن، پەرۋانىنى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈردۈڭ.

**شاھ قۇلى ئۇيغۇر** — كىچىكىدىن باشلاپ زېھنى ئىلىم تەھسىل قىلىشتا ۋە باشقا نۇرغۇن ھۈنەر - سەنئەتلەردە ئۆتكۈر ئىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئامراقلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قېلىپ، ناھايىتى كۆپ قابىلىيىتى زايا بولدى. ئۇ قەبىلىنىڭ مىرزىسى. ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىشلارنى شۇ قىلىدۇ. مۇئەممادا زېھنى ئۆتكۈر. «مەھۋى» نامىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، بېيىت:

بىزنىڭ مېھنىتىمىزنىڭ ئالدىدا ئىككى ھەرىپ بار. ئۇنى ئەگەر مۇۋاپىق بولسا ئېيتقىن، مۇۋاپىق بولمىسا ئېيتما.

**دەرۋىش ئابدۇللاھ** — تارخانلاردىن شەيخ سەلمان ئەتكەنىڭ ئوغلى. نەزمىلەرگە زېھنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆتكۈر ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سېنىڭ لېۋىڭ ۋە چىشلىرىڭ خىيالىدىن لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرىم گوياكى تاشلىرى ئۈنچە ۋە ياقۇتتىن پۈتكەن دەرياغا ئوخشايدۇ.

**ئابدۇلقاھھار** — شەيخزادە مۇھەممەدنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى پادىشاھ ئوردىسىدا ئەمىرلىك مەنسىپىگە ئېرىشتى، باھادىر كىشى تۇرۇقلۇق يەنە ۋۇجۇدىدا پۇقرا سۈپەتلىك ۋە مۇلايىملىق بار ئىدى. لېكىن ئوغلىغا بۇ خىل پەزىلەتلەر-



دىن ھېچبىر مىراس تەگمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مۇئەممما پىيىندە قابىلىيىتى بار. «ھۇمام» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، بېيىت:

يارىم ئوتلۇق مەينىڭ ھارارىتىدىن گۈل يۈزلىرىنى ئوتتەك ياندۇردى. غەم - ئەلەملىرى بىلەن بىچارە بۇلبۇلنىڭ دىللىرىنى ئۆرتىدى.

ئەمدى ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قابىلىيەتمۇ يوق بولدى.

**بەگ مەلىكى** — ھەسەن مەلىكنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ تەرىپ تۆسۈپىنى كىشى ھەر قانچە سۆزلىسىمۇ تۈگىتەلمەيدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئاتىسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئۇ بۇرۇن ئاز - تولا مۇئەممما ئېيتالايتتى. لېكىن ھازىر ئۇمۇ بۇ ئىشتىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ھەقەمسايىسىگە ئوخشاش مەھرۇم بولماقتا.

مۇئەممما بىلەن شۇغۇللانغان چاغلىرىدا «خۇررەم» ئىسمىغا بۇ مۇئەمممانى ئېيتقانىدى، بېيىت:

ئەھۋالىم ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ سەۋەبىدىن يامانلاشتى. كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا ئۇنىڭ رۇخسارىدىن ئوت چۈشتى.

**ساقىي** — جەئپەر باخشىنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا نەزمىلەردىمۇ ۋە باشقا ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەردىمۇ قابىلىيىتى مول ئىدى. ئۇنىڭ تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرلاردا خېلى يولى بار. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى قەھرىمانلىقى شۇ

دەرىجىگە يەتكەنىكى، خۇراساننىڭ سەركەردىلىرى ئىچىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر كىشىلەر ئۇنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە تەرىپ قىلىشىدۇ. دۆلەت ئەرباب‍لىرى قېشىدا بەلكى پادىشاھ ئالدىدا ئىلتىپاتقا ۋە مەقبۇللۇققا ئېرىشكەنىدى. ئۇنى قانداق بالا ـ قازا ئۇرغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدۇق، ئۇنىڭ ھازىر يۇقىرىقى سۈپەتلىرىدىن ھېچ نەرسە قالمىدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلۇغ تەڭرىدىن ئۇنىڭ بۇ چۈشكۈنلۈكىنى بەختىيارلىققا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى،

مەتلەئ:

ياقامنىڭ يىپىنى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ بويۇن تاسمىسى قىلغىن،
شۇ ئارقىلىق ياقام ھەر دائىم يىرتىلىپ ئېتىكىمگە چۈشسۇن.

تۈركچە مەسنەۋىسىدە يۇپۇقلۇق ئات مىنگەن كىشىنى تەرىپلەپ مۇنداق يېزىپتۇ، بېيىت:

ئۇنىڭ ئېتى گۈزەللىكتە گويا قىرغاۋۇلنىڭ ئۆزى ئىدى،
ئۇنىڭغا ياپقان يۇپۇقنىڭ ئىككى تەرىپى ئۇنىڭ ئىككى قانىتى ئىدى.

## بەشىنچى مەجلىسنىڭ خۇلاسىسى

بۇ تالانت گۈزەللىكى بىلەن بېزەنگەن ئازاد كىشىلەر ۋە بۇ زېھىن ئۆتكۈرلۈكى بىلەن زىننەتلەنگەن ئەمىرزادىلەر ئىچىدىن گەرچە بەزىسى يوقلۇق خىلۋىتىدە يوشۇرۇنلۇق پەردىسىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزىسى مەۋجۇتلۇق بەزمىسىدە، ئاشكارىلىق ۋە ھاياتلىق بۇرجەكلىرىدە ھازىردۇر.



قازا تاپقانلارنى تەڭرى ئۆز رەھمىتى ۋە كەچۈرۈم كەڭچىلىكىدىن بەھرىمەن قىلسۇن؛ ھايات قالغانلارنى پادىشاھىنىڭ ئىنئام ۋە ئېھسان خەزىنىلىرىدىن خۇشال ۋە شادىمان قىلسۇن. رۇبائىي:

ئەي تەڭرىم، شاھىمىزنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەرشتەك يۈكسەك

قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تەڭرىنىڭ يەردىكى سايىسى دېگەن خىتاب يېزىلدى. شاھىمىزنىڭ قازا تاپقان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ھېساب قىلما، ھايات قالغانلارنى شاھ بەزمىسىدە قۇياشتەك نۇرلۇق قىلغىن.

# ئالتىنچى مەجلىس

**خۇراساندىن باشقا مەملىكەتلەرنىڭ پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە دانىشمەن كىشىلىرى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئەسىردىكى كىشىلەر بولۇپ، ھەر قايىسى ئۆز ھالىغا يارىشا شېرىن سۆزلۈكتۇر، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس دىۋان ۋە شېئىرلارغا ئىگىدۇر.**

شۇلاردىن بىرى (ئاۋۋال سەمەرقەند كىشىلىرىدىن باشلايلى):

**ئەھمەد ھاجىبەگ** — زامانىنىڭ تەڭداشسىز كىشىلىرىدىن بىرى بولغان سۇلتان مەلىك قەشقەرىنىڭ ئوغلى. ئۇ «ۋاپائى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىدۇ. ئۆزى تەقى-تۇرقى كېلىشكەن، مىجەز-خۇلقى يېقىملىق، ئەخلاقى-پەزىلىتى مەدھىيىگە سازاۋەر، ئىش-ھەرىكەتلىرى ھەممە كىشىگە يارايدىغان يىگىت. خۇراساندا تەربىيىلەندى. ھېرات سەلتەنەت مەھكىمىسىدە ئۇن يىلغا يېقىن ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن بولدى. شۇنداقلا سەمەرقەند ۋىلايىتىدە بىر مەزگىل ھاكىم بولدى. ھازىر ئۇنىڭ مۇستەقىل ھالدا ئەمىرلىك مۇقىم ھالدا پادىشاھقا نايىب



(ئورۇن باسار)لىق قىلىۋاتقىنىغا بىر قەرىن (30 يىل) بولاي دېدى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بۇ بەگنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا قول قويىدۇ. ئۇنىڭ تالانتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، نەزمە يېزىشقا كۆپرەك ئىلتىپات قىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

تېنىمدىن جېنىمنى ئېلىپ، چېچىڭنىڭ زەنجىرلىرى بىلەن
باغلىدىڭ، يۈزۈڭدىن پەردىنى ئېچىپ كۆزۈمنى باغلىدىڭ.

**خوجا خۇسرەۋ** — سەمەرقەند تەختىنىڭ بىردىنبىر داڭلىق قازىسى ۋە ئۇلۇغبەگ مىرزا مەدرىسىسىنىڭ مۇدەررىسىدۇر. شۇنداقلا ئۇ پەزىلەت، كامالەت ۋە ئەقىل-پاراسەت ئۇلۇغلۇقى بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تەقۋادارلىق، زاھىدلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق زىننەتلىرى بىلەن بېزەلگەن كىشىدۇر. ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بولغانلىقتىن، شۇنچە كۆپ مەشغۇلىيەت ۋە ئەرز-دادلار بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ يەنە نەزمە، نەسرى، تارىخ ۋە مۇئەممما پەنلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. «مەلىك» ئىسمىغا يېزىلغان بۇ مۇئەممما ئۇنىڭكى، مۇئەممما:

ئۇ ئاينىڭ ئەۋجىدىن تاكى ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر
نەرسە بولسا، ئۇنىڭغا دىققەت قىلساڭ ئىسىم ھاسىل بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەۋلىيا كىشىلەردىن بىرى بولغان بابا خۇداداد سەمەرقەندتە ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان يىلىغا ئاتاپ «مەجزۇبى سالىك» (تەسەۋۋۇپ مەسلىكىگە بېرىلگۈچى) دېگەن سۆزنى تاپقان. پېقىرنىڭ «ۋەقفىيە» (ۋەخپەنامە)

كىتابىمنى تەھرىرلەش جەريانىدا يەنە ئۇنىڭ تارىخى ئۈچۈن «سىن ۋەقفى ئەلشىر» (ئەلىشىردىن ۋەخپە) دېگەن سۆزنى تاپتى. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ھەر ئىككىلا ئىشىنى تەرىپلىمىسەكمۇ خوجىنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك زېھنى ئۈچۈن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىدۇر.

ئەبۇلبەرەكە — ئۇ يۇقىرىدا خوجا خۇسرەۋ قازىنىڭ سۈپەت تەرىپلىرىنى قىلىپ يېزىلغانلارنىڭ تامامەن تەتۈرىسىچە ئادەم. خۇراسان ۋە سەمەرقەندتە بولغان كىشىلەر ئىچىدە ئۇنى بىلمەيدىغان كىشى يوق. ئۇنىڭ قەبىھ ۋە يىرگىنىشلىك ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كۆپ شەرمەندىلىك كېرەك؛ ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر نەقىلنى بىر سائادەتمەن كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىرالىشى ناھايىتى مۇشكۇل ئىش؛ شۇڭا ئۇ ئىشلارنى سۆزلەشنى بولدى قىلىمىز. ئۇنىڭ قىسقىچە شەرھىيىسى تۆۋەندىكىچە: ئەبۇلبەرەكە سەبزە شەھىرىدە قازى ئىدى. پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئۇنىڭ زۇلمى ئۈستىدىن ئەرز - داد ئېيتقۇچىلار كۆپ كەلگەنلىكتىن ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، خۇراسانغا قايتۇرۇپ كېلىنىدى. بۇ يەردىمۇ ئۇ يەنە ئاجايىب پەسكەش ۋە ھىيلەنەيرەڭلىك ئىشلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. سۆزلىسەك بۇ ئاجايىب - غارايىباتلار ناھايىتى ئۇزۇن. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ يەردىمۇ تۇرالماي، يەنە سەمەرقەندكە كەتتى. ئۇ يەردىكى دۆلەت ئەربابلىرىدىن بەزىسى ئۇ مەنسەپنى ئۇنىڭغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدى. چۈنكى بىر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇ يەردە قازى يوق ئىكەندۇق. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى: «ئۇ مەنسەپ ئىگىسىز تۇرۇۋاتىدۇ. مانا ئەمدى لايىق ئادەم تاپتۇق» دەپ، ئۇنىڭغا بىر قۇر كىيىم كىيدۈرۈپ پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىشىپتۇ. يەنە بەزى ئەمەلدارلار: «ئۇ قىلىقى ئوسال ئادەم» دەپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا: «بىر



نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇ يەر قازىسىز تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا قازىلىقنى بۇ ئادەمگە بېرىش كېرەك، بۇ ئادەم ھەرقانچە بەتقىلىق ۋە بەدبەخت بولغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا ئىلگىرىكى قازىدىن ياخشىراقدۇر.» دەپتۇ.

ئۇنىڭ نەزمىلىرى يادىمدا يوق. لېكىن دانىشمەنلەر بۇ بېيىتنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتىپتۇ، بېيىت:

دېۋە ھەم شەيتان سۈپەت ئەبۇلبەرەكەنىڭ تۇرار جايى
يەتتىنچى دوزاخ بولسۇن.

خوجا خاۋاند — خوجا پەزلۇللا ئەبۇللەيسى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ ئوغلى. ئۆزى دانىشمەن ۋە تالانتلىق يىگىت. ئۇنىڭ تالانتى ھەم نەزمە تەرەپكە، ھەم لەتىپە ۋە چاقچاق تەرەپكە مايىل. ئەبۇلبەرەكە ھىراتقا كەلگەندە كۆڭلىدە دەرۋىش ھۇسەيىنگە ئۆچلۈك پەيدا بولۇپتۇ. ئەبۇلبەرەكە دەرۋىش ھۇسەيىنگە قاتتىق ئېغىر كەلسۇن ۋە قاتتىق ئاھانەت (ھاقارەت) بولسۇن دېگەن نىيەتتە، قاراڭغۇ كېچىدە كەپتۇ - دە، بىرى سىسەد سالەنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئىپلاسلىق قىلىپ ئۇ يەرنى بۇلغاپتۇ، ئۇ مازار بېشىغا پەقەت شۇ مەقسەت ئۈچۈنلا بارغانىكەن. خوجا خاۋەند بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ توغرىدا چاقچاق يۈزىسىدىن بۇ بېيىتنى ئېيتقانىكەن. ناھايىتى مۇۋاپىق چىقىپتۇ. بېيىت:

ئۇ ياش يىگىت بېرىپ پىرى سىسەد سالىنىڭ قەبرىسىگە
تەرەت قىلدى. ئۇ يىگىت ئەگەر پىر بولۇپ قالىدىغان بولسا،
مەن ھېچقانداق پىرغا مۇرىد بولمايمەن.

ئەمىر مەھمۇد بارلاس ـ ئالىي نەسەپلىك، يۇقىرى پەزىلەتلىك، دەرۋىش سۈپەت، ئۆزلۈكىنى يوقاتقان ۋە تەكەللۇپسىز كىشى. «دەھنامە» ناملىق نەزمىي ئەسەرمۇ يېزىپتۇ. ئۆزى زېھنى ساغلام، خۇي ـ مىجەزى ياخشى ئادەم، ئۇ كىرمان ۋىلايىتىدە ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. يېقىندىن بېرى پادىشاھ ئوردىسى ئەمىرلەر مەھكىمىسىدە مۆھۈردارلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

مېنىڭ يۈزۈم سۇدىنمۇ سۈزۈك ۋە تىنىق دېمە، مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ قۇياشتىنمۇ روشەندۇر.

مەۋلانا فانىي دەرۋىش ـ سەييىدى ئەھمەد بايەزىد پەرۋانەچى (مۇئاۋىن ۋەزىر) نىڭ ئوغلى. كىچىك ۋاقتىدا شوخراق ئىدى. ئەمدى دەرۋىشلىك ۋە ئەھلى سالاھلىق سۈرىتىگە كىرىپتۇ. مىر سەربەرەھنە ئۇنى ماختاپ: «ئۇ شۇ قەدەر كەشىپ ۋە كارامەت ھاسىل قىلدىكى، ئەگەر بىراۋنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بۇنىڭدا يىگىرمە مىڭ تۆتيۈز سەكسەن بەش تال تۈك بار، دېسە، بىر تال تۈكنىڭ سانىنىمۇ خاتا قىلمايدۇ» دېدى. مەجلىس ئەھلىدىن بىرسى: «ئۇ سىزنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىڭىزنىڭ تۈكلىرىنىڭ سانىدىن سىزنى خەۋەردار قىلغان ئوخشىمامدۇ؟» دېدى. كىشىلەر كۈلۈشتى، لېكىن بۇ كۈلكە چاقچاقلار مىرغا تەسىر قىلمىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

مۇھەببەت ئەھلىنىڭ تېنىدىكى بۇ داغلار دەرد ـ ئەلەم ئېغىغا ياغقان قايغۇ ـ ھەسرەت يامغۇرلىرىدۇر.

مەۋلانا مۇئمىنى ـ «ئىخلاسىيە» خانىقاسىدا ئىلىم



تەھسىل قىلىۋاتىدۇ. ئىسمى ئابدۇلمۇئمىن بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېلىپ چىققان. ئۆزى سەمەرقەندلىك. زېھنىدە ئۆتكۈرلۈكى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئېغىزىڭنى ئېچىپ شېرىن لىۋىڭنى ۋە شېرىن كۈلكەڭنى كۆرسەتكىن، بۇ ئارقىلىق شېكەرنىڭ باھاسى بىلەن قەنتنىڭ نەرقىنى چۈشۈرگىن.

ئارىفى پەركەتى ـ سەمەرقەند ناھىيىلىرىنىڭ پەركەت دېگەن يېرىدىن. كۆپ ۋاقىتلاردا خۇراساندا پايتەخت ھىراتتا تۇراتتى. بەزى ساۋاق ئوقۇيدۇ، بەزىدە ھورۇنلۇق قىلىدۇ. ئۆزى مەرىپەت ئىزھار قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئىراق تەرەپكە كەتكەن. ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ نازۇك تىل بىلەن سۆزلەشكە باشلىغىنىدا، ئۇنىڭ تىلى گوياكى غۇنچە ئېغىزىدىكى گۈل بەرگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەۋلانا ناسىرىددىن ـ ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ خىزمەتچىسى. ئۇنىڭ ئاتىسى دانىشمەن تەقۋادار ۋە ئەۋلىيا سۈپەت كىشى ئىكەندۇق. لېكىن ئۆزى ھەربىي ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدىغان ۋە بېزىنىشكە، ھەيۋەت، ھەشەمەتكە ئامراق ئادەم. دائىم تۈركچە شېئىر يازىدۇ. ئوۋ ئوۋلاش، قۇش سېلىشقا ئاتلىنىدۇ. بېلىگە ناغرا باغلاپ، قولىغا كۆنىدىن تىكىلگەن قولقاپنى كىيىدۇ ۋە گۈزەل، رەڭدار ئاتلارنى مىنىشكە ھەۋەس قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن تالانتى يۇقىرى، يېقىندا ئۇنىڭدىن

بىر بېيىتىنى نەقىل كەلتۈرۈشتى. بۇ بېيىتنى ئېھتىمال سەمەرقەند شوخلىرى ئۇنى يازدى دەپ، ئۇنىڭغا باغلانغان بولۇشى مۇمكىن، بېيىت:

ئەگەر ئاستىمدا ئىگەرلەنگەن ئالاچىپار، چاپقۇر ئات بولغىنىدا ئىدى، جاھان مەملىكەتلىرى ئۆزۈكۈمنىڭ ئاستىدا بولغان بولاتتى.

**مەۋلانا بەقائىي** — خارەزملىك بولۇپ، ئۆزى قابىلىيەتلىك، مىجەز - خۇلقى ياخشى يىگىت. ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزى ئاجىز ۋە نامرات بولسىمۇ ھەج سەپىرىنى ئىختىيار قىلىپ، ئانىسىنى ئېلىپ كەتكەندى. ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە خەۋەر كەلمىدى؛ تەلەپ - مەقسەتلىرى ھاسىل بولۇپ قايتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

كۆڭلۈمنىڭ ئۇ ئىككى چاچقا باغلىنىپ قېلىشىنى خالىمايمەن، چۈنكى مەن توپەيلى باشقا بىر دەردمەن بالا - قازاغا ئۇچرىسا قانداق بولىدۇ؟

**مەۋلانا خەيرى** — ئۇمۇ خارەزملىك. ئۆزى دىۋانە سۈپەت ۋە ۋەيرانە كىشى. دائىم ئىپلاس ۋە پالاكەتچىلىكتە تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما شائىرلىقتا خېلى قۇۋۋىتى بار، قەسىدىلىرى بار، غەزەللىرىمۇ يامان ئەمەس، ئۆز بېيىتلىرىنىڭ مەنىسىنى سورىسا بىلمەيدۇ، بىلسىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا شېئىرىيەت ئەھلى تاپا - تەنە قىلىشىدۇ. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:



بىز تەشنالىق كۈندە ئېقىن سۇنى ھەۋەس قىلمايمىز، پەقەت سېنىڭ قىلىچىڭنى بىر پەس بوغۇزىمىزدا كۆرسەك، بىزگە شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

**مەۋلانا سالىكى** — قارشىلىق بولۇپ، ئۆز زامانىدا ئۇنىڭدەك قەلىمى تېز كاتىپ يوق. ھەر كۈنى بەش يۈز بېيىتنى ئاسانلا يازالايدۇ. ئۇ بىلىمسىز ۋە ساددا يىگىتتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كۆرۈنگەندەك ئەمەس. بۇ يېقىندا شېئىرلىرىدىن ھەرىپلەر تەرتىپى بويىچە دىۋانمۇ تۈزدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ قاشلاردىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ جاراھەتلەندۈرۈشىدىن كۆڭۈل گۇمان قىلمايدۇ، شۇڭا يەنە بىر قېتىملىق يارىسىنى داۋالاش ئۈچۈن ئاغزىدا ھەسرەت سۆيىنى ساقلايدۇ.

**مەۋلانا شەمسى بەدەخشانلىق**. پېقىر گەرچە ئۇنى كۆرمىگەن بولساممۇ، لېكىن مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشىدىن ئۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىدىم. مەلۇم بولۇشىچە ئۇنىڭ تەبىئىتىدە خېلى ئىقتىدار ۋە شوخلۇق باركەن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆزلىرىم سېنىڭ جامالىڭنىڭ ئاشىقلىقىدا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار رەشك - قىزغىنىش سەۋەبىدىن بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدۇ.

**مەۋلانا سالىھى** — گەرچە خۇراسانلىق بولسىمۇ، لېكىن ھىساردا تۇرۇۋاتقىنىغا تۆت يىل بولدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ تاشچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. شېئىر ئېيتىشقا

باشلىغاندىن كېيىن ئەرۇز ئىلمىنى ئۆگەندى ۋە ھۈنەر-سەنئەتلەردىمۇ خەۋەردار بولدى. ئاڭلىنىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىساردا پادىشاھنىڭ كىتابدارى (كۇتۇپخانا باشلىقى) ئىكەن. بۇ مەتلەئ شۇنىڭكىمۇ دەپ ئويلايمەن، بېيت:

ھەي چىراغ، ئەگەر سەن كېچىسى مەن بىلەن ھەمنەپەس بولساڭ، سېنى روشەن بول دېيىشتىن باشقا ياخشىراق دۇئامۇ بارمۇ؟

مەۋلانا دەرۋىش دېھەكى — قەزۋىن ۋىلايىتىدىن. خىشچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ دەرۋىش سۈپەت كىشى بولۇپ، ئۆز شېئىرلىرىدىن تۈزگەن دىۋانىنى دائىم بېلىگە باغلاپ يۈرىدىكەن. ئەگەر بىرەر بېيىتقا ياكى ئۇنىڭ مەنىسىگە ئېھتىياجى چۈشسە، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن دەرھال دىۋانىنى چىقىرىپ، ئۇنى تېپىپ كۆرسىتىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، پېقىر شېئىرغا قىزىقىپ يۈرگەن ۋاقىتتىن بېرى ئۇ ياقتىن، ئۇنىڭ بېيىتلىرى ئىچىدىن ياخشىراق نەزمە كەلمىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

تامدىكى سۈرەتكە ئوخشاش جانسىز بولۇپ قالدىم. تامغا ئارقامنى قىلغان ھالدا سېنىڭ چىرايىڭغا ھەيران قالدىم.

بۇ بېيىتمۇ ياخشى چىقىپتۇ، بېيت:

لەيلىنىڭ تىكەن يۇلۇپ يۈرگۈچى تۆگىسىدىن باشقا، مەجنۇننىڭ يولۇچىلىقىدىن كىمگە غەم بار.



قازى ئەيسا — ساۋە دېگەن جايدىن. سۇلتان ياقۇپ ئۇنى شۇ دەرىجىدە ئېزىزلاپ تەربىيىلىدىكى، ھېچبىر پادىشاھ ئۆزى بىلەن ئالاقىلاشقانلاردىن ھېچكىمنى مۇنچىلىك تەربىيىلىگىنى تارىخلاردا كۆرۈلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى سەۋدايى مىجەز ۋە تەكەببۇر ئادەم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شېئىرغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كېتىپتۇكى، كۈندە ئون بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق غەزەل ئېيتارمىش. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەركىم گۈلشەن ۋە گۈلزارنى سەيلى قىلىش بىلەن مەشغۇل، بىز ۋە بىزنىڭ غۇنچىدەك كۆڭلىمىز ئۆز گىرىپتارلىقىمىز بىلەن ئاۋارە.

ئۇ ئۆز قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا يارىشا يازسا بولغۇدەك ھېچ ئىش قىلمىدى. ھازىر ئۇنى سوپى خېلىل ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. (تەڭرى بىلىدۇ).

شەيخ مۇنەججىم — ئۇمۇ ساۋەلىك بولۇپ، قازى ئەيسانىڭ تۇغقىنى. سۇلتان ياقۇپ قېشىدا ئۇنىڭدىن يېقىنراق كىشى يوق ئىدى. قازى ئەلگە ھەرقانچە يوغانچىلىق ۋە كۆزگە ئىلماسلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شەيخ خالايىق بىلەن ياخشى ئۆتتى. پۇقرالارنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ئىشىغا كۆپ مەدەتكارلىقلارنى قىلدى. ياخشى نامى ئەتراپى ئالەمگە تولدى. بۇ پېقىر بىلەنمۇ غايىۋانە ھالدا مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە ئىنىلىق قائىدىسىنى ئورنىتىپ رىئايە قىلدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيت:

ئۇنىڭ قان ئىچەر كۆزى شوخلۇق بىلەن يۈرىكىمنىڭ

قېنىنى شورايدۇ. ئۇ بالا - قازا پىتنىلىرىنى قوزغىغۇچى ۋە جانغا ئاپەت سالغۇچى زومىگەر ئىكەن.

**خوجا ئەفزەل** - كىرمان مەملىكىتىنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرىدىندۇر. تالانتى ۋە ئەخلاقى ياخشى، ناھايىتى كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان يىگىت. قەلەمكەشلەر بۇ زاماندا شۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئۇ ھېساب - كىتاب، قوشۇش، بۆلۈش ئىلىملىرىدە تەڭداشسىزدۇر. 15 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ھەزرىتى سۇلتان ساھىبقىراننىڭ خىزمىتىدە ۋازارەت مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. مەجدىددىن مۇھەممەد قالايمىقانچىلىقىدا ھالى خاراب بولمىغان ئادەم قالمىدى. ئۇنىمۇ پادىشاھقا يامان كۆرسىتىشتى. ئاخىرى ئۇ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ۋەتىنىدىن ئايرىلىشنى ئىختىيار قىلدى. بۇ سەپىرىدە ئۇ مەككىنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىپ، ئەمىر ھاجىلىق دەرىجىسىگە ئىگە بولدى. ئۇ يەردىكى مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە ھەرقانچە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ: «خىزمەت قىلسام ئۆز پادىشاھىمغا قىلىمەن، بولمىسا، يوق» دەپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھازىر ئۇ قۇم ۋىلايىتىدە ئىكەن، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەر بىر ئوت ئەلەڭگىسى دۇنيا ئېكىنزارىدا بىخلىنىپ
بولغىچە، يۈرەك ئوتى جان خىرمىنىنى شامالغا ئۇچۇرۇۋەتتى.

**ئەدھەمى ئىبراھىم** - تۈركمەن پادىشاھىنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ئۇ تۈركمەن بەگلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تالانت ئىگىسى ۋە دانىشمەن كىشى ئىدى. دىۋانىمۇ بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:



كۆڭلۈم ھېچقاچان قارا خال (مەڭ) نىڭ **خىيالىسىز**
**ياشىيالمايدۇ. بۇ شەيدا يۈرەك ھېچ ۋاقىت بىر خال (داغ)دىن**
**خالى بولالمايدۇ.**

**خوجا ئەلائۇددىن** - كىرمان مەملىكىتىدىن بولۇپ، خوجا ئەفزەلۇددىن مۇھەممەدنىڭ تۇغقىنى. ئۇ ئاساسىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەندىن كېيىن، كۆڭلى دەرۋىشلىكنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، مەككىگە سەپەر قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ ئاشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، تەرىقەت مەسىلىلىرى ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 30 يىل بولاي دېدى. شۇنداق مەلۇم بولماقتىكى، ئۇ ئۆز مەسلىكىدە بۈيۈك مەنزىللەرگە ۋە يورۇغلۇقلارغا ئۇلىشىپ، ئالىي مەرتىۋىگە يېتىپتۇ، بۇ دۇنيا ھەممە نەرسىلىرىدىن يۈكسەك ھىممەت پېشىنى قېقىپ، مۇراد - مەقسەت كەبىسىدىن ئورۇن ئاپتۇ. بۇ يۈكسەك دەرىجىنىڭ شەرىپى ئارقىسىدا پۈتكۈل مەخلۇقات، بەلكى بىر تەڭرىدىن باشقا بارلىق مەۋجۇداتلارنى پەقەت خىيالىي نەرسىدىن ئىبارەت دەپ بىلىپ، ۋىسال ھەرىمىدە خۇپىيانە تائەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. بۇ يېقىندا سىيلە رەھىم قائىدىسى بويىچە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن خۇراسانغا كەلگەنىدى. بىر مەزگىل ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراھمان جامى) بىلەن سۆھبەتتە بولدى، شۇ سەۋەبتىن بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەزرەت باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەككىگە سەپەر قىلىپ ئۆز ئورنىغا كەتتى. كەتكىچە يولدا شەيخ نىزامى گەنجەۋى «خەمسە» سىنىڭ بىرىنچى كىتابى «مەخزەنۇل - ئەسرار» نىڭ ۋەزنىدە بىر مەسنەۋىي يېزىپ، ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭدا كۆپ ھەقىقەت ۋە ئىلىم - ئىرپان مەسىلىلىرىنى قەيت قىلغانىدى. بۇ يېقىندا مەككىدىن تەسەۋۋۇپ ئىلمىدا ھەدىقە

ۋەزنىدە يەنە بىر مەسنەۋىي يېزىپ ئەۋەتىپتۇ؛ ئۇنى تەرپلەشكە قەلەم تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. تەتقىق قىلغۇچىلار ئۇنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، قانچىلىك دەرىجىدە قايىل بولغانلىقلىرىنى مەلۇم قىلغۇسى. كىتابىدىكى ھەمدۇ سانالارنىڭ بىرىنچى بېيىتى تۆۋەندىكىچە، بېيىت:

ھەي، جاھاننى بەرپا قىلغۇچىمۇ ئۆزۈڭسەن، يوق - لۇق دۇنياسىغا ۋە ۋۇجۇد ئۈچۈن جاۋاب ئېيتقۇچىمۇ ئۆزۈڭسەن.

مەۋلانا شەھىرى - قۇم شەھىرىدىن بولۇپ ۋەيرانە ھەم دىۋانە سۈپەت كۆرۈنىدۇ. ئەمما بۇ يولدا ئانچە - مۇنچە رەڭۋازلىقلىرىمۇ بار. بەدىھە شېئىرلىرى ناھايىتى راۋان، ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلىكى كۈچلۈك، مىجەزى چاقچاقچى مايىل ئادەم. ئۇنىڭ بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، مەتلەئ:

ھەي ئىشق، كەل، بىزنىڭ قېيىنلىۋاتقان قەلبىمىزگە ئوت قويغىن، ئۆز نۇرۇڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆچكەن چىرىغىمىزنى ياندۇرغىن.

مەۋلانا ھۇمايى - قەيەرلىك ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئەمما كۆپ ۋاقىتلاردا، بەلكى ھەمىشە ئىراقتا تۇرىدۇ، بىر قېتىم بۇ تەرەپكە كېلىپ كەتتى. غايەت يوقسۇل - نامرات ۋە كەم سۆزلۈك كىشى كۆرۈنىدۇ. ئەمما، خۇدا ساقلىسۇنكى، ئولتۇرۇشلاردا ئۇنىڭغا بىر ئاياق شاراب بەرسىلا، ئۇنىڭ جېدەل - ماجىرا ۋە غەۋغا - توپىلاڭ قىلىشتا پىر - ئۇستاز ئىكەنلىكى ئاشكارا



بولىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەش ئەيىبتۇر. قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بۇ مەتلەئىي ياخشى چىقىپتۇ، مەتلەئ:

ھەي جانان، مەن سېنىڭ پىراقىڭدا گوياكى ئېزىپ تاشلانغان بىر ئانارغا ئوخشاش تېنىمدە قان قالمىغان بىر مۇردا (ئۆلۈك) مەن.

مەۋلانا خالىدى - ھىسارنىڭ شادمان تەرەپلىرىدە تۇراتتى. شەھەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. كۆپ ۋاقىت ساۋاق ئوقۇپ خېلى قابىلىيەت ھاسىل قىلدى. ئۇ خالىد ۋەلىد (تەڭرى ئۇنى رازى قىلسۇن) نىڭ ئەۋلادى بولغاچقا «خالىدى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانماقتا. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

مېنى ئۆلتۈرەر چېغىڭدا چاڭ باسقان تېنىمدىن قورقما، ئەگەر سېنىڭ خەنجىرىڭگە چاڭ - توزان يۇقۇپ قالسا، ئۇۋالىنى ئۆز بوينۇمغا ئالىمەن.

مەۋلانا يارى - شىرازلىق بولۇپ، ئۇ يەردىن خۇراسانغا كەلدى. نەققاشلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن يېڭىدىنلا ئۆگەنگەنىدى. پېقىر ئۇنى ئالتۇن بىلەن نەقىش ئىشلىگۈچى ئۇستازلارغا ھاۋالە قىلدىم. ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئوبدان نەققاش بولدى. لېكىن شۇنداق مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ نەققاشلىق ئۆگىنىشتىن مەقسىتى نەقىشۋازلىق (ھىيلىگەرلىك) ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ھىيلە - نەيرەڭلەر يۈزەگە چىقتى. ئۇنى شەرھلىمەكچى بولساق، گەپ ئۇزۇن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆز ياشلاردىن دىلىمىز نادىر گۆھەرلەرگە تولدى. كەلگەن، قارۇن خەزىنىسى سەن ئۈچۈن پىدادۇر.

**مەۋلانا مىرەكى** — ئۇمۇ شىرازلىق بولۇپ، سەيلە قىلىش ئۈچۈن خوراسانغا كەلدى. بىرنەچچە ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. ئۆزى ياشتا كىچىك، شېئىردى قابىلىيەت جەھەتتە خامراق ئىكەن. ئەگەر ئۇ زېھنىگە كۆپرەك ئىش بۇيرۇسا، پىشىپ يېتىلىشىدە ئۈمىد بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ھەي جاھان، ھەممىگە ئازار بېرىش، دۈشمەنلىك قىلىشنى پايلاپ يۈرمە، چۈنكى بۇ ۋەيرانە ئالەم شۇ ئىشلارنىڭ ھېچ بىرىگە ئەرزىمەيدۇ.

**مەۋلانا ئەھلى** — شىرازلىق بولۇپ تالىبى ئىلىملىقى بار. شېئىرىيەت جەھەتتە كۆپ خىل شېئىردى شەكىللەردە، بولۇپمۇ قەسىدە ئۇسلۇبىدا ماھىر كىشى، بىرقانچە ۋاقىت شىرازدىن گۈزەل قەسىدىلەرنى يېزىپ ئەۋەتىپ تۇرغاندى. بۇ يېقىندا خوجا سەلمان ساۋەجىنىڭ سەنئەتكارانە ماھارەت بىلەن يېزىلغان قەسىدىسىگە جاۋاب ئېيتىپ، يەنە بىر ئاجايىپ رۇبائىيسىنىمۇ ئىلاۋە قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ھازىر شېئىرىيەتتە ئۇنىڭچىلىك كۈچلۈك ئادەم بار دېگەننى ئاڭلىمىدىم. بۇ مەتلەئىمۇ خېلى مەززىسى بار چىقىپتۇ، مەتلەئ:

مەن ۋە مەجنۇن غەم - شادلىقىمىز ئورتاق بولغان ئىككى ئەسىرلەرمىز، كىمكى بۇ ئادەتنى بىلمىسە، ئۇ بىزنىڭ ۋادىدىن ئەمەس.



**مەۋلانا فەزلۇللاھ** — ئۇمۇ شىرازلىق بولۇپ، تىجارەت ئۈچۈن ئاستىرابادغا كەلدى. ھورۇنلۇق مىجەزى ئېغىر بولغاچقا بىپەرۋالىق قىلىپ دەسمايىسىگە نۇقسان يەتتى. قابىلىيىتى بار ۋە تالىپلىقىمۇ بار. شېئىر، مۇئەمما، نەرد، شاھمات، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، بەلكى كىچىك - چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سېنىڭ بەخت - سائادىتىڭ ئۈستۈن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن، بۇ دۆلەت ۋە سائادەت بىلەن مىڭ يىللاپ ياشىغايسەن.

**مەۋلانا مۇئىن** — ئۇ شىرازلىق بولۇپ، خوراسانغا كەلدى. شۇندىن بېرى پېقىرنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. سىرتىدىن ناھايىتى ساددا كۆرۈنىدۇ. ئەمما يېقىندا ئۇنىڭدىن ساددىلىقىغا قارىمۇ قارشى ھالدا بىر چاقچاق ئاڭلاندى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

تەقۋادارلىق كىيىملىرىمىز شاراب ئۈچۈن گۆرۈ بولدى. بىز خۇشالمىز، چۈنكى ئاخىر مەيخانا كوچىسىنىڭ بېشىدا تون يەشتۇق.

**خوجا ئىماد** — لار ۋىلايىتىدىن بولۇپ، تىجارەت بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. ئۆزى ئىنسانىيەتلىك ئىكەن. مەسنەۋىيسىدە خېلى رەڭ ۋە زىننەت بار. «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىغا نەزىرە قىلىپ بىر داستان يېزىپتۇ، ئۇ داستانى كۆپ كىشىلەرنىڭكىدىن ياخشى چىقىپتۇ. غەزەل ئۇسلۇبىدىمۇ تالانتى يوقىرى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئۇ تىلىنى لېۋىگە ئاپىرىپ، جېنىمغا ئوت ئەلەڭگىسىنى تۇردى. مېنىڭ يوشۇرۇن ئوتلىرىمدىن ئۇچقۇن چىقاردى.

**مەۋلانا بەيزائى** — مەھمۇد بارلاس ھىساردىن ئەلچىلىككە كەلگەندە بىللە كەلگەن بولۇپ، ئۇ قايتقاندا ئاغرىپ قېلىپ قېپقالغانىدى. ساقىيىپ يەنە ھىسارغا كەتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاشۇ ناھىيىدىن. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **مەتلەئ:**

كۆكرىكىمگە خەنجەر سېلىش بىلەن بىرگە، يەنە بېشىمنىمۇ تېنىمدىن جۇدا قىلغىن. بۇ قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىمۇ ئاچقىن، كۆڭلۈكىنىمۇ ئاچقىن.

**سەييىد ئىسماد** — يەزد شەھىرىدىن بولۇپ، ئىراقتىن «قانۇنى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن كەلدى. خېلى ئىلتىپات تاپتى. ئەمما ئەمەلسىز ۋە ھەرىكەت، ئىرىشچانلىقسىز بولغاچقا، تاپقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى زايا قىلدى، ئۇ ھازىر شاراب بىلەن شاھماتنىڭ ئاشىقىدۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، **بېيىت:**

ئۇ ئاينىڭ ئوقلىرىدىن پارە-پارە بولمىغۇچە، جاھان بېغىدا لالە ۋە غۇنچىدەك كۆڭلۈم ئېچىلمايدۇ.

## ئالتىنچى مەجلىسنىڭ ئاخىرى

بۇ يېتۈك تىل ئۇستىلىرى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىدىن ئاز بىر قىسمىنىڭ سۆزلىرى گەرچە جاھان سەھىپىسىگە پۈتۈلگەن يېزىقتەك مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى زامانىنىڭ مېھ-



رى-ۋاپاسىدەك يوقىلىپتۇ. پادىشاھلىرىمۇ بۇ ئۆتكۈنچى ئالەمدىن كېتىپ، ئەبەدىيلىك مەنزىلىگە يېتىپتۇ. ئۇلار ھەققەتەن سۇلتان ساھىبقىراننىڭ تۇغقانلىرى، ئۆز تەۋەلىرىدىن ئىدى. ئۇ مەدھىيىلىگۈچىلەر بۈيۈك تەڭرىنىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە خەيرى-ئېھسانىدىن مەغپىرەتكە ئېرىشسۇن، بۇ مەدھىيىلەنگۈچىلەرمۇ جەننەت باغلىرىدا خۇشاللىق ۋە راھەت-پاراغەتكە يېتىشسۇن. رۇبائىي:

تەڭرى مەدھىيىلىگۈچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مەڭگۈ مەۋجۇد قىلىپ، مەدھىيىلەنگۈچىلىرىنىڭ روھىنى خۇشال قىلسۇن؛ ئۇ مەدھىيىلىگۈچى ۋە مەدھىيىلەنگۈچىلەر نابۇت بولغان تەقدىردىمۇ، زامانىمىز سۇلتانىغا ئەبەدىي ئۆمۈر بەرسۇن.

# يەتتىنچى مەجلىس

**بۈيۈك پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلەش زۆرۈر بولغان ئەۋلادلىرى ھەققىدە بايان قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياخشى مەزگىللەردە ھەقىقەتەن ئۆزلىرى ئېيتقانغا لايىق ياخشى بېيىتلارنى ئېيتىپتۇ، يەنە بەزىلىرى شېئىرىيەتكە ئائىت گۈزەل ۋەيىقىلىق لەتىپىلەر بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ.**

پادىشاھلار شەجەرىلىرىنىڭ بوستانى ۋە سۇلتانلار گۆھەرلىرىنىڭ دەرياسى، جاھانگىر خاقان ۋە ساھىبقىران يەنى خاقاننىڭ كۆيئوغلى:

**مەھەممۇد كۈراگان** (تەڭرى ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلسۇن) — گەرچە نەزمە ئېيتىشقا ئىلتىپات قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ياخشى ئورۇن ۋە ياخشى پۇرسەتلەردە نەزمە ۋە نەسىرنى شۇ قەدەر ياخشى ئوقۇپتۇكى، ئۇنىڭدەك بىر بېيىت ئوقۇش مىڭ بېيىت توقۇغانغا باراۋەر. تەۋەررۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەزرەتنىڭ ئىسمى بۇ قىسقا كىتابچىگە يېزىلدى ۋە



ئۇ زاتنىڭ لەتىپىلىرىدىن بىرىنى مىسال ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. شۇنداق نەقىل كەلتۈرۈشىدۇكى، مىرانشاھ مىرزا تەبرىزدە ۋاقتىدا شارابقا كۆپ بېرىلىپ كەتتى. نەتىجىدە مىجەزى مۆدىتىل (نورمال) لىق يولىدىن چەتلىشىپ، ئۇنىڭدىن نالايىق ئىشلار كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. سەمەرقەندتە ئۇ ھەزرەتكە: «ئۈچ مەھرەمى بار، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق شاراب ئىچىشىگە شۇلار سەۋەبچى» دەپ يەتكۈزۈشتى. ئۇ ھەزرەت جارچىلارغا: «تېز ۋاقىت ئىچىدە بېرىپ ئۇ ئۈچىنىڭ بېشى ئېلىپ كېلىنسۇن» دەپ پەرمان قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى خوجا ئابدۇلقادىر، بىرى مەۋلانا مۇھەممەد كاخى، يەنە بىرى ئۇستاد قۇتب نەبى ئىدى. جارچىلار بېرىپ ئىككىسىنى جازالىدى. لېكىن خوجا ئابدۇلقادىر قېچىپ قەلەندەر بولۇپ، ئۆزىنى سەۋدايى قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ، مەملىكەتتىن مەملىكەتكە قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتى. ئۇ ھەزرەت يەنە ئىراقتا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ مەملىكەتتە خوجىنىڭ ئەھۋالى بەزىلەرگە مەلۇم بولۇپ قېلىپ، يۇقىرىغا يەتكۈزۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈلدى. ئۇ ھەزرەت تەختىدە ئولتۇراتتى. بىچارە ئاجىز خوجىنى سارالىق قىلغىنىغىمۇ ئۇنىماي سۆرەپ تەخت ئالدىغا كەلتۈردى، خوجىنىڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى قارىي قۇرئانلىق ۋە قىرائەت ئىلمى بولغانلىقتىن، سىياسەت ھۆكمى ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن دەرھال يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قۇرئاندىن قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ غەزىپى رەھىم-شەپقەتكە ئۆزگىرىپ ئەتراپىدىكى ئالىم ۋە ئەدىبلەرگە قاراپ بۇ مىسرانى ئوقۇدى، مىسرا:

قەلەندەر قورقىنىدىن قۇرئانغا چاڭ سالدى.

ئاندىن كېيىن خوجىغا ئىلتىپات قىلىپ ۋە تەربىيە بېرىپ ئۆزىنىڭ ئالىي مەجلىسىدە سۆھبەتداش ۋە خىزمەتچى

لىككە تەيىنلىندى. پەم-پاراسەت ئەھلى بىلىدۇكى، بۇنداق قىزىقارلىق سۆز كامالەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىگە يىللار، بەلكى ئەسىرلەردىمۇ ئۇچرىمايدۇ. جاھان ئەھلىگە مەلۇمكى، مەجلىسلەردە سۇلتان ساھىبقىران (ھۈسەيىن بايقارا) غىمۇ ياخشى بېيىتلار ئارقىمۇ-ئارقا، ياخشى سۆزلەر تېز ۋاقىت ئىچىدە يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ نەسەبى ئاشۇ ئۇلۇغ بىرۋىسىغا يېتىدۇ. ئۇ بىرىنىڭ ماكانى جەننەت بېغىدا، بۇ بىرىنىڭ ئورنى جاھان مەملىكىتىدە ئەبەدىي بولسۇن. (ئەي ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى تەڭرى بۇ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغايسەن).

خاقان سەئىد شاھرۇخ مىرزا (تەڭرى ئۇنىڭ ياتقان ئورنىنى يورۇق قىلسۇن) — ئەۋلادلار ئارىسىدا ئۇ ساھىبقىران ئاتىسى (ئەمىر تۆمۈر) نىڭ ئىز باسارى ئىدى. ئۇمۇ نەزمە بىلەن شۇغۇللانمايتتى، لېكىن بېيىت ۋە ياخشى سۆزلەر ئۇ ھەزرەتنىڭمۇ تىلىدىن كۆپ كۆرۈلەتتى. بۇنىمۇ بىر نەقىل بىلەنلا قىسقارتايلى: بۇ پېقىر ۋە خارۇ-زار (نەۋائىي) بابۇر سۇلتان (ئۇنىڭ ماكانى خۇش پۇراق بولغاي) نىڭ مۇبارەك تىلىدىن شۇنداق ئاڭلىغاندىم، ئۇ بىر مەجلىسدە دۆلەت ئەربابلىرى تەرەپكە قاراپ شاھرۇخ مىرزىدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈردى: مىرزا ئۇستاز قەۋامىددىن مېئمارغا بىر ئىمارەت سەۋەبىدىن ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇنى خىزمەتتىن مەھرۇم قىلغانىكەن. ئۇستاز يىل بېشىدا تەقۋىم (ئاسترونومىيىگە ئائىت جەدۋەل، كالېندار) تۈزۈپتۇ ۋە بۇ ۋاسىتە بىلەن مىرزىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرەرمەن دېگەن نىيەتتە ئىشىككە كەپتۇ. ۋەزىرنى ئارىغا سالغانىكەن ۋەزىر ئۇنى مىرزا بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇ مىرزىغا كالېندارنى تەقدىم قىلغانىكەن، مىرزا كۈلۈمسىرەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ، بېيىت:



سەن يەر يۈزىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بېجىرىپ، ئەمدى ئاسمان ئىشلىرىغا كىرىشىپسەن-دە.

بۇ ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭدەك ئاتىدىن مۇنداق ئوغۇل.

**ئابابەكرى مىرزا** — ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، قەھرىمانلىقى ۋە قىلىچىنىڭ زەربىسى پۈتكۈل چاغاتاي ئېلىدە مەشھۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە شېئىرىيەت لەززىتى بار ئىكەنتۇق، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بۇ تۇيۇقى مەشھۇر، تۇيۇق:

ئوغۇل بالا يېلىنجاپ تۇرغان ئوتتا ئۆرتەنگەن تەقدىردىمۇ، يارىلىنىپ ئېتىنىڭ يايلىسىدا يېتىپ قالغان ھالەتتىمۇ، ئەگەر ئاتالغان تۇرۇپ، دۈشمىنىگە يېلىنسا، ئۇنداق نامەرد ئىتنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ.

گەرچە بۇ تۇيۇقنىڭ بەزى سۆزلىرى ئاددىيراق بولسىمۇ، لېكىن تەجنىسى (شەكىلداش سۆزلىرى) نى ياخشى تېپىپتۇ.

**سۇلتان ئىسكەندەر شىرازى** — ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى. ئۇنىڭ سەلتەنەت ھەشەمىتى ھەققىدە «پادىشاھلاردىن ناھايىتى ئاز قىسمى شۇنچىلىك قىلالىغان بولغىيتتى» دېيىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا يەتتە-سەككىز يىللىق سەلتەنەتتى جەريانىدا ئۈچ خەزىنە تېپىپتۇ. مەۋلانا ھەيدەر تۈركگۈي ئۇنىڭ مەدھىيىلىگۈچىسى ئىكەن، بۇ مەسنەۋىي مەۋلانا ھەيدەرنىڭكى، بېيىت:

يەدى بەيزا (ئاپئاق قول، كۈچ، قۇدرەت) دېگەن غايىبلىك كىشىلەرنىڭ قولىدۇر. ئېيسا نەپەسى دېگەن ھەقىقىي ئەرلەرنىڭ نەپەسىدۇر.

سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ شېئىرىيەتتە تالانتى يۇقىرى ئىدى،

دېيىشىدۇ ۋە بۇ تۇيۇقنى ئۇنىڭدىن كەلتۈرۈشىدۇ، تۇيۇق:

يارىمنى تولۇن ئايغا ئوخشاتقانىدىم، خىجالەتچىلىكتىن ئاينىڭ يېرىمى كېمىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر تال چېچىنىڭ زاكاتى ئۈچۈن مەن مىسىرنى ياكى ھەلەبنى ۋە ياكى رۇمنى بېرىۋېتەي.

**خەلىل سۇلتان** — پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ھەزرىتى ئەمىر تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن سەمەرقەند تەختىدە سۇلتان بولدى. ئۇنىڭ مەجلىسىدە ئالىملار ۋە شائىرلار يىغىلاتتى. خەلىل سۇلتاننىڭ ئۆزىنىڭمۇ شېئىر ئېيتىدىغانلىقى ناھايىتى مەشھۇر. بۇ جەھەتتە خوجا ئىسمەتۇللا ئۇنىڭ دىۋانىنى تەرتىپلەپ قەسىدە ئېيتقانىدى. لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇ مەتلەئىتىن باشقا شېئىرلىرىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، مەتلەئ:

ھەي پەرى سۈپەت گۈزەللىمىز، جاپا قىلىشنى تاشلا؛ سېنىڭ ھەرىكەتچان ياقۇت لېۋىڭگە يېتىشىشتىن ئىبارەت كۆڭۈل ئارزۇيىمىز ۋە ھاجىتىمىزنى راۋا قىل.

**ئۇلۇغبەگ مىرزا** — دانىشمەن پادىشاھ ئىدى، پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. «قۇرئان مەجىد» ئۇنىڭغا يەتتە خىل قىرائىتى بىلەن يادا ئىدى، ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ ساھەدە زىج (ئاسترونومىيىگە ئائىت جەدۋەل، كالېندار) تۈزدى. رەسەتخانا قۇردى. كالېندارى ھازىرمۇ كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ قوللىنىلماقتا، شۇ قەدەر پەزىلەتلىرى بىلەن بەزىدە نەزمىگىمۇ كۆڭۈل قوياتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:



گۈزەللىك مەملىكىتى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولسىمۇ شوخلۇق قىلما، چۈنكى يامانلارنىڭ كۆزى سېنى كۆزەتمەكتە.

**بايسۇنغۇر مىرزا** — ئەقىلدارلىق، سېخىيلىق، مەئىشەتنى بەكرەك خالايدىغان ۋە ھۈنەر - سەنئەتنى سۆيىدىغان پادىشاھ ئىدى. خەتتات، نەققاش، سازەندە ۋە ناخشىچىلاردىن شۇ قەدەر تەڭداشسىز كىشىلەر ئۇنىڭ ھىمايىسى بىلەن يېتىشىپ چىقتى. مۇنداق ئىشلارنىڭ ھېچ پادىشاھ زامانىدا بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھاياتىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ مەتلەئنى ئۇنىڭكى دېيىشىدۇ، مەتلەئ:

ئۇ گۈزەل ئىككى مەگىزنى كۆرمىگىنىمگە ئىككى ئاي بولدى، لېكىن ئۇنىڭ چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى ھامان جېنىمدىدۇر.

**بابۇر مىرزا** — دەرۋىش سۈپەت، كۆڭلى دوست تۇتقۇچى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ھىممىتى ئالدىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭمۇ تاش - تۇپراقچە قەدىر - قىممىتى يوق ئىدى. تەسەۋۋۇپ رىسالىلىرىدىن «لەمەئات» (شولا، نۇر) ۋە «گۈلشەنى راز» (سىرلار گۈلشىنى) دېگەن كىتابلار بىلەن كۆپ مەشغۇل بولاتتى. نەزمىلەرگىمۇ زېھنى ئۆتكۈر ئىدى. بۇ رۇبائىي ئۇنىڭكى، رۇبائىي:

مەي بىلەن قەدەھنى بىرلەشتۈرگىنىڭ ئۈچۈن ئېنىق بىلگىنكى، قولى ئۇزۇن مەيخورسەن. قەدەھ شەرىئەتتۇر، شاراب بولسا تەرىقەت (توغرا يول) دۇر، قەدەھنى سۇندۇرغىنىڭدىن قارىغاندا قاتتىق مەست ئوخشايسەن.

ئۇ ھەممە كىشىگە ياققۇدەك تۈركچە نەزمىلىرىنىمۇ ئېيتاتتى. بۇ تۈركچە بېيىتىمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

سېنىڭ يۈزۈڭگە قاچانغىچە ھەيران بولاي، ئەي تەڭرىم، مەن ساڭا قۇربان بولاي.

**ئەبدۇللەتىف مىرزا** — سەۋدايى مىجەز، سەۋدا تەبىئەتلىك ۋە دىۋانە سۈپەت كىشى ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاجايىپ ئوسال قىلمىشلىرى بار ئىدى. بايان قىلىنسا، ھاياسىزلىق بولىدۇ. بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ئىشىنى كۆزلەپ، دانىشمەن ۋە قارى ئاتىسى (ئۇلۇغبەگ مىرزا) نى ئۆلتۈردى. ھەر ھالدا سەلتەنەت ئۇنىڭغا شىرۇيەگە ۋاپا قىلغانچىلىك ۋاپا قىلدى. شېئىرىيەتتە قابىلىيىتى يۇقىرى ئىدى. شېئىرنى ئوبدان ئېيتاتتى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

كۆز بىر قاراش بىلەنلا جان ۋە كۆڭۈلگە يۈزلىگەن بالايى-قازالارنى كەلتۈردى. بۇنىڭ تەشەككۈرىنى قانداق ئېيتىپ تۈگەتتەي. ئەي تەڭرىم، ئۇ كۆز دەرد كۆرمىسۇن!

**سەييىد ئەھمەد مىرزا** — تەبىئىتى ساغلام، زېھنى ساپ كىشى ئىدى. شېئىرىيەتنىڭ غەزەل ۋە مەسنەۋى تۈرلىرىدە خېلى مەشھۇر نەزمىلىرى بار. غەزەللىرىدىن تۈزگەن دىۋانىمۇ بار. مەسنەۋىيلەر ئىچىدە «لەتاپەتنامە» ئۇنىڭ ئەسىرى. بۇ تۈركچە مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، مەتلەئ:

سېنىڭ پىراقىڭ مېنى سەھەر قۇشلىرىنى ئۇۋلىغاندەك ئوۋ قىلىۋالدى، ئادەمگەرچىلىك قىلغىن، يۈزۈڭنى پەرىدەك يوشۇرۇۋالما.



بۇ پارسچە مەتلەئىمۇ ئۇنىڭكى، بېيىت:

ئەگەر ئۇ ئاي يۈزلۈكۈم بۇندىن كېيىنمۇ يوشۇرۇنۇۋالىدىغان بولسا، ئاشىقلارنىڭ تىرىك قېلىشى ئەجەبلىنەرلىكتۇر.

**سۇلتان ئەھمەد مىرزا** — ياخشى ئەخلاقلىق، مىجەزى يېقىملىق، دەرۋىش سۈپەت ۋە ئىنسانىيەتلىك كىشى ئىدى. شېئىردىن تالانت ئۇنىڭغا ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان مىراستۇر. ئۇ خۇراسان تەختىدە ئولتۇرۇپ قانچە يىللاپ ھۆكۈم يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچ كىشى ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلمىدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى پىكىردە بولمىدى. ئۇ سۇلتان ساھىبقىرانغا ئاتا ئورنىدىدۇر. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئىككى دىۋان (مەھكىمە) نىڭ ھوقۇق ئىگىسى، مۈلكى ئىشلارنىڭ يولباشچىسى ۋە ھەربىي ئىشلارنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسىدۇر. بەزىدە نەزمىمۇ ئېيتىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سېنىڭدەك شوخ جاپاكار دۇنياغا كەلگىنى قېنى، سېھىرگەرلىكتە كۆزۈڭدەك كاپىر قاراقچى قېنى؟

**تۈركمەن ياقۇپ مىرزا** — تۈركمەن سۇلتانلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭدەك يېقىملىق خۇسۇسىيەت ۋە گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگە يىگىت ئاز. ئۇنىڭ دەرۋىش سۈپەت ۋە ئۆلىمانى دوست تۇتىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار. بۇ رۇبائىي ئۇنىڭكى، رۇبائىي:

ئالەمدە مۇستەھكەملىكنى كەم كۆرىمەن. ئۇنىڭ ھەربىر خۇشاللىقىدا مىڭلاپ غەم-قايغۇ بارلىقىنى كۆرۈمەن. چۈنكى ئۇ خۇددى بىر كونا ئۆتەڭگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ، ھەر تەرىپىدىن يوقلۇق باياۋىنىغا كېتىدىغان بىر يولنى كۆرۈمەن.

**جاھانشاھ مىرزا** — ئۇمۇ شېئىر ئېيتىمدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، بېيىت:

تائەت - ئىبادەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق، ئىشلاردا مىننەتسىز بولۇش ۋە دوستنىڭ مەرھەممىتى تۈپەيلىدىن كۆڭۈل ھەقىقي مۇرادىنى تاپتى.

**بايقارا مىرزا** — سۇلتان ساھىبقىراننىڭ تۇغقان ئاكىسى ئىدى. ئىسلام مەشئىلى بولغان بەلختە يىللاردىن بېرى سەلتەنەت يۈرگۈزدى. ئۆزى نەپسىنى يىغقان، كىچىك كۆڭۈللۈك، كەمتەر ۋە ئۆزگىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشى ئىدى. تەڭرىگە بولغان تونۇشى ئەلا دەرىجىدە ئىدى، تەبىئىتىمۇ نەزم زىننەتلىرىدىن خالى ئەمەس ئىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

سېنىڭ ھۆسن - جامالىڭنىڭ جۇلاسى جاھانغا يېيىلدى. ئۇنىڭ جىلۋىسى تۈپەيلىدىن جېنىمىز شەيدا ۋە مەپتۇن بولدى.

**كىچىك مىرزا** — تالانتى يۇقىرى، سەزگۈر، زېھنى ئۆتكۈر، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك يىگىت ئىدى. ئاز پۇرسەتتە ياخشى تالىبى ئىلىم بولدى. كۆپلىگەن ئىلىم - پەنلەرنى ئۆز مۇتالىئەسى ئارقىلىق ئىگىلىدى. شېئىر ۋە مۇئەممانى كۆپ ئاڭلايتتى. بەلكى تەلەپ قىلىنسا ئېيتىپمۇ بېرەلەيتتى. بۇ پەزىلەتلەر بىلەن يەنە دەرۋىشلىككە مايىل بولۇپ، مەككە (كەبە) زىيارىتى (تەڭرى ئۇنىڭ بۇ شەرىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرسۇن) گە مۇشەررەپ بولدى. ئۆزى ناھايىتى كۆڭلى توق ئادەم ئىدى. يوقسۇللۇقتا قانائەت قىلغان بولغاچقا، كۆڭلى توق بولالىغان بولسا كېرەك. بۇ رۇبائىي ئۇنىڭكى، رۇبائىي:



ئۆمرۈم بويى ئۆزۈمنى ياخشىلىق بىلەن ماختىدىم، ئۆزۈمنى تەقۋادارلىق ئادەتلىرىگە توغرىلىدىم، بىراق ئىشق كېلىش بىلەنلا مېنىڭدە تەقۋادارلىقىمنىمۇ، ياخشىلىقىمنىمۇ ئەسەر قالمىدى. تەڭرىگە شۈكرى، ئۆزۈمنى سىناپ كۆردۈم.

بەزىلەر بۇ رۇبائىينى ھەزرەتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراھمان جامى) بىلەن بىرگە تۇرغاندا يېزىلغان، دېيىشىدۇ. ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ئۇلۇغ شەرەپتۇر.

**مىرزا بەدىئۇززامان سۇلتان** — چىراي-تۇرقى ۋە مىجەز-خۇلقى گۈزەل؛ تاشقى گۈزەللىك ۋە ئىچكى پەزىلەت بىلەن زىننەتلەنگەن؛ ساخاۋەت، خۇداگۇيلۇق، ۋاپادارلىق، تەقۋادارلىق، پاك تەبىئەت، ئەقىل - ئىدراك، ساپ زېھىن ۋە نازاكەت قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭداشسىز يىگىت. جەڭ ئۇسلۇبلىرىدىن ئوق ئېتىش، دۈشمەننى تۇتۇشتا ماھىر ئىدى؛ بەزمىلەردە ئىچمەك ۋە بەخش ئەتمەكتە ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. زېھنى نەزمە ئۇسلۇبىدىمۇ ئۆتكۈردۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي ئاي يۈزلۈك گۈزىلىم، سېنىڭ گۈل يۈزۈڭسىز يۈرىكىم لالىدەك قان بولدى. سېنىڭ ھىجرانىڭ تۈپەيلىدىن باغرىممۇ پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

بۇ تۈركىچە مەتلەئمۇ قۇرۇلما ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ياخشى ۋە تەسىرلىك چىقىپتۇ، مەتلەئ:

ھەي تاڭ شامىلى، ئەگەر ئۇ نازاكەتلىك سەرۋى مېنىڭ ئەھۋالىمدىن ئازراقلا سوراپ قالسا، سەن ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرگىلىگەن ھالدا، مەن بىچارىنىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈز.

شاھ غەرىب مىرزا ـ يۇقىرى قابىلىيەتكە، ئۆتكۈر زېھنىگە، نازۇك خىياللارغا ۋە ئىنچىكە تەپەككۇرغا ئىگە يىگىت؛ ئۇ نەزمە ۋە نەسىردە تەڭداشسىز، خىيالچانلىق ۋە خاتىرە كۈچى جەھەتتە مىسلىسىزدۇر. قوش ئوينىتىپ، ئوۋ ئوۋلاش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، قىرائەت ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

قايسىبىر گۈل يۈزلۈك ئۇ كۈلۈپ تۇرغان گۈل بەرگىدەك گۈزەللىكگە يېتەلەيدۇ، قايسىبىر شەمشاد بويلۇق ئۇ يول يۇرەلەيدىغان گۈزەل سەرۋىچە بولالايدۇ؟

بۇ مەئلەئىمۇ ياخشى چىقىپتۇ، مەتلەئ:

جانانىم گەرچە مېھرى ـ شەپقەتنى تاشلاپ ئۆزگىرىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مەن تىرىك بولساملا ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەمنى ئۆزگەرتمەيمەن.

بۇ مەتلەئ خىيالغا باي ۋە غېرىبانە چىقىپتۇ، مەتلەئ:

مېنىڭ تەقۋادار يارىم يەنە شاراب ئىچىشنى ئادەت قىلىۋالدى. مەي كوزىلىرىنى تولا تۇشۇپ يەنە كىيىملىرىم يىرتىلىپ كەتتى.

بۇ پارسچە مەتلەئىمۇ ئاشىقلارغا خاس ئۇسلۇبتا چىقىپتۇ. مەتلەئ:

يەنە شۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلنىڭ غېمى جېنىمغا بالا بولدى. ھەي دەردىم، ئۇ كېسەلنىڭ ئازابى يەنە قايتا قوزغالدى.



بۇ مەتلەئىمۇ ئاشىقلارچە، ئىخلاسمەنلەرچە ۋە تەسىرلىك ئۇسلۇبتا چىقىپتۇ. مەتلەئ:

ھەي دوستلار ئەگەر مازارىم تەرەپكە ئۆتۈپ قالساڭلار ماڭا دۇئا قىلماي، بەلكى يارىمنىڭ جېنىغا دۇئا قىلىڭلار.

ئۇ دىۋانىمۇ تۈزۈپتۇ، ياخشى مەتلەئلىرىنى يېزىپ كەلسەك، بۇ قىسقا كىتابچىگە سىغماي، يەنە بىر كىتاب يېزىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

فەرىدۇن ھۈسەيىن مىرزا ـ ئۆزى فەرىدۇن شەۋكەتلىك، ھۈسەيىن نەسەبلىك؛ ۋۇجۇدىغا ئۇلۇغۋارلىق، ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە تەمكىنلىك، مىجەز خۇلقىغا ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام سىڭگەن؛ ئوقياسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى جەھەتتە يىگانە ۋە ئوق ئېتىشتا زامان ئەھلى ئارىسىدا تونۇلغان؛ تائەت ـ ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىققا مايىل، تەڭرىنىڭ زىكرىگە ۋە قۇرئان تىلاۋەتكە مەشغۇل يىگىت. ئۇنىڭ ئوبدانلا تالانتى ۋە ئۆتكۈر زېھنى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

گەرچە سېنىڭ يولۇڭدا جەبىرۇ ـ جاپاغا پايىمال بولغان بولساممۇ، خۇدا ھەققى، ۋاپا يولىدىن قىلچە چەتلىگىنىم يوق.

بۇ تۈركچە مەتلەئىمۇ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي تاك شامىلى، ماڭا ئۇ يول يۈرەلەيدىغان سەرۋىدىن ئۇچۇر يەتكۈز، ماڭا رەھىم قىلىپ ئۇ جېنىمغا ئارام بەرگۈچى يارىمدىن خەۋەر بەرگىن.

مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا — خالايىق ئۇنى ئادالەت، جاسارەت ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىدا كۆپ تەرىپلىشىدۇ. ئەمما، شۇنىسى مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنتايىن باشباشتاقلىق ۋە ئايرىمچىلىق خاھىشى باردەك تۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ مەتلەئنى ئۇنىڭكى دېيىشىدۇ، ياخشى چىقىپتۇ، مەتلەئ:

ئۇۋ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈكۈ چاك-تۇزانىغا بولغاندىنىڭ، ھاۋارەتلىك قەلب ئارقىسىدىن يۈگۈردۈكۈ تەرگە چۆمۈلدۈك.

بايسۇنغۇر مىرزا — تەبىئىتى نازۇك، زېھنى نۇقسانسىز، شاھلىق تەختىدە ئولتۇرسىمۇ ئۆزىنى تۆۋەن، كەمتەر تۇتىدىغان، ئۇلۇغلۇق بىساتىدىن ئورۇن ئالغاندىمۇ، ئۆلۈمنى يادىدىن چىقارمايدىغان يىگىت. ئۇ پەزىلەت ۋە ھۈنەر-سەنئەتنى سۆيىدۇ ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى يۆلەپ، قۇۋۋەتلەيدۇ، نەزمە ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ياقىدۇ ۋە بەزىدە ئۇنىڭ زېھنى بۇ خىيال پىكرىگە مەشغۇل بولىدۇ. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

كاشكى، سەنەملەرنىڭ بىرەرسى دىۋانە بولسىدى، بىرەر ئادەم بۇ ئالەمنى تەرك قىلىپ ۋەيرانە بولسىدى.

سۇلتان مەسئۇد مىرزا — ئۆزى روشەن زېھنىلىك، يۇقىرى تالانتلىق، پاكىز خىسلەتلىك ۋە گۈزەل ھەرىكەتلىك يىگىت. ۋاپادارلىق ۋە كۆڭۈل ئىزدەش ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، ساخاۋەت ۋە دەرۋىش مىجەزلىك ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر. ئۇ مەملىكەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە ئىنتىزامىنى تۈزۈش جەھەتتە بىر سائادەت يۇلتۇزى بولسا، نەزمە زىبۇ-زىننىتى بىلەن بېزىنىش جەھەتتە



پۈتكۈل ئادەم ئەۋلادىنى جەلپ قىلغۇچىدۇر. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى، مەتلەئ:

ھەي دوستۇم، يار كېتىپ جېنىمدا ھىجران جاراھىتىنى قالدۇردى. دوستۇم، بۇ غېرىبلىق ئازابى كۆڭلۈمگە تەسىر قىلماي قالاتتىمۇ؟

سۇلتان ئەلى مىرزا — ھازىر ئۇ سەمەرقەند مەملىكىتىدە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرماقتا. ئۇنىڭ تالانتىنى نەزمىگە مايىل دېيىشىدۇ ۋە بۇ مەتلەئنى ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرۈشىدۇ، مەتلەئ:

ھەي كۆڭۈل، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندە مەغرۇر بولغانىدىڭ، ھىجرانىدا زار بولدۇڭ، يا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاندا ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا تاقىتىڭ يوق.

## يەتتىنچى مەجلىسنىڭ تۈگەنچىسى

بۇ ئالىي مەنسەپكە ئىگە پادىشاھلار ۋە يۇلتۇزدەك كۆپ قوشۇنغا ئىگە پەلەك كەبى ئېگىز دەرگاھلار ئىچىدىن ئالدىنقى جەمشىد ۋە فەرىدون سۈپەت ئاتا ۋە پەرزەنتكە ھەم كېيىنكى ئەۋلاد ۋە نەۋرىلەرگە پەلەك جەمشىد بىلەن فەرىدونغا ئىچۈرگەن شارابنى ئىچكۈزدى؛ شۇنداقلا ئۇلارنى ھاياتلىق بەزمىگاھىدىن سۈرۈپ، يوقلۇق ھۇجرىسىغا كىرگۈزدى. بۈيۈك تەڭرى ئۇلارنى بۇ ئالەمدە پادىشاھ ۋە تەخت ئىگىسى قىلغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ ئۆز دەرگاھىنىڭ يېقىنلىرىدىن ۋە ئەرشىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن قىلسۇن؛ ئۇلارنىڭ تەخت، مەملىكەت سەلتەنىتىنى ۋە تاج،

قوشۇن ھەشەمەتىنى بۇلارغا بەرھەق مىراس، بەلكى مۇتلەق مۈلۈك قىلسۇن، يەنى سۇلتان ساھىبقىرانغا بەخش ئەتسۇن؛ روھلىرىنىڭ شامىنى ئۆز ئوچاقلىرىنىڭ شولىسى بىلەن يورۇتسۇن. باشقا شاھزادىلەرمۇ بۇ دۆلەتتىن بەھرىمەن ۋە شاھنىڭ مېھرى-شەپقەت، ئىلتىپاتلىرىدىن شاد - خۇرام بولسۇن. رۇبائىي:

تۆمۈر ۋە شاھرۇخ دېگەن ئىسىمغا تەۋە بولسىلا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى شاھلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ خىسلەتكە ئىگە بولىدۇ. ھەي بەخت ۋە دۆلەت بىلەن زىننەتلەنگەن زات، بۇ ھاياتلىق دەۋرانلىرىنىڭ ھەممىسى ساڭا ئۆلگۈچە تەۋە بولسۇن.





# سەككىزىنچى مەجلىس

**سۇلتان ساھىبقىراننىڭ يېقىملىق شېئىرىي نەتىجىلىرىدىن ھاسىل بولغان زىبالارنىڭ گۈزەل ھۆسنى جامالى بايانىدا ۋە شەرەپلىك زېھىنلىرىنىڭ تۆھپىسىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن رەنالارنىڭ نازكەرەشمىلىرى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى زامان سەھىپىسى بوستانىدا ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە راۋانلىقى بىلەن گۈل يۈزلۈك سەرۋى قەدلەردۇر. شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى دەۋران مەيدانىنىڭ گۈلىستانىدا ئۆز راۋانلىقى ۋە رەڭدارلىقى بىلەن سەرۋى بويلۇق گۈلچېھرىلەردۇر.**

سەلتەنەت دەرياسىنىڭ يېگانە گۆھىرى، ئىز باسارلىق ئاسمىنىنىڭ جاھانغا زىننەت بەرگۈچى قۇياشى، ساخاۋەت ھاۋاسىنىڭ گۆھەر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتى، شىجائەت ئورمانلىرىنىڭ شىر ئوۋلار ئارسلانى، ئادالەت چىمەنزارىنىڭ پەلەككە تاقاشقان ئېگىز سەرۋىسى، مەردلىك - سېخىيلىق كانىنىڭ قىممەت

باھا گۆھىرى، قەھرىمانلىق جەڭگاھىنىڭ رۇستەمى داستانى، خەيرى-ئېھسان بەزمىگاھىنىڭ ھاتەمى زامانى، پاساھەت ئالىمىنىڭ ھېكمەت بىلەن سېھرى قىلغۇچىسى، بالاغەت جاھانىنىڭ نازۇك مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكۈچىسى، يەنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، غازىلارنىڭ ئاتىسى — **سۇلتان ھۈسەيىن باھادىرخان، رۇبائىي:**

ئۇنىڭ شاھلىقى تاكى قىيامەتكىچە داۋام قىلسۇن، ۋۇجۇدى بۇ دەۋر ئۈستىدە ئورۇن تۇتسۇن، ئادالەت ئىچىدە يولى مۇقىم بولسۇن، جاھان ئەھلى ئۈچۈن ئۇ سالامەت بولسۇن.

بۇ خىسراۋ مەرتىۋىلىك ھۆكۈمرانىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتسەم، يۈزمىڭ خان ۋە خاقاننى بۇ قىسقا كىتابچىدە يىغىشتۇرۇشقا بولار، لېكىن بۇ يولتۇزدەك كۆپ قوشۇنغا ئىگە دارانىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ھەققىدە قەلەم يۈرگۈزسەم، يۈز تۈمەن خاقانىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا باراۋەر كەلگۈدەك بۇ سۆزلەرنى بۇ قىسقا سەھىپىلەرگە سىغدۇرۇپ بولماس. ئۇنىڭ نەسەبى توغرىسىدا پاساھەت ئەھلى بولغان ئېسىل كىشىلەر ھەر سەھىپىسى مانىنىڭ مۆجىزىلىرىنى لال قىلغۇدەك «نەسەبنامە»لەرنى يېزىپتۇ؛ تالانتلىق كاتىپلار ئۇنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى شەرھلەپ، ھەر بىر ۋارىقى چىن سۈرەتخانىلىرىنى خىجىل قىلغۇدەك دەرىجىدىكى تارىخلارنى تۈزۈپتۇ. ھەر كىشى ئۇ «نەسەبنامە»نى كۆرسە، خاقان ۋە دارا بۇ پادىشاھنىڭ بىر تۈرك ۋە بىر ھىندى چاكىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ؛ ھەرقانداق ئادەم ئۇ تارىخنى مۇلاھىزە قىلسا، ئۇنىڭ بىلگەن ۋە قىلغانلىرى ئالدىدا جەمشىد ۋە ئىسكەندەرنىڭ شەرمەندە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ قىسقا كىتابچىدە ئۇ خىل



سۆزلەردىن ھېچنەرسىنى سىغدۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شەرھىدە ھېچقانچە گەپ قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئۇسلۇبنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇ ھەزرەتنىڭ يۇقىرى تالانتىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر نەچچە مەتلەئ بۇ ۋاراقلارغا زىبۇ-زىننەت قىلىندۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈر زېھىنلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن ھاسىل بولغان بىر نەچچە بېيىت بىلەن بۇ پارچە سەھىپىلەرگە قەدىر-قىممەت بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر ئاشىقانە مەتلەئلىرى بىلەن دەردمەنلەرنىڭ جېنىغا ئۆلۈم ئوتى يېقىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەربىر دەردمەنلەرچە مۇڭغا تولغان بېيىتلىرى بىلەن ئىشىق ئەھلىنىڭ كۆڭلىگە بالا-قازا چاقماقلىرى چېقىلىدۇ. خوش، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆزلەر ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتىگە ئېغىرلىق ۋە ئۇزارتىۋېتىلگەن بايانلار ئىنچىكە كۆڭۈللىرىگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئەمدى ئەسلىدىكى مۇددىئا ۋە مەقسىتىمىزگە كېلەيلى.

ئۇ ھەزرەتنىڭ ياخشى شېئىرلىرى ۋە يېقىملىق بېيىتلىرى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ۋە دىۋانىمۇ تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، دىۋانىنىڭ بېشىدىن باشلاندى ۋە ھەربىر غەزەلدىن بىر مەتلەئ يېزىلدى، ئۇ دەريادىن بىرنەچچە گۆھەر بۇ كىتابچىنىڭ قارا يېپىكىگە تىزىلدى (توغرىلىق پەقەت تەڭرىگىلا خاستۇر).

سۆز پادىشاھى بولغان مەۋلانا لۇتفىنىڭ، بېيىت:

ھەي، سېنىڭ بويۇڭ جەننەتنىڭ تۇبى دەرىخىدۇر. ئۇنىڭ
ئۈستىدە گۈل يۈزلىرىڭ ئورۇن ئالغاندۇر. دەۋران پەلەكنە
ئۈستىمدە سېنىڭدەك ئايىنى كۆرۈپ باقمىغان.

دېگەن مەشھۇر مەتلەئگە جاۋابەن بۇ مەتلەئنى يېزىپتۇ.

**مەتلەئ:**

گويا جان رىشتىسى بىر تامچە قان ئۈستىگە چۈشكەندەك،
ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ قىلى قىپقىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرى ئۈستىگە
چۈشۈپتۇ.

كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر ئالدىدا بۇ ئىككى مەتلەئ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئايان. چۈنكى مەۋلانا يۈزنى جەننەتتىكى تۇبى دەرىخىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھالەتتە قىياس قىپتۇ، لېكىن بۇلار بىر-بىرىدىن ناھايىتى يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى مىسرا مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلاشمايدۇ. ئۇنىڭغا جاۋابەن يېزىلغان كېيىنكى ئىككى مىسرا ئاجايىپ-غارايىپ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە ھەر ئىككى مىسرا بىر-بىرىگە ماس، سۆزلىرىمۇ ئۆزئارا بىر-بىرىگە لايىقلاشقان ھالدا چىقىپتۇ.

يەنە قاپىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرىقى رادىپ بىلەن ئىككى غەزەل يېزىپتۇ. ئۇنىڭ مەتلەئىدە مىنىق تەرىپلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى يۇقىرى ھاياجان مەلۇم بولىدۇ. بۇ مەتلەئلىرى بىر-بىرىگە جاۋاب بولۇپ چىقىپتۇ. بىرى تۆۋەندىكىچە، مەتلەئ:

گويا ھاياتلىق سۈيى ئۈستىدە ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكىنىدەك،
ئۇ زۇمرەتتەك يېشىل مىيىقلار ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ياقۇت
لەۋلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۈنۈپتۇ.

يەنە بىرى تۆۋەندىكىچە، مەتلەئ:

كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ياقۇت لەۋلىرىڭ ئۈستىدىكى يېشىل



مىيىقلىرىڭنىڭ قارىسى گوياكى ئابىھايات ئۈستىگە چۈشكەن
خىزىرنىڭ سايىسىگە ئوخشايدۇ.

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا يەنە بۇ مەتلەئ ياخشى چىقىپتۇ، بېيت:

قايسى جەننەتنىڭ ئۆسۈملۈكى ئۇنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان
مىيىقلىرىغا يېتەلەيدۇ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نۇتقى ئۇنىڭ
شېكەردەك شېرىن لەۋلىرىگە قانداق تەڭ كېلەلەيدۇ.

يەنە يۇقىرىقى مەزمۇندا بۇ ئۈچ مەتلەئ بىر-بىرىگە جاۋابەن يېزىلىپتۇ. ئۇنىڭ قاپىيە ۋە رادىپلىرى ئۇ ھەزرەتنىڭ يېڭىدىن ياراتقان ئىجادىيىتىدۇر. بۇلار بىر-بىرىدىن ئېسىل چىقىپتۇ. بىرى تۆۋەندىكىچە، بېيت:

سېنىڭ يېشىل مىيىقلىرىڭ ئارىسىغا جان يوشۇرۇنغىنىدەك،
ياقۇت لەۋلىرىڭ قۇتىسىغىمۇ سەرخىل ئۈنچىلەر يوشۇرۇنغان.

يەنە بىرى تۆۋەندىكىچە، بېيت:

خۇددى جان ۋە جان رىشتىسى كۆزگە كۆرۈنمەس
ھالەتتە يوشۇرۇن بولغىنىدەك، ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىدا
بەللىرى، مىيىقلىرى ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان لەۋلىرى
يوشۇرۇلغان.

يەنە بىرى تۆۋەندىكىچە، بېيت:

گويا تۈندە قۇياش، قۇياشتا بولسا جان بولغىنى يوشۇ-

روُنغاندەك، ئۈنىڭ چاچلىرى ئىچىدە گۈل، گۈل ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان لەۋلىرى يوشۇرۇنغان.

يەنە مىيىقلىرى تەرىپلىگەن بۇ مەتلەئ ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

ئۈنىڭ ياقۇت لەۋلىرى ئۈستىدىكى ياپيېشىل كۆرۈنۈپ تۇرغان مىيىقلىرىغا قارا، ئۇ شەۋقى بىلەن رەڭگى ئارىلىشىپ كەتكەن گۈزەلنىڭ قىزىل ۋە يېشىل رەڭلىرىگە قارا.

يەنە يۇقىرىقى مەزمۇندىكى بۇ ئىككى مەتلەئمۇ بىر-بىرىگە سېلىشتۇرما ھالەتتىدۇر. بىرى تۆۋەندىكىچە، بېيىت:

ھەي پەرى، سېنىڭ يېشىل مىيىقلىرىڭنىڭ خىيالى بىلەن ئۆلسەم، قەبرەمدىن ئۈنۈپ چىققان مايسىلار ھىجران نەشتىرىگە ئايلانسا، نېمە ئەجەب؟

يەنە بىرى تۆۋەندىكىچە، بېيىت:

ئىسپار پۇراپ تۇرغان مىيىقلىرىنى دەيمۇ، يا ئۇنىڭ ياقۇت لەۋلىرىنى دەيمۇ، ئىمانىمنىڭ نۇرىنى دەيمۇ، ياكى ئۇنىڭ چاچلىرىدىن ئىبارەت زۇننارنى دەيمۇ؟

ئىشق شىددىتىنىڭ ئاجىزلاشتۇرۇشى تۈپەيلىدىن كۆزىنىڭ قارىغۇ بولۇشىنى تىلەپ، تەقدىرگە كۆپ خىتاب قىلغىنى دەردمەنلەرچە چىقىپتۇ، بېيىت:

ھەي تەقدىر كۆزلىرىمنى كور قىلغىن، تەقلى-تۇرقى



كېلىشكەن بىرسىگە كۆزۈم چۈشمىسۇن. ئۆزۈمنى بىر لەيلى سۆيەت يارنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولغان ھالەتتە كۆرمەي.

بۇ مەتلەئمۇ ئىشق بالايىئاپىتى تۈپەيلىدىن بىر-بىرىدىن ئۈستۈن بولۇۋاتقان ئۆز ئەھۋاللىرى ھەققىدە بولۇپ، ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

سەۋر-ھوشۇمدىن ئايرىلىپ دەرد ۋە بالا-قازاغا يېقىن بولغاندىن بېرى، ئۇ پەرىگە تەلۋىلەردەك زار بولمىغان بىر دەممۇ ۋاقتىم يوق.

بۇ مەتلەئدە ئۆز ئىشقى-مۇھەببىتىنى مەجنۇن ۋە پەرھاد ئىشقىدىن، ئۆز مەشۇقىنىڭ ھۆسن-جامالىنى لەيلى ۋە شىرىن ھۆسنىدىن ئارتۇق كۆرۈپتۇ. ھەم غېرىبانە، ھەم دەردمەندانە چىقىپتۇ، بېيىت:

ھۆسن جامالدا سەنلا كامالەتكە يەتكەن، شىرىن ۋە لەيلىنىڭ پەقەت داغقى تۆسىپلا بار. سۆيگۈ مۇھەببەتتە مەنلا زارلاندىم. پەرھاد، مەجنۇن بولسا، ئاشىق دېگەن تۆھمەتكىلا قالدى خالاس.

ئىشق ئوتى ئۆرتىمىگەن ھېچ نەرسىسى قالمىغانلىقىنى ۋە ئۇ ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشىنى تەرىپلىگەن بۇ بېيىت ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

ئىشقىڭنىڭ ئوتى جىسمىمنى، ۋە ئاجىز جېنىمنى ئۆرتىدى، ئاجايىپ ئوت ئىكەن، بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆرتىدى.

ئىشقنىڭ كۆيدۈرۈشى ۋە جەبىر - زۇلۇمنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلغان بۇ مەتلەئى ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ھىجرانىدا كۆڭلۈم قاچانغىچە غەم بىلەن بۇزۇلىدىكىن، بۇ غەم ۋە ماتەملەر تۈپەيلىدىن جىسمىم ئۆيى قاچانغىچە ۋەيران بولارىكىن.

ئۆزىنىڭ نالە - پىغانى ۋە ئىشق داستانى توغرىسىدىكى بۇ مەتلەئ ناھايىتى مۇۋاپىق چىقىپتۇ، بېيىت:

ۋاھ، سېنىڭ ئىشقىڭ تۈپەيلىدىن نالە - پىغانىم جاھانغا تولدى. مېنىڭ بۇ ئىشق داستانىم پۈتكۈل كوچا - كويلاردا تارقىلىپ يۈرمەكتە.

مەشۇقنىڭ چاچلىرىنىڭ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۆز كۆڭلىنىڭ ئۇ چاچ ئىچىدە يوقاپ كەتكەنلىكى ھەققىدە بۇ مەتلەئ تەسىرلىك چىقىپتۇ، بېيىت:

ئۇ قۇياش يۈزلۈك گۈزەلىمنىڭ چاچلىرى بۈگۈن پەلەك ئۈستىدە ھەر تەرەپكە چېچىلدى. خەستە كۆڭلۈممۇ بۈگۈن ئۇ قاپقارا چاچلار ئىچىدە يوقاپ كەتتى.

بۇ قاپىيە ۋە رادىپ ئۇ ھەزرەتنىڭ ئۆز تالانتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تېخى ھېچكىمدە ئىشلىتىپ باقمىغان. ناھايىتى شېرىن، گۈزەل ۋە رەڭدار چىقىپتۇ، بېيىت:

ئاھ، ئۇ ئاي ھىجران پىلانىنى باشقىچە قىلىپ تۈزدى،



ئىشق ئۇيقۇنى كۆزدىن ئۇچۇرغان سەۋەبتىن ئۆز كېچىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالى بۇ مەتلەئدە ياخشى ئىپادىلىنىپتۇ، بېيىت:

بىر قۇياش كەبى گۈزەلنىڭ ھىجرانىدا بۇ كېچە ئوتلۇق پىغان چەكتىم. مېنىڭ كۆيگىنىمدە چىققان تۈتۈنلىرىم سەۋەبىدىن بۇ كېچە پەلەكمۇ يىغلاپ كەتتى.

كۆڭۈل خۇرسەنلىكى ئۈچۈن مەشۇقىدىن بىر نەزەر سېلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغان بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

ماڭا بىر قاراپ قويۇش بىلەن كۆڭلۈمنى خۇرسەن قىلغىن، ھىجران يېپىنى بىر قېتىم بولسىمۇ ۋەسلىڭگە ئۇلىغىن، بۇ ساڭا قانچىلىك ئىشتى؟

يۈزىنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىنلىشىش تەرىپلەنگەن بۇ تەجنىسلىق مەتلەئ ناھايىتى رەڭدار چىقىپتۇ، بېيىت:

ئۇ قۇياش ئۇ مەھبۇبىنىڭ ئاي يۈزىنىڭ ئەتراپىغا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇ بارلىق ئاي يۈزلۈك گۈزەللەرنىڭ پادىشاھىدۇر،

ئىشق ئوتىنىڭ كۆيدۈرۈشى جانغا يەتكەندىن كېيىن مەشۇقنى رەھىم - شەپقەت قىلىشقا ئۈندەپ، ئۆزىنى ئۆزى بۇ ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ، بۇ مەزمۇندا تۆۋەندىكى مەتلەئ ناھايىتى تەسىرلىك چىقىپتۇ. بېيىت:

يۈزۈڭ قۇياشىنى ئېچىپ جىسمىمدىكى جاننى ئۆرتىمە، شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭنى ئاشكارا كۆرسىتىپ، كۆڭلۈمنى يوشۇرۇن ھالدا كۆيدۈرمە.

ئاجىز كۆڭلۈمگە جەبىر-زۇلۇمنى باشقىچە سېلىشقا باشلىدى.

ئۆز جىسمىغا تۇتاشقان ئوتنى مەشۇقىغا ئەرز قىلىشتا بۇ مەتلەئ ئاجايىپ چىقىپتۇ، بېيىت:

ھەي دىلبىرىم، ئۇستىبېشىمدىكىنى ئوتتەك قىزىل تۇرغىنى كىيىممىكىن دېمە، بۇ سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ئوت ئېلىپ كۆيۈۋاتقان جىسمىمدۇر.

كېچىدىكى ئاجايىپ خىياللارنى بايان قىلىش ئۈچۈن بۇ مەتلەئ ناھايىتى تەسىرلىك چىقىپتۇ، بېيىت:

كېچىسى سېنىڭ ھىجرانىڭدا ۋىسالىڭنى خىيال قىلىپ، قانداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچ كىشىگە ئېيتالمايمەن.

جۇدالىق كېچىسىنىڭ قاتتىقلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى يۇلتۇز ۋە ئاسمان ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل قىلىپ تۇرۇش كەيپىياتى ھەققىدىكى بۇ غەزەل باشتىن-ئاياغىچە ناھايىتى مەزمۇنلۇق، ئىنتايىن دەردلىك ۋە تەسىرلىك چىقىپتۇ، مەتلەئى تۆۋەندىكىچە، بېيىت:

ھىجران كېچىسى ئاي چىققىنىدا مەن دەرد-ئەلەم بىلەن يىغلايتتىم، تۈندە كېزىپ يۈرگۈچى ئاي بىلەن بىللە سېنى ئىستەپ سەيلە قىلاتتىم.

بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىغا باشقىلارنىڭ



تەقلىد قىلىپ بېقىشنى بۇيرۇغانىدى، بەزىلەر ئېيتىپ بېقىپ لەت بولدى، يەنە بەزىلەر ئېيتالماسلىقنى ئېتىراپ قىلدى. شۇلاردىن بىرى بولغان پېقىرمۇ ئېيتالماسلىقىمغا تەن بەردىم، مەتلەئى تۆۋەندىكىچە، بېيىت:

سەۋرىنىڭ قەددى-قامىتى گۈزەل بولمىسا، ئۇنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكىن، گۈلنىڭ يۈزى چىرايلىق، زىبا بولمىسا ئۇنى شامالغا سورۇۋەتكىن.

مەشۇقىنىڭ لەۋلىرىنىڭ كۈلۈمسىرىشىنى ئېچىلىۋاتقان غۇنچىغا، ئۆزىنىڭ دىلىدىكى قاناۋاتقان جاراھىتىنى پورەكلەپ ئېچىلغان سەرخىل لالىگە ئوخشاتقانىكەن، بۇ مەتلەئ بۇ خىل مەزمۇندا ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇۋاتقىنى ئېچىلغان غۇنچە ئەمەس بەلكى سېنىڭ لېۋىڭدۇر. قىپقىزىل تۇرغىنى لالە ئەمەس بەلكى قاناۋاتقان كۆڭۈل جاراھىتىمدۇر.

بۇزۇلغان جىسمىدىن چىقىۋاتقان كۆڭۈل نالىسىنى ۋەيرانىدىكى بايقۇشنىڭ پەريادىغا ئوخشاتقانىكەن، بۇ خىل مەنىنى شەرھىلىگەن بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

ۋاھ، بۇ بۇزۇلغان جان ئىچىدە كۆڭلۈمنىڭ توختىماي نالە قىلىشى گويا بىر بايقۇشنىڭ خارابىلىقتا پەرياد ئۇرۇشلىرىغا ئوخشايدۇ.

مەشۇقىنىڭ باشقا ئاشىقلارغا ئىلتىپاتى بارلىقى ئۈچۈن ھەس-

رەتلىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان بۇ مەتەلئ ياخشى چىقىپتۇ، بېيىت:

ھەي كۆڭۈل، ئۇ دىلرەبانىڭ باشقا يارى بارمىش، ئاھ،
ئۇ ساڭا دۈشمەن، باشقىلارغا بولسا دوست بولغانمىش.

مەشۇقى چاچلىرىنى يېيىپ، قاشلىرىنى موچىندا تىرىپ، ياسانغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ باشقىچە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدە بۇ مەتەلئ ناھايىتى نازۇك چىقىپتۇ، بېيىت:

چاچلىرىڭنى يېيىپ مەن تەلۋىنىڭ ئەھۋالىنى پەرىشان قىلدىڭ، موچىن بىلەن پەرداز قىلىنغان قاشلىرىڭنى كۆرسىتىپ كۆڭلۈمنى ھالسىراتتىڭ.

ئىشق - مۇھەببەتتىكى كۈندەشلىك ۋە قىزغىنىش سەۋەبىدىن مەشۇقىنى دوست - دۈشمەن بىلەن بىللە تۇرغان ھالدا كۆرەلمەيدۇ. شۇ مەزمۇندا بۇ مەتەلئ ياخشىلىقتا تەڭداشسىز چىقىپتۇ، بېيىت:

سېنىڭ يات ئادەملەرنىڭ بىلەن بىللە تۇرغىنىڭنى ياكى يەنە غەيرىي كىشىلەر بىلەن گەپلىشىپ تۇرغىنىڭنى بىر كۆرەي، قېنى شۇ چاغدا كۆر.

كۆزدىن ئاققان قانلىق ياشنى، چاك بولغان كۆكسىنى ئىزھار قىلغان بۇ مەتەلئ ناھايىتى ئاشىقلارچە چىقىپتۇ، بېيىت:

كۆز ياشلىرىمدا قان كۆرۈپ، كۆڭلۈمنىڭ نالىسىنى سورى-



ماڭ، چاك بولۇپ يېرىلغان كۆكسۈمنى ۋە پارە - پارە بولغان جىگەرىمنى سورىماڭ.

ئىشق زۇلمىنى تارتقانلىقتىن كۆزنى يار ۋە يات كىشىلەر تەرىپىگە قاراشتىن مەنئى قىلىش مەزمۇنىدا بۇ مەتەلئ بەك دەردلىك چىقىپتۇ، بېيىت:

ھەي كۆز، باشقا يۈز تەرىپىگە قاراپ ئۆزۈڭنى غەم - قايغۇغا سالما، بىر ۋاپاسىزنىڭ ئىشقىدىن كۆڭلۈڭنى قان قىلىشنىمۇ ئىستىمە.

غەم شۇۋرغانلىرىدىن جىسمى بىناسى ۋەيران بەلكى يەر بىلەن يەكسان بولغانلىقى مەزمۇنىدا بۇ مەتەلئ ياخشى تۈگەللىنىپتۇ، بېيىت:

غەم بورىنى جىسمىم بىناسىنى ۋەيران قىلغۇدەك بولدى، ۋەيران ئەمەس، بەلكى قارا يەر بىلەن يەكسان قىلاي دېدى.

بۇ مەتەلئنىڭ قاپىيىسىدىن كېيىن ياردەمچى «ۋاۋ» ھەرپىنى سۆزنىڭ ئەسلى ھەرپى ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ ئاجايىپ ئىختىرا قىلىپتۇ، بېيىت:

ھەي جاپا خەنجىرى، كېلىپ جاراھەتلىك كۆكسۈمنى يارغىن، قولۇڭنى يالىڭاچلاپ، كۆيۈپ كاۋاپ بولغان ئىچىمگە سېلىپ ئاختۇرغىن.

كۆڭلىمنى يۇتتۇرۇپ قويغانلىقتىن، تەلۋە كۆڭلىمنى ئىز-

دەپ كېتىۋاتقانلىقى بۇ غەزەلدە باشتىن ئاخىر بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ھالدا ئېيتىلىپتۇ، مەتلەئى بايان قىلىنىدۇ. ناھايىتى ياخشى ئېيتىپتۇ، بېيىت:

تەلۋىلىشىپ يوقاپ كەتكەن كۆڭۈلنى ئىزدەپ ھەر تەرەپلەرگە بارىمەن؛ تاغ، دەريا ۋە باياۋانلارنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرىمەن.

پەرى سۈپەت يارنىڭ ئىشقىدىن ئۆز ھالىنىڭ تىل بىلەن شەرھلەش مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىدە پەرىشان ئىكەنلىكىنى ناھايىتى لايىقىدا بايان قىپتۇ، بېيىت:

ئۇ پەرى سۈپەت يارنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن شۇنداق پەرىشان ھالەتتىمەنكى، ئۇنى تىل بىلەن شەرھلەپ بېرەلمەيمەن.

كۆڭۈلنىڭ ھىجران سەۋەبىدىن بىئارام بولغانلىقىنى سەزگەندە، ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن غايىب يارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشلىرى بۇ مەتلەئدە ناھايىتى يېقىملىق تەرزدە ئىپادىلىنىپتۇ، بېيىت:

ھەي غەمكىن كۆڭلۈم، غەم قىلما، دىلرەبايىڭ كېلىدۇ، ئىشقىڭ بەزمىسىنى تۈزۈپ، شادلىق بېغىشلىغۇچى يارىڭ كېلىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئىشق ئوتىنىڭ مەجنۇن ئۇنىڭدىن بىر ئۇچقۇننى تىلىسە، پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىشىدىغان دەرىجىدە شىد-



دەتلىك ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكى بۇ مەتلەئتە ئىنتايىن ئوتلۇق ۋە نازۇك بايان قىلىنىپتۇ، بېيىت:

مەجنۇن كېلىپ مېنىڭ ئىشقىمنىڭ ئوتىدىن بىر ئۇچقۇننى تىلىدى. «ئال» دېگەنىدىم، قولىنى ئۇزىتىشى بىلەنلا، ئۇنى باشتىن ئايىغىچە كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

تىنچ-ئامانلىقى رەسۋالىق بىلەن ئالماشقان بۇ پەلەكنىڭ شىكايىتىدە بۇ مەتلەئ ناھايىتى مۇۋاپىق، ئىنتايىن دەردلىك، تولىمۇ نالە-پەريادلىق چىقىپتۇ، مەتلەئ:

ھەي كۆڭۈل، پەلەك بىزگە بالايىئاپەت تېشىنى ياغدۇرۇپ، سەۋر تاقىتىم ئۆيىنىڭ تاملىرىنى تەرەپ-تەرەپتىن چېقىپ تاشلىدى.

ئىشق ئازابى تۈپەيلىدىن ئۆز ئەھۋالىنىڭ يامانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ، ئاندىن ھېچ كىشىگە بۇ خىل ئەھۋاللار يولۇقمىسۇن، دەپ تىلەشلىرى بۇ مەتلەئدە يېقىملىق تەرزدە بايان قىلىنىپتۇ، بېيىت:

ئىشق-مۇھەببەت ئىچىدە ھېچكىم ماڭا ئوخشاش زار ۋە مەھلىيا بولمىسۇن، بولغان تەقدىردىمۇ، ھىجران ئازابىدا مېنىڭدەك رەسۋا بولمىسۇن.

ئىشق تۈپەيلىدىن بېشىغا تۈرلۈك-تۈرلۈك بالا-قازالار كەلگەنلىكى بۇ غەزەلدە باشتىن ئاخىرغىچە بايان قىلىنىپتۇ. مەتلىئىدىلا زىكىر قىلىنىدۇ، بۇ مەتلەئ ئاجايىپ دەردمەنلەرچە يۈزەگە چىقىپتۇ، بېيىت:

مېنىڭ بېشىمغا ئىشق توپەيلىدىن شۇقەدەر ئېغىر ئەھۋاللار چۈشتىكى، ئۇنى پەرھاد بىلەن مەجنۇن خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ.

مەشۇق ئىشتىياقى توپەيلىدىن ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا جاندىن بۇرۇن يىغان چىقىدۇ، دەپ خىيال قىلغان بولسىمۇ، بىراق جاننىڭ ئۆز كۈندەشلىكى سەۋەبىدىن يىغاندىن بۇرۇن چىققانلىقى بۇ مەتلەئدە ئاجايىپ ئىپادىلىنىپتۇ، بېيىت:

سېنى كۆرۈش بىلەنلا جېنىمدىن بۇرۇن نالە ـ يىغانىم چىقىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، بالدۇر چىقىۋالمىسۇن دېگەن قىزغىنىش سەۋەبىدىن جېنىم يىغانىمدىن بۇرۇن چىقتى.

ئۇ ھەزرەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيىتى «ئۆزگىچە» دېگەن سۆزنى رادىپ قىلغان قاپىيەلىرى بولسا ھەر بىرسىنىڭ ئۆزگىچە چىققان تۈۋەندىكى ئۈچ شېئىردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ ھەرقايسىسى گۈزەللىكتە بىر ـ بىرىدىن ياخشىراق چىقىپتۇ، بىرى تۈۋەندىكىچە، مەتلەئ:

غەم بورىنى ئەيش ـ ئىشرەتىم بىناسىنى باشقىچىلا قىلدى، ئەقىل ـ ھوشۇم ۋە سەۋر ـ تاقىتىم مەملىكىتىنى باشقىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

يەنە بىر مەتلەئى مۇنداق چىقىپتۇ، بېيىت:

ئاھ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئىچىدە يەنە ئۆزگىچە مەھلىيا بولدۇم، ئەقىل ۋە ھوشۇمدىن ئايرىلىپ، خەلق ئىچىدە باشقىچىلا رەسۋا بولدۇم.



يەنە بىر مەتلەئى مۇنداق چىقىپتۇ، مەتلەئ:

ئۇنىڭ ياقۇت لەۋلىرى ئۈستىدىكى مىيىقلىرى ئۆزگىچە بولۇپ كۆرۈنگەنىدىن بېرى، ئاھىم چاقمىقىدىن كۆك يۈزى باشقىچە زەڭگەر رەڭگە كىردى.

بۇ رادىپتا يەنە بىر شېئىر بار بولۇپ يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى.

غەزەل ئۇسلۇبىدىكى مەرسىيە ئارىلاش بۇ شېئىر ھەزرىتى خوجا ھاپىز شىرازىغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، شۇ خىل ئۇسلۇبتا بۇ شېئىر مۇسىبەت قوزغارلىق دەرىجىدە چىقىپتۇ، مەتلەئى تۈۋەندىكىچە، بېيىت:

ئېسىت، يۈزىڭ ئېسىت، ئۇ سەۋرى راۋانىم كەتتى، ئەقىل ـ ھوشۇم ۋە سەۋر ـ تاقىتىم مەملىكىتىدىن جېنىمنىڭ ئارامى كەتتى،

بۇ غەزەل پېقىرنىڭ غەزىلىگە جاۋابەن يېزىلغان چىقىپتۇ. ئۆزۈم ئىنساپ يۈزىسىدىن ئېتىراپ قىلىمەنكى، بۇ غەزەل مېنىڭكىدىن يۈز ھەسسە ئېشىپ چۈشۈپتۇ. بېيىت:

ھەي گۈل بەدەنلىك، سەۋرى بويلۇق گۈزىلىم، مېنىڭ سەندىن ئايرىلىپ قالغاندىن بېرى، يا كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق، يا جېنىمدا ئاراملىق يوق.

مەشۇق ۋىسالىغا يېتىشنىڭ ئۈمىدى بىلەن دەرد ۋە ھەس-

ۋىتىنى ئىزھار قىلىپ، بىتاقەت بولغان ھالدا رەھىم - شەپقەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش مەزمۇنىدا بۇ مەتلەئ ياخشى چىقىپتۇ. بېيىت:

سېنىڭ ۋىسالىڭغا يېتىشنىڭ ئۈمىدىدە قاچانغىچە دەرد ۋە ھەسرەت چېكىمەن، ھىجرانىڭغا چىداشقا ئەمدى تاقىتىم قالمىدى، رەھىم قىلغىن.

مەسەل ئۇسلۇبىدا بۇ مەتلەئدەك توجۇپىلەپ ۋە زىننەتلەپ يېزىلغان شېئىر ناھايىتى ئاز چىققاندۇر، مەتلەئ:

ھەي سەنەم، سەن بىر قۇياشسەن، غېمىڭ تۈپەيلىدىن مەن ھىلال ئايغا ئوخشاپ قالدىم، شۇڭا مەندىن ئاجىزلىق، سەندىن خەيرى - ئېھسان كەلسە ئەيىب ئەمەس.

مەۋلانا يەقىنىغا جاۋابەن بىر شېئىر ئېيتىپتۇ. ئەگەر مەۋلانا ھايات بولغىنىدا ئىدى يۇقىرىدا مېنىڭ تەن بەرگىنىمگە ئوخشاش تەن بەرگەن بولاتتى. بۇ يەرگە ئۇنىڭ مۇنۇ مەتلەئىلا يېزىلىدۇ، بېيىت:

ھەي، ۋىسالىڭ جاراھەتلىك كۆڭلۈمنىڭ مەلھىمى، جېنىمنىڭ ئارامى؛ مەن جېنى پەششىق يامان سېنىڭ ھىجرانىڭ قولىدا ئۆلمەي يەنە ساق قالدىم.

يەنە مۇشۇ بەھرى ۋە قاپىيىدە باشقا بىر شېئىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن يېقىملىق چىقىپتۇ، مەتلىئى تۆۋەندىكىچە، مەتلەئ:

ھەي سېنىڭ قاش ۋە كۆزلىرىڭ ئاخىر زامان غەۋۋاسى-



نىڭ مەنبەسىدۇر، لەۋلىرىڭ مەجرۇھ جېنىمنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىدۇر.

مەھبۇبىنىڭ ئاجايىپ خۇي - مىجەزى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئىشقىدا جان بەرسىمۇ مەھبۇبى ئىشەنمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى توغرىسىدا بۇ مەتلەئ ئەجەب ئاشىقانە يوزەگە چىقىپتۇ، بېيىت:

ھەي كۆمۈش بەدەنلىك شوخ، مەن سېنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭدە جان بەرسەممۇ ئىشەنمىسەڭ، سېنىڭدىكى بۇ نېمە دېگەن ئاجايىپ خۇي - مىجەز - ھە!

مەشۇقنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىدىن ھالسىزلىنىپ، بىھوشلارچە ئۇ ئىلتىپاتنى ئاشكارىلاش مەنىسىدە بۇ مەتلەئ ئاجايىپ پۈتۈپ چىقىپتۇ، بېيىت:

بۇلبۇل گۈلنىڭ بېشىدىن ئۆرۈلسە، شۇنىڭ ئۆزىمۇ ۋىسال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر گۈل ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرۈلسە، بۇلبۇلنىڭ ھالى نېمە بوپ كېتەر؟

مەشۇقنىڭ يازغان خېتى تەگكەنلىكى تۈپەيلىدىن خۇشال بولۇش مەنىسىدە بۇ غەزەل ناھايىتى رەڭدار چىقىپتۇ، بۇ غەزەلدە باشتىن ئاخىرغىچە بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان ھالدا بىرلا مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. مەتلىئى تۆۋەندىكىچە، مەتلەئ:

سېنىڭ ھىجرانىڭ سەۋەبىدىن جان ۋە جىسمىمدا قۇۋۋەت يوق ئىدى؛ كۆزۈم قانلىق ياش تۆكەتتى، غەمكىن كۆڭلۈم كۆيۈپ، ئۆرتىنەتتى.

مەشۇق ۋىسالىنىڭ ئۈمىدى سەۋەبىدىن شەيدا بولۇپ، ئۇ

ھىل دۆلەت مۇيەسسەر بولغىنىدا ساغلاملىقى كېسەلگە ئالماشقانلىقى توغرىسىدا بۇ غەزەل مىسلىسىز چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى بېيىتى تۆۋەندىكىچە، بېيت:

بىر مەزگىلدىن بېرى ئىشقىڭ خىيالى تۈپەيلىدىن ساڭا موھتاج ئىدىم، ۋىسالىڭ شارابىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايتتىم. ئاھ، بۇ دۆلەت مۇيەسسەر بولغۇدەك بولۇۋىدى، تەلەيىمنىڭ تەتۈرلۈكى تۈپەيلىدىن شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا سالامەتلىكىم زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىدى.

باھار ۋىسالى مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈل ھىجران كۆزلىرىنىڭ تىكەنلىرىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى مەزمۇنىدا بۇ مەتلەئ ناھايىتى ئوتلۇق ۋە نازۇك چىقىپتۇ، مەتلەئ:

باغلار كۆكەردى، بىراق كۆڭلۈمدە يەنىلا پىراق ئازابى بار. گۈللەر ئېچىلدى، قانداق قىلاي، باغرىمدا يەنىلا ھىجران تىكەنلىرى بار.

بىر ئاي يۈزلۈكنىڭ ھىجرانى تۈپەيلىدىن بەختىمنىڭ قارىلىقىنى ئاشۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ چاچلىرىغا ئوخشىتىپ، شىكايەت ئىزھار قىلىش مەزمۇنىدا تۆۋەندىكى مەتلەئ ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇراھمان جامى)غا تەقلىد قىلىنغان، زىكىر قىلىنىدۇ. مەتلەئ:

ئۇ ئاي يۈزلۈك مەھبۇب ھىجران سەۋەبىدىن بەختىمنى ئۆزىنىڭ چاچلىرىدەك قارا قىلدى، ئاھ، مەن خەستە كۆڭۈلنى پىراقىدا قاچانغىچە كۆيدۈرەركىن.



مەھبۇبىنىڭ ئاي يۈزىنى سائادەت مەلبەسى، ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى تۇپراقنى ئۆتكۈر كۆزلۈكلەرنىڭ تۇتىياسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىپتۇ. بۇ مەتلەئ ناھايىتى يېقىملىق، پاك، روشەن ۋە راۋان چىقىپتۇ، مەتلەئ:

ھەي، سېنىڭ ئاشۇ ئاي يۈزلىرىڭ بەخت-سائادەت مەنبەسىدۇر، سېنىڭ دەرگاھىڭنىڭ تۇپرىقى ئۆتكۈر كۆزلۈك كىشىلەرنىڭ تۇتىياسىدۇر.

مەھبۇبىنىڭ جامالىدىن كۆز روشەن بولۇپ، خەستە كۆڭلىگە ئۇنىڭ ۋىسال كوچىسى ماكان بولغانلىقى ئۈچۈن تەڭرىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈش مەنىسىدە بۇ مەتلەئدەك شېئىر ئاز ئۇچرايدۇ، مەتلەئ:

خۇداغا شۈكرى، جامالىڭدىن مېنىڭ كۆزۈم روشەن بولدى، خەستە كۆڭلۈمگە ۋىسالىڭ گۈلشىنى ماكان بولدى.

ئۆزىنىڭ موھتاجلىقى ۋە مېھرىسىز ئاي يۈزلۈكنىڭ ناز قىلمىشلىرى شەرھلەنگەن بۇ مەتلەئ ناھايىتى دەردمەنلەرچە يۈزەگە چىقىپتۇ، بېيت:

ھەي رەھىمسىز ئاي يۈزلۈكۈم، مەن ساڭا ھەرقانچە موھتاجلىق ئىزھار قىلساممۇ، لېكىن سەندە نازدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ۋاھ، بۇ قانداق ئەھۋال؟!

سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا مەشۇقىدىن ئايرىلىدىغان پەيتتە خوشلىشىدىغان سۆزنى رادىپ قىلىپ ئېيتىلغان بۇ شېئىرنىڭ مەتلەئى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە دەردلىك چىقىپتۇ، مەتلەئ:

هەي سىردىشىم، ئاھ ئۇرغىنىمچە كېتىپ قالدىم، ياخشى قالغىن، هەي دەردلىرىمنىڭ دەرمانى، دەرد تارتقان هالدا سەندىن ئايرىلدىم، ياخشى قالغىن.

ئىشق ئوتى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ دەرد ۋە هەسرىتى ۋە هىجران ئازابىدىن مەھبۇبىنىڭ خەۋەرسىزلىكى بۇ مەتلەئتە ناهايىتى پاك ۋە ئوتلۇق هالەتتە بايان قىلىنىپتۇ، بېيىت:

سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدا دەرد ۋە هەسرەتلىرىم هەددىدىن ئاشتى، ۋاھ، سەن بىلمەيسەن، هىجران ئازابىمۇ مېنى كۆيدۈردى.

ئاي يۈزلۈكمگە خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بۇيانقى كۆزدىن ئاققۇزغان قان ياشلىرىنى بايان قىلغانىكەن، ئىنتايىن قايغۇلۇق ۋە تەسىرلىك چىقىپتۇ. بېيىت:

هەي ئاي يۈزلۈكۈم، سەندىن ئايرىلغاندىن بېرى مېنىڭ بۇ يىغلاۋاتقان كۆزلىرىم توختىماي قان-ياش تۆكمەكتە.

مەشۇق ئۆزى سالغان زۇلۇم ئۈچۈن ئۆتكۈر تەنە بىلەن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ يەنە ئاشىق جېنىغا بىر زۇلۇمدۇر. بۇ مەزمۇن تۆۋەندىكى مەتلەئتە ئاجايىپ تولۇق ۋە ئاشىقانە بايان قىلىنىپتۇ، بېيىت:

ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن، شېرىن سۆزلىرىڭدىن شېكەر تۆكمە، بۇ خىل ئەپسۇن بىلەن ئوتلىرىمنى بارغانسېرى ئۇلغايتما.



كۆڭلى يارنىڭ دەردى ۋە غەملىرىدىن هەرقانچە ئازار يېسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاي يۈزلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپ، جاپا رىشتىسى تېخىمۇ ئۇزۇنىراق بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىنى بايان قىلىشتا بۇ مەتلەئنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر. بېيىت:

كۆڭلۈم ئۇنىڭ دەرد ۋە غەملىرىنىڭ ئازابىنى هەرقانچە تارتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاي يۈزىنى كۆرسەملا مېھرى-مۇھەببىتىم يەنە ئۇلغىيىپ كېتىدۇ.

سەرۋى بويلۇق گۈزەلنىڭ باغدا جىلۋە قىلىشلىرى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ ئاھۇ-پەريادلىرى ئاشىقلارنى كۆيدۈرۈشلىرىنى بايان قىلغان بۇ مەتلەئى مىسلىسىز چىقىپتۇ، مەتلەئ:

مېنىڭ ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزىلىم يەنە باغدا جىلۋىلەندى، شۇ تۈپەيلى چېكىۋاتقان ئاھۇ پەريادىم يەنە ئاشىقلارنى كۆيدۈردى.

دەۋراننىڭ ۋاپاسىزلىقى شىكايىتىدە بۇ بېيىت پەند نەسىھەت ئۇسلۇبى بىلەن پايدىلىق يېزىلىپتۇ، بېيىت:

بۇ ئالەم بېغىنىڭ رەيهانلىرىدا ۋاپا پۇرىقى يوق. مەيلى سەن رەنا ياكى لالە گۈللىرىنى كۆر، مەيلى گۈلزارلىرىغا قاراپباق.

پەلەك زۇلمىدىن ئەلنى شاراب قۇتقۇزىدىغانلىقى، شۇڭا ساقىيغا خىتاب قىلىپ مەي تۇتۇشنى تىلەيدىغانلىقى مەزمۇنىدا

بۇ بېيىتمۇ ناھايىتى نەتىجىلىك چىقىپتۇ، بېيىت:

ھەي ساقىي، پەلەكنەك چۆگىلىۋاتقان جامنى تولدۇرۇپ توختىماستىن تۇتقىن، چۈنكى جېنىم بىردەم بولسىمۇ پەلەك زۇلمىدىن ئارام تاپسۇن.

ئۇ ئالەم ئەھلى سۇلتانىنىڭ ھىممىتى ئالدىدا ئالەم پادىشاھلىقى تۆۋەن كۆرۈنىدۇ ۋە پېقىرلىق، يوقسۇللۇق بولسا، ھەقىقەتەن پادىشاھلىقتىن ئەلا بىلىنىدۇ. تۆۋەندىكى بېيىتتا بۇ خىل ھەقىقىي مەنە مەجازىي (ئوخشىتىش) سۈرەتتە ئىپادىلىنىپتۇ. ئۇ ھەزرەتنىڭ ئۇسلۇبىدا ھەرقانداق مەجازىي مەزمۇن بولسا ھەقىقەتكە ئۆرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ بېيىت مەجاز ئەھلى ياقتۇرغۇدەك ۋە ھەقىقەت ئەھلى ئاپىرىن ئېيتقۇدەك دەرىجىدە چىقىپتۇ، بېيىت:

ھەي دىلرابا، كىمكى ئالەمدىن كېچىپ سېنىڭ گادىيىڭ بولسا، بۇگۈن پېقىر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالەم سۇلتانى ئاشۇ كىشىدۇر.

## خىلۋەت

ئالەم ئەھلىنىڭ مەجلىسلىرىدە شۇنداق بىر ئەھۋال باركى، مەجلىسكە قاتناشقانلارنىڭ ھەسرەت ۋە نادامەتلىرىدىن تەبىئىتىگە ئېغىرلىق ۋە زېھنىگە مالاللىق يۈزلەنگەندىن كېيىن، ھەر بىر تائىپە ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئەڭ يېقىن سىرداشلىرى بىلەن بىللە پىنھان ئورۇندا ئايرىم مۇڭدىشىشنى ئىستەيدۇ. «مەجالىسۇن-نەفائىس» نىڭ يەتتە مەجلىسى تالانت ئىگىلىرىنىڭ ۋاراڭ



چۇرۇڭى ۋە شائىرلار جامائىتىنىڭ سۈرەن-چۇقانلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. سەككىزىنچى مەجلىس سۇلتان ساھىبقىرانىنىڭ مەجلىسى بولۇپ، بۇ مەجلىس ئۇنىڭ ئۆز ھەققى بولارلىق دەرىجىدىدۇر، شۇڭا ئۇ ھەقتە بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەقىل ئادىل سوتچى بولۇپ، بۇنداق دەۋاغا رۇخسەت قىلمايدۇ، قانداقلا بولمىسۇن گاھ قالايمىقان، گاھ رەتلىك، بەزى چېچىلاڭغۇ، بەزىدە باغلىنىشلىق ھالدا بۇ مەجلىسمۇ تامام بولدى. ئەمدى خالى ئورۇندا ئۇ ھەزرەتنىڭ نەزمىلىرىدىن باشقا لەتىپىلىرىدىنمۇ يەنە بىر-ئىككىسى نەقىل قىلىنسا ۋە بىر-ئىككى ئېغىز سۆز شەرھەلەنسە ئارتۇق بولماس.

شۇ خىل لەتىپىلەردىن بىرى تۆۋەندىكىچە: باھار كۈنلىرى ئىدى. بىر-ئىككى كۈندىن بېرى بۇلۇت ئاشىق كۆزلىرىدەك ياش تۆكمەكتە، ھەر بىر تامچە ياش گوياكى مەشۇق ۋەدىسىگە ئوخشاش مەۋھۇم رىشتە (يىپ) لەرنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. مۇشۇنداق كۈنلەردە پېقىرغا ئۆز زامانىدا خۇراسان مەملىكىتىدە تۈركچە ۋە پارسچىدا سۆز پادىشاھى بولغان مەۋلانا لۇتفى ئۇچراپ قېلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ يېغىندىن تارلار ھاسىل بولۇپتۇ. ئەمىر خۇسرەۋ بىر ھىندىچە شېئىرىدا مۇنداق بىر ئاجايىپ نازۇك مەنىنى بايان قىلغانىكەن: باھار كۈنلىرىدىن بىرىدە مەشۇق بىر تەرەپكە مېڭىپتۇدەك، يامغۇر تۆپىلىرىدىن يەر پاتقاق بولۇپ كەتكەنىكەندۇق، ئۇنىڭ ئايىغى پاتقاقتا تېيىلىپ كېتىپ، ئۆزى يىقىلاي دېگەندە، ئۇ مەشۇق ناھايىتى زىلۋا ھەم نازۇك بولغانلىقتىن يامغۇردىن ھاسىل بولغان رىشتىنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنى رۇسلىۋاپتۇدەك». پېقىر بۇ مەنىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، مىر خۇسرەۋنىڭ بۇ نازۇك تەسەۋۋۇرىغا ئاپىرىنلار ئېيتتىم. ھەربىر تالانت ئىگىسى يېنىدا

يامغۇر مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ سۆز نەقىل قىلىنسا، ئۇلارمۇ ماڭا
ئوخشاش خۇشال بولۇشۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا مىر خۇسرەۋنى
تەرىپلەشكە كىرىشتى.

بىر كۈنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇناسىۋەت بىلەن
سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئالىي مەجلىسلىرىدە بۇ سۆزنى بايان
قىلىپ: «بىر كۈنى مەۋلانا لۇتفى ئەمىر خۇسرەۋدىن مۇنداق بىر
ئاجايىپ مەنىنى نەقىل كەلتۈردى» دېدىم. خىيالىمدا بۇ سۆز
ئۇ ھەزرەتنىڭمۇ كۆڭلىگە خۇش يېقىپ ئۇنى تازا ئاشۇرۇپ تەرىپ-
لەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. پېقىر ناھايىتى ھاياجان بىلەن
سۆزلىگەنلىكتىن، دەرۋەقە، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا شادلىق ئىز-
ھار قىلدى. ئەمما ئانچە كۆپ ئىلتىپات كۆرۈلمىدى. ئەتىسى ئۇ ھەز-
رەتنىڭ مۇبارەك تەبىئىتىدە مىر خۇسرەۋنىڭ بۇ خىل تەسەۋۋۇرىغا
نىسبەتەن ئېتىراز بىلدۈرۈش ھېسسىياتى پەيدا بولغانلىقى مەلۇم
بولدى. مىر خۇسرەۋنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىغا پۈتكۈل تالانت ئىگى-
لىرى تەرىپلەش ۋە ئاپىرىن ئېيتىشتىن باشقا ھېچقانداق غەي-
رىي ئىنكاس قايتۇرمىغانىدى، ئەجەبا، ئۇ ھەزرەتتە نېمىگە ئېتى-
راز پەيدا بولدىكىنە، دەپ ھەيران بولدۇم-دە، ئالىي مەجلىستە
تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئېتىرازنى ئۆزىنىڭ گۆھەر
چاچقۇچى لەۋزىلىرىدىن ئاڭلاشنى ئىستەيدىغانلىقىمنى بايان
قىلدىم. ئۇ ھەزرەت: «ئۇ يامغۇر تامچىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە
قاراپ چۈشىدۇ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان رىشتىنىڭ
ھالىتىمۇ شۇ خىل ئەھۋالدىن مۇستەسنا بولمايدىغانلىقى ئېنىق.
رىشتە(يىپ) يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان
ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى يېقىلىشتىن قوغداپ
قالالىشى ناتايىن، ئېتىراز بىلدۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ»
دېدى. ئۇ ھەزرەت بۇ قارشى پىكرىنى ئېيتقاندىن كېيىن، پېقىر
بىلدىمكى، مەن ۋە ھەممىمىز بۇ مەنىنى ئاڭلاپ، ئاپىرىن ئېيتىپ-



تىمىز، ھەممىمىز يېڭىلىشىپتۇق. يۇقىرىقى پىكىرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن ئۆز تالانتىمدىكى كەمچىلىككە تەن بەردىم. ئاندىن كې-
يىن ئۇ ھەزرەت مۇنداق دېدى؛ «تۆۋەندىكى بېيىت ئېتىراز
بىلدۈرۈشكە ئورۇن يوق ھالدا يۈزەگە چىقىپتۇ» بېيىت:

شۇ قەدەر جۇدەپ كەتكەنلىكىمدىن كەپەمدە تۇرنىمىدىن
تۇرماقچى بولسام، ئۆمۈچۈكنىڭ تاملارغا ئاسقان يىپىغا تايىنىمەن.

ئۈمىدىم شۇكى، بۇنداق پاك ۋە سۈزۈك تالانت ئەينىكىگە
دەۋران ھادىسىلىرىدىن چاڭ-توزان قونمىسۇن، مۇنداق رو-
شەن زېھىن شامىنى زامان قايغۇلىرى ئۆچۈرمىسۇن.

ئۇ لەتىپىلەردىن يەنە بىرى تۆۋەندىكىچە: مەۋلانا قەبۇلى
دېگەن بىر ياش يىگىت قۇندۇز ۋە ھىسار تەرەپلەردىن كەل-
گەنىدى. تۈركچە ۋە پارسچە نەزمىلەردە زېھنى ئۆتكۈر ئىدى.
ئالىي مەجلىسكە مۇشەررەپ بولۇپ، پادىشاھنىڭ ماختىشىغا ۋە
ئىنئام-ئېھسانىغا سازاۋەر بولغانىدى. بىر كۈنى ئۇ مۇنداق
مەتلەئ بىلەن باشلىنىدىغان بىر تۈركىي غەزەلنى يۇقىرىغا سۇنۇش
نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئېلىپ كەلدى، مەتلەئ:

جىسمىمغا تامغا باستىم، لېكىن دەردى كېمەيمەكتە يوق،
تېخىمۇ كۆپەيدى، كۆيدۈرۈشلىرى كېمىيەرمىكىن دەپ جىس-
مىمنى داغلاپ باقتىم، يەنىلا ئۇنداق بولمىدى.

بۇ شېئىرنى پېقىرغا بېرىپ، بۇ توغرۇلۇق كۆڭلۈمگە
كەلگىنىنى ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئوقۇپ كۆردۈم
«ھەم بولىدى» دېگەن قاپىيەنى ياخشى ئېيتالمىغانىدى. ئۇ-
نىڭغا. «بۇ ياخشى قاپىيە، لېكىن بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق داۋام-
لاشتۇرساڭ بولاتتى» دېدىم. ئۇ: «مەن خېلى ئۇرۇنۇپ باقتىم،

ئەمما ياخشى تۈزەلمىدىم. بۇ قاپىيەنى ئەلۋەتتە سىز داۋاملاشتۇرۇڭ» دېدى. ئۇ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، پېقىر ئۇ قاپىيەنى مۇنداق داۋاملاشتۇردۇم، بېيىت:

سەرۋى سېنىڭ ئايىغىڭنىڭ تۇپرىقىنى سۆيۈشكە ئىنتىلدى. ئۇنداق بولمىغىنىدا ئۇ ھەر سائەتتە تاڭ شامىلىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن ئىگىلمىگەن بولاتتى.

ئەلقىسسە، قەبۇلى بۇ شېئىرنى يېزىپ، ئوردىدىكى نۆۋەتچى خادىملاردىن بىرسىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئالىي مەجلىسكە كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ ھەزرەت ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «ئىككىنچى بېيىتى ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ رەڭگىدە ئەمەس، خىيالىمغا شۇنداق كېلىۋاتىدۇكى، ئۇنىڭ شېئىرى ئىچىدىكى بۇ بېيىتنى پالانى ئېيتقان بولسا كېرەك.» دەپتۇ. ئاندىن پېقىرنى چاقىرتىپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ: «بۇ بېيىتنى زادى ئۇ ئۆزى ئېيتقانمىدۇ، ياكى بىراۋ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەنمىدۇ؟» دەپ سورىدى. پېقىر تېڭىرقاپ قالدىم. بىراق ئۇ بىچارە غېرىب يىگىت بۇ شېئىرنى ئۆز نامىدىن شاھ ھۇزۇرىغا يەتكۈزگەن ئەھۋال ئاستىدا، «بۇ بېيىتنى مەن ئېيتقانىدىم» دېسەم، ياخشى بولمايتتى. شۇڭا ئىقرار قىلمىدىم. تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ سورىدى. بۇ ئىش ئۇ ھەزرەتكە روشەنلىشىپ بولغانلىقتىن، ئىنكار قىلالماي، ئاخىرى: «مۇبارەك كۆڭۈللىرىگە غايىب ئەھۋاللارمۇ ئاياندۇر، قانداق تانىمەن» دېدىم. ئۇ ھەزرەت ئىنتايىن شادلانغان ھالدا: «قەبۇلىنى تېپىپ كەلسۇن، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن چاقچاق قىلىشايلى» دەپ پەرمان قىلدى. ئۇنى دەرھال تېپىپ كېلىپ ئالىي مەجلىستە ھازىر قىلىشتى. ھەزرەت ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى-دە، ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ شېئىرىنى ماختىدى. پېقىر كۆڭلۈمدە: «بۇ شېئىرنى ماختاشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر شەرمەندىچىلىك بولىدىغان بولدى،



پېقىرغا بولسا ئاندىن ئارتۇق.» دەپ ئويلاپ بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. بىر دەملىك ئولتۇرۇشتىن كېيىن سۆز باشقا تەرەپكە يۆتكەلدى. ئاخىرى مەجلىس ئاخىرلىشىپ كىشىلەر تارقىلىپ كەتتى. مەھرەملەردىن ئاز كىشى قەپقالدى. ئوردا خادىملىرىدىن بىرى: «قەبۇلىنى كەلتۈردىلە، لېكىن ئۇ بېيىت توغرىسىدا چاقچاق قىلمىدىلا. بۇ ئىش ئۇنتۇلغان بولسا كېرەك.» دېدى. ئۇ ھەزرەت: «ئۇنتۇلمىدى. بىراق ئۇ سۆزنى ئېغىزغا ئالساق ئۇنىڭغا ئۇيات بولاتتى. بىر غېرىب يىگىتنى مەجلىستە ئەل ئارىسىدا ئۇياتلىق قىلىشنى خالىمىدۇق. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ شېئىرى ۋە ئۇ بېيىت توغرىسىدا سۆز قىلىنمىدى» دېدى. بۇ پېقىر يەر سۆيۈپ تەزىم قىلغان ھالدا: «بۇ رەھىم-شەپقەت يالغۇز ئۇنىڭغىلا بولمىدى، ماڭىمۇ بولدى» دېدىم.

ئەگەر بۇنداق ئاجايىب ھېكايىنى بىراۋغا باغلاپ ياساپ چىقسا، ئاڭلىغان ئادەم ئىشىنەلمەس. بەلكى ئويدۇرما، ساختا، دەپ، ئېيتقۇچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماس. تەڭرىگە تەشەككۇر، بىر دۆلەت ئىگىسىگە مۇنچە گۈزەل مىجەز-خۇلقنى، يېتۈك ھۈنەر پەزىلەتنى، يۇقىرى تالانت-ئىدراكنى ۋە پاك زېھىننى ئاتا قىلغان ئاشۇ ياراتقۇچى تەڭرىگە ئاپىرىن!

سۇلتان ساھىبقىراننىڭ بېھىش سۈپەت سۆھبەتلىرىدە ۋە پىردەۋس جەننىتىدەك گۈزەل خىلۋەتلىرىدە بۇنداق ئاجايىپ لەتىپىلەر ۋە غارايىپ ھېكمەتلەر ھەر بىر نەپەستە ئۈزۈلمەستىن، ئارقا-ئارقىدىن ۋە ھەر بىر تىنىقتا كۆپ-كۆپلەپ ئاشكارا بولىدۇ. پەلەك كېچىسىنىڭ ئالتۇن لېگىنى تولۇن ئاي بولۇپ تۇرسىلا ۋە كۆك شەھەرلىرى مەجلىسىنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى — ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش بولسىلا، بۇ ئادالەت ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئېيىغا كەملىك يۈزلەنمىسۇن ۋە بۇ سەلتەنەت بۇرجىنىڭ ئالەمگە زىننەت بەرگۈچى قۇياشى كامالەت دەرىجىسىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئۇ مۇبارەك تالانت ئىگىسىنىڭ بۇ خىل ئۆتكۈر زېھنى ۋە چوڭقۇر مەنالىق ھېكمەتلىرىنى پەلەك كاتىپى يىللار بويى يازسىمۇ پۈتكۈزەلمەس، دانىشمەن. ئەقىل ـ ئىدراك ناتىقلىرى ئەسىرلەر بويى سۆزلىسىمۇ تۈگىتەلمەس. شۇڭا، يىغىنچاق ھالدا تامام قىلىنغىنى ۋە دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغىنى ئەلا.

رۇبائىي:

ئەي تەڭرى، بۇ زامانىمىز شاھلىرىنىڭ شاھى بولغان سۇلتان ساھىبقىرانىنىڭ كۆڭلى يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەرداردۇر. ئۇنىڭغا پەلەك ئەۋجىدىن ئورۇن بەرگىن، بەلكى كۆڭلى نېمىنى خالىسا شۇنى ئاتا قىلغىن.

رۇبائىي:

ئەي تەڭرى، پەلەك مەيدانى ئۇنىڭ بەزمىگاھى بولسۇن،
قۇياش تاختىسى ئۇنىڭ شاھلىق تەختى بولسۇن،
ئۇنىڭ قوشۇنى يۇلتۇزلارنىڭ سانى بىلەن باراۋەر بولسۇن،
ھەر ئىشتا تەڭرى ئۇنىڭغا يار يۆلەك بولسۇن.

ئەي پۈتۈن ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى تەڭرى، بۇ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن.



# مۇندەرىجە

مۇھەررىردىن........................................1

| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
| --- | --- | --- |
| ئەۋۋەلقى مەجلىس (بىرىنچى مەجلىس) | 5 | 268 |
| ھەزرەتى ئەمىر قاسىم ئەنۋار | 5 | 268 |
| مىر مەخدۇم | 7 | 269 |
| ھافىز سەئىد | 8 | 270 |
| خوجە ئەبۇلۋەفايى خارەزمىي | 9 | 271 |
| مەۋلانا ھۇسەين خارەزمىي | 9 | 272 |
| شەيخ ئازەرىي | 10 | 273 |
| مەۋلانا كاتىبىي | 11 | 274 |
| مەۋلانا ئەشرەف | 13 | 276 |
| خوجە ئىسمەتۇللاھ | 13 | 277 |
| مەۋلانا خەيالىي | 14 | 277 |
| مەۋلانا بىساتىي | 14 | 278 |
| مەۋلانا يەھيا سىبەك | 15 | 278 |
| مىر ئىسلام غەززالىي | 16 | 279 |
| سەيىد ئەلى ھاشىمىي | 16 | 280 |
| قازى مۇھەممەد ئىمامىي | 17 | 281 |
| مەۋلانا مۇھەممەد ئالىم | 17 | 281 |
| مەۋلانا قۇدسىي | 17 | 282 |

| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا يەھيا يارزىي | 18 | 282 |
| مەۋلانا ساھىب بەلخىي | 18 | 283 |
| مەۋلانا سىيمىي | 20 | 284 |
| مەۋلانا ئەلى ئاھى | 20 | 285 |
| مەۋلانا ئەلى شىھاب | 20 | 285 |
| مۇھەممەد ئەلى شۇغانىي | 21 | 285 |
| مەۋلانا تالىئىي | 21 | 286 |
| مەۋلانا تۇسىي | 21 | 286 |
| بابا سەۋدائىي | 22 | 286 |
| مەۋلانا زاھىدىي | 23 | 287 |
| مەۋلانا ئەمىرىي | 23 | 287 |
| مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشىي | 23 | 288 |
| مەۋلانا تالىپ جۇرجانىي | 24 | 288 |
| مەۋلانا بۇرۇندۇق | 24 | 289 |
| مەۋلانا جۇنۇنىي | 24 | 289 |
| مەۋلانا ئارىفىي | 25 | 290 |
| مەۋلانا سۇلەيمانىي | 26 | 291 |
| مەۋلانا قەدىمىي | 27 | 292 |
| مەۋلانا مەسىھىي | 27 | 292 |
| مەۋلانا ھاجى ئەبۇلھەسەن | 28 | 293 |
| مەۋلانا قۇتبىي | 28 | 293 |
| مەۋلانا نەئىمىي | 29 | 294 |
| مەۋلانا زەينىي | 29 | 294 |
| مەۋلانا مۇھەممەد جامىي | 29 | 295 |
| مىر شاھىي | 30 | 295 |
| مەۋلا مۇشتەرىي | 31 | 297 |
| مەۋلانا ئەلى دەردوزد | 31 | 297 |





| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا تالىئىي | 31 | 297 |
| مەۋلانا مۇھىيىي | 32 | 297 |
| ئىككىنچى مەجلىس | 33 | 299 |
| مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىي | 33 | 299 |
| خاجە ئەۋھەد مۇستەۋفىي | 35 | 301 |
| مەۋلانا ئەبدۇلۋەھھاب | 35 | 301 |
| خوجە فەزلۇللاھ ئەبۇللەيسىي | 36 | 302 |
| مەۋلانا ئەلى شاشىي | 37 | 303 |
| مەۋلانا مۇھەممەد تەباركانىي | 38 | 304 |
| شەيخ سەدرىددىن زەۋايى | 39 | 305 |
| مىر ھەيدەر مەجزۇب | 39 | 305 |
| مەۋلانا مۇھەممەد ئەرەب | 40 | 306 |
| مىر مۇفلىسىي | 40 | 307 |
| مەۋلانا ئەبدۇلقەھھار | 41 | 307 |
| مەۋلانا ئەبدۇررەززاق | 42 | 308 |
| مىر يادگاربەگ | 42 | 308 |
| مەۋلانا تۇتىي | 43 | 309 |
| مەۋلانا ۋەيسىي | 44 | 310 |
| مەۋلانا ساغەرىي | 44 | 311 |
| مەۋلانا فەسىھىي رۇمىي | 45 | 312 |
| شەيخ كەمال تۇربەتىي | 46 | 312 |
| دەرۋىش مەنسۇر | 47 | 314 |
| ھافىز ئەلى جامىي | 48 | 314 |
| مەۋلانا مۇھەممەد مۇئەممائىي | 48 | 315 |
| سەييىد كەمال كاچكۇل | 49 | 315 |
| خوجە مۇئەييەد مىھنە | 49 | 316 |
| خوجە مۇئەييەد دىۋانە | 50 | 317 |

| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا مىر ئىماد مەشھەددىي | 50 | 317 |
| شاھ بەدەخشان | 51 | 318 |
| ئىبنى لەئلىي | 52 | 318 |
| مەۋلانا ئەبدۇسسەمەد بەدەخشىي | 52 | 319 |
| مەۋلانا يۇسۇف شاھ | 52 | 319 |
| خوجە ئەبۇ ئىسھاق | 53 | 319 |
| سەيىد كازىمىي | 53 | 320 |
| مەۋلانا مۇھەممەد مۇئەممائىي | 54 | 321 |
| خوجە ھەسەن خىزىر شاھ | 55 | 322 |
| مەۋلانا ھاجى نۇجۇمىي | 56 | 322 |
| خوجە مەسئۇد قۇمىي | 56 | 323 |
| ھافىز يارىي | 57 | 323 |
| مەۋلانا قەنبەرىي | 57 | 324 |
| مەۋلانا خۇسرەۋىي | 57 | 324 |
| مەۋلانا زەينىي | 58 | 325 |
| ۋەلى قەلەندەر | 58 | 325 |
| مەۋلانا ۋالەھىي | 59 | 325 |
| ھەرىمىي قەلەندەر | 59 | 326 |
| مەۋلانا تارخانىي | 59 | 326 |
| مەۋلانا ئىشقىي | 60 | 327 |
| مەۋلانا ئابدۇلۋەھھاب | 60 | 327 |
| خوجە يۇسۇف بۇرھان | 61 | 328 |
| مەۋلانا مەشرىقىي | 61 | 328 |
| مەۋلانا ھەۋائىي | 62 | 329 |
| مەۋلانا قەبۇلىي | 62 | 329 |
| مەۋلانا سەئىدى | 63 | 330 |
| مەۋلانا مۇھەممەد ئەمىن | 63 | 330 |





| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مىر ئارغۇن | 64 | 331 |
| مەۋلانا ھەيدەر كاتىب | 94 | 331 |
| مەۋلانا ئايازى | 65 | 331 |
| مەۋلانا ئەنسىي | 65 | 332 |
| مەۋلانا ئەنىسىي | 66 | 333 |
| مەۋلانا مۇھەممەد ئامىلى | 66 | 333 |
| مەۋلانا بۇرۇجىي | 67 | 333 |
| دەرۋىش نازۇكىي | 67 | 334 |
| مەۋلانا كەۋسەرىي | 68 | 335 |
| مەۋلانا مۇسلىمىي | 68 | 335 |
| مەۋلانا نىزام | 68 | 335 |
| مەۋلانا يارىي | 69 | 336 |
| خوجە ئەھمەد مۇجەللىد | 69 | 336 |
| مەۋلانا مۇھەممەد نىشىمەتئابادىي | 69 | 336 |
| سەيىد ئەبۇ ئىسھاق ئەستىرابادىي | 70 | 337 |
| مەۋلانا مىر قەرشىي | 71 | 337 |
| مەۋلانا جەۋھەرىي | 71 | 338 |
| مەۋلانا خاۋەرىي | 71 | 338 |
| مەۋلانا ھەلۋائىي | 72 | 339 |
| مەۋلانا رىزائىي | 72 | 339 |
| مەۋلانا سەفائىي | 73 | 340 |
| مەۋلانا يۇسۇف | 74 | 341 |
| مەۋلانا خاكىي | 75 | 342 |
| مەۋلانا لۇتفىي | 75 | 342 |
| مەۋلانا يەقىنىي | 77 | 344 |
| مەۋلانا ئاتايىي | 78 | 345 |
| مەۋلانا مۇقىمىي | 78 | 345 |

| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا كەمالىي | 78 | 346 |
| مەۋلانا لەتىفىي | 79 | 346 |
| مەۋلانا سەككاكىي | 79 | 346 |
| مىرزا ھاجى سوغدىي | 80 | 347 |
| نۇرسەئىد بەگ | 80 | 347 |
| پەھلەۋان ھەسەن | 81 | 348 |
| مەۋلانا سانىئىي | 81 | 348 |
| خوجە مۇسەببەب | 82 | 349 |
| مەۋلانا بىلالىي | 82 | 349 |
| مىر سەئىد | 83 | 349 |
| مۇھەممەد ئەلى | 83 | 350 |
| دەرۋىشبەگ | 84 | 351 |
| مىرزابەگ | 84 | 351 |
| سەيىد ھەسەن ئەردەشىر | 85 | 352 |
| ئۈچىنچى مەجلىس | 88 | 355 |
| ئەبدۇررەھمان جامىي | 88 | 355 |
| مەۋلانا ئاسەفىي | 90 | 357 |
| ئەمىر شەيخىم سۇھەيلىي | 91 | 358 |
| مەۋلانا سەيفىي | 92 | 360 |
| مەۋلانا ئانباسىي | 93 | 361 |
| مەۋلانا كامىي | 94 | 362 |
| مەۋلانا ئالىم | 95 | 363 |
| مەۋلانا ھەسەنشاھ | 96 | 364 |
| مەۋلانا مۇزھىر | 96 | 364 |
| مەۋلانا شامىي | 97 | 365 |
| مەۋلانا ئەبدۇللاھ | 97 | 365 |
| مەۋلانا دەرۋىش مەشھەدىي | 99 | 367 |







| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيەدىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا خۇررەمىي | 99 | 367 |
| سەيىد قۇرازە | 100 | 368 |
| سەيىد قۇتبىددىن لەكەدەك | 100 | 369 |
| مەۋلانا قابىلىي | 101 | 369 |
| دەرۋىش ھۇسامىي | 102 | 370 |
| مەۋلانا شەۋقىي | 102 | 370 |
| مەۋلانا زىيا | 102 | 370 |
| مەۋلانا خەلەف | 103 | 371 |
| مەۋلانا مەھۋىي | 104 | 372 |
| مەۋلانا نەرگىسىي | 104 | 372 |
| مەۋلانا سالىمىي | 104 | 373 |
| مەۋلانا جەننەتىي | 105 | 373 |
| مەۋلانا ئەنۋەرىي | 105 | 374 |
| مەۋلانا قابىلىي | 106 | 374 |
| مەۋلانا سىررىي | 106 | 374 |
| مىر ھاج | 106 | 375 |
| مەۋلانا سايىلىي | 107 | 375 |
| مەۋلانا سەلامىي | 107 | 375 |
| مەۋلانا فارىغىي | 107 | 376 |
| مەۋلانا جەمشىد | 107 | 376 |
| مەۋلانا ئەبدۇلھەق | 108 | 376 |
| مەۋلانا ۋىدائىي | 108 | 376 |
| مەۋلانا مەئانىي | 108 | 377 |
| مەۋلانا بەقائىي | 108 | 377 |
| مەۋلانا مۇشرىفىي | 109 | 378 |
| مەۋلانا ئەسلىي | 109 | 378 |
| مەۋلانا كەۋسەرىي | 109 | 378 |

| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا ھىلالىي | 110 | 379 |
| مەۋلانا قەبۇلىي | 110 | 379 |
| مەۋلانا ئەبۇ تاھىر | 110 | 379 |
| مەۋلانا جانىي | 111 | 379 |
| مەۋلانا ئافەتىي | 111 | 380 |
| مەۋلانا زۇلالىي | 111 | 380 |
| مەۋلانا مىر ھاشىمىي | 112 | 380 |
| مەۋلانا ساھىب | 112 | 381 |
| مەۋلانا مايىلىي | 112 | 381 |
| مەۋلانا قەۋسىي | 113 | 381 |
| مەۋلانا ھەجرىي | 113 | 382 |
| مەۋلانا ئەنۋەرىي | 113 | 382 |
| مەۋلانا دائىي | 114 | 382 |
| مەۋلانا سۇبھىي | 114 | 382 |
| مەۋلانا مەجنۇن | 114 | 383 |
| مەۋلانا مەلىك | 115 | 383 |
| مەۋلانا جەلالىددىن | 115 | 383 |
| خوجە مۇسا | 115 | 384 |
| مەۋلانا مەشرەبىي | 116 | 384 |
| مەۋلانا ۋەفائىي | 116 | 384 |
| مەۋلانا ھەبىب | 116 | 384 |
| مەۋلانا ھەرىمىي | 116 | 385 |
| مەۋلانا قەلەندەر | 117 | 385 |
| مەۋلانا قىرانىي | 117 | 385 |
| مەۋلانا شادىي | 117 | 385 |
| مەۋلانا خەلىل | 117 | 386 |
| مەۋلانا ھەيبەتىي | 117 | 386 |







| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا فەنائىي | 118 | 386 |
| مەۋلانا قەنبەرىي | 118 | 386 |
| سەيىد ئارىف | 118 | 386 |
| لۇتفىئىي سانىي | 118 | 387 |
| مەۋلانا ئەدىمىي | 118 | 387 |
| مەۋلانا شەبابىي | 119 | 387 |
| مەۋلانا دەرۋىش | 119 | 387 |
| مەۋلانا ئەيانىي | 119 | 387 |
| مەۋلانا غىياسىددىن | 119 | 388 |
| سەيىد ئەبدۇللەتىف | 120 | 388 |
| مەۋلانا مۇھەممەد | 120 | 388 |
| مەۋلانا فەخرىي | 120 | 389 |
| مەۋلانا رۇكنىي | 120 | 389 |
| مەۋلانا ناسىھىي | 120 | 389 |
| مەۋلانا تايىرىي | 120 | 389 |
| سەيىد ھەزىنىي | 121 | 390 |
| مەۋلانا مەھدىي | 122 | 390 |
| مەۋلانا تايىفىي | 122 | 390 |
| مەۋلانا نايىبىي | 122 | 390 |
| مىر لەۋەند | 122 | 390 |
| مەۋلانا ئەمىنىي | 122 | 391 |
| مەۋلانا مۇھەممەد | 123 | 391 |
| مەۋلانا زىرەكىي | 123 | 391 |
| مەۋلانا ۋەھدەتىي | 123 | 391 |
| مەۋلانا نادىرىي | 124 | 392 |
| مەۋلانا بىھىشتىي | 124 | 392 |
| مەۋلانا ھىراتىي | 124 | 392 |

ماۋزۇ / ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) / يەشمە (بەت)

مەۋلانا نەرگىسىي........125........392
دوست مۇھەممەت........125........393
مەۋلانا ئەھلىي........125........393
ھەسەن ئەلى........126........393
مەۋلانا فەتھۇللاھ........126........394
مەۋلانا ئەسىرىددىن........126........394
مەۋلانا نەزىرىددىن........127........394
مەۋلانا سەۋسەنىي........127........395
مەۋلانا ھەلاكىي........128........395
مەۋلانا غۇبارىي........128........395
مەۋلانا رىيازىي........129........396
مەۋلانا زاھىرىي........129........396
مەۋلانا مەجنۇنىي........130........397
مەۋلانا ھەمدەمىي........130........397
مەۋلانا نەجمىي........130........397
سەيىدزادەئى مۇنشىي........130........398
مەۋلانا ئاسىمىي........131........398
مەۋلانا فەخرىددىن........131........398
مەۋلانا مەقسۇد........131........398
مەۋلانا سەفائىي........131........399
مەۋلانا سافىي........132........399
مەۋلانا فىغانىي........132........399
مەۋلانا بۇ ئەلى........132........400
مەۋلانا شەيخىي........133........400
مەۋلانا خىزرىي........133........400
مەۋلانا ھاتىفىي........133........400
مەۋلانا فەيزىي........134........401



ماۋزۇ / ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) / يەشمە (بەت)

مەۋلانا شوخىي........134........401
مەۋلانا زاھىرىي........134........401
مەۋلانا خۇلقىي........134........402
مىر ئەسەدۇللاھ........135........402
مىر ئەھەدۇللاھ........135........402
مەۋلانا شاھ ئەلى........136........403
مەۋلانا زىيبائىي........136........403
مەۋلانا سەئىد........136........403
مەۋلانا دەرۋىش ئەلى........137........404
مەۋلانا قەللاشىي........137........404
مەۋلانا گەدائىي........137........404
مەۋلانا ۋاھىدىي........138........405
زاۋە قازىسى........138........405
مەۋلانا ھۇسەيىن........138........405
مەۋلانا كاشىي........139........406
مەۋلانا زايىرىي........139........406
مەۋلانا قانىئىي........139........406
مەۋلانا زىيائىي........139........406
مەۋلانا نۇرىي........139........407
مەۋلانا فەيزىي........140........407
مەۋلانا ئەينىي........140........407
مەۋلانا مۇئىنىي........140........407
مەۋلانا خىزرىي........140........408
ئۇستاد مۇھەممەد ئۇبەھىي........141........408
مەۋلانا كەۋكەبىي........141........408
مەۋلانا مىھنەتىي........141........409
مەۋلانا شۇكرىي........141........409

| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا ھەقىرىي | 141 | 409 |
| مەۋلانا ئەسىرىي | 142 | 409 |
| مەۋلانا سەئىد | 142 | 410 |
| خوجەكەلان بەززاز | 143 | 410 |
| خوجە مەنسۇر | 143 | 410 |
| سۇلتان مەھمۇد | 143 | 410 |
| مەۋلانا نىزام | 143 | 411 |
| مەۋلانا يارىي | 144 | 411 |
| مەۋلانا سۇفىي | 144 | 411 |
| مەۋلانا دائىمىي | 144 | 412 |
| بابا شورىدە | 145 | 412 |
| مەۋلانا ھەمىدگۇل | 145 | 412 |
| مەۋلانا بېھىشتىي | 145 | 412 |
| مەۋلانا فىغانىي | 145 | 413 |
| مەۋلانا شەرارىي | 146 | 413 |
| مەۋلانا فىدائىي | 146 | 413 |
| مەۋلانا مەھرەمىي | 146 | 413 |
| مەۋلانا ئەيانىي | 147 | 414 |
| مەۋلانا ۋالەھىي | 147 | 414 |
| سەيىد خەنجەر | 147 | 414 |
| مەۋلانا زارىي | 147 | 414 |
| مەۋلانا نازىرىي | 148 | 415 |
| مەۋلانا زاتىي | 148 | 415 |
| مەۋلانا مىر ئەلىي | 148 | 415 |
| پەھلەۋان كاتىب | 148 | 415 |
| **تۆتىنچى مەجلىس** | 150 | 417 |
| پەھلەۋان مۇھەممەد | 150 | 417 |





| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مىر سەر بەرەھنە | 152 | 418 |
| مەۋلانا بۇرھان | 153 | 420 |
| مەۋلانا غىياسىددىن ئەزىز | 154 | 421 |
| مەۋلانا مەسئۇد | 154 | 421 |
| خاجە كەمالىددىن ئۇدىي | 155 | 422 |
| ئەلى كەرمال | 155 | 422 |
| مىر ئەتائۇللاھ | 156 | 422 |
| ھافىز شەربەتىي | 157 | 424 |
| مىر مۇرتاز | 157 | 425 |
| مەۋلانا ھۇسەين ۋائىز | 158 | 426 |
| مەۋلانا مۇئىن ۋائىز | 159 | 427 |
| سۇلتان ئىبراھىم مۇشەشەئ | 160 | 427 |
| مىر خانىد | 160 | 428 |
| مەۋلانا خاندەمىر | 161 | 429 |
| مەۋلانا ھەمىدىددىن | 162 | 429 |
| مىر كەمالىددىن ھۇسەين | 162 | 430 |
| سەيىد ئىپتىخارىددىن | 163 | 431 |
| مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشىي | 164 | 432 |
| مەۋلانا ھاجى مۇھەممەد | 165 | 432 |
| مىر ھۇسەين مۇئەممايىي | 166 | 433 |
| ھافىز مۇھەممەد سۇلتانشاھ | 167 | 434 |
| مەۋلانا فەخرىي | 167 | 434 |
| سەيىد جەئفەر | 167 | 434 |
| سەيىد غىياسىددىن | 168 | 435 |
| سەيىد ھۇسەين باۋەردىي | 168 | 436 |
| سەيىد ئەسەدۇللاھ | 169 | 437 |
| مەۋلانا قاسىم | 170 | 437 |

| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا ئەلى | 170 | 437 |
| مەۋلانا شىر ئەلى | 170 | 437 |
| مەۋلانا سۇلتان ئەلى | 171 | 438 |
| مەۋلانا سۇلتان ئەلى قايىنىي | 171 | 439 |
| مەۋلانا شەرىفىي باغى شەھرىي | 172 | 439 |
| مەۋلانا شاھ ئەلى | 172 | 439 |
| مەۋلانا بەھلۇل | 172 | 440 |
| سۇفى پىرى سىسەدسالە | 172 | 440 |
| مەۋلانا ۋەسلىي | 173 | 441 |
| شەيخزادە پۇرئانىي | 174 | 441 |
| مەۋلانا سەيفىي | 174 | 441 |
| مەۋلانا شىھاب | 174 | 442 |
| ھافىز جەلال مەھمۇد | 175 | 443 |
| مەۋلانا نامىي | 176 | 443 |
| مەۋلانا ئەبدۇلۋاسىئ | 177 | 444 |
| خوجە سۇلتان مۇھەممەد | 177 | 444 |
| مىرەك ھۇسەين | 178 | 445 |
| مەۋلانا مۇھەممەد ئەمىن | 178 | 445 |
| مەۋلانا نۇرىي | 179 | 446 |
| مەۋلانا غىياسىددىن | 179 | 447 |
| شەيخزادەئى ئەنسارىي | 180 | 447 |
| شەيخ ئەبدۇللاھ | 180 | 448 |
| خوجەمەھمۇد | 181 | 448 |
| ئۇستاد قۇلمۇھەممەد | 181 | 449 |
| مەۋلانا شەربەتىي | 182 | 450 |
| پەھلەۋان دەرۋىش مۇھەممەد | 182 | 450 |
| ھۇسەينىي | 183 | 450 |





| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مۇھەممەد ئەلى | 183 | 451 |
| پەھلەۋان سۇلتان ئەلى گۇشتىگىر | 183 | 451 |
| خوجە ئەبۇ سەئىد | 183 | 451 |
| مەۋلانا ھاجى | 184 | 452 |
| مەۋلانا ئەبدۇررەززاق | 184 | 452 |
| مەۋلانا ھاجى | 185 | 453 |
| مەۋلانا جەمالىددىن | 185 | 453 |
| خوجە ئەبۇ نەسىر | 186 | 454 |
| خوجە ھەسەن كەرەڭگىي | 186 | 454 |
| خاجە قۇتبىددىن | 187 | 455 |
| خاجە يۇسۇف مىھىنە | 187 | 455 |
| خوجە ئەبۇ تاھىر | 188 | 455 |
| خوجە قۇتبىددىن ئەھمەد | 188 | 456 |
| مەۋلانا مۇھەممەد خۇراسانىي | 188 | 459 |
| خوجە كەمالىددىن ھۇسەين | 189 | 457 |
| خوجە ئەبدۇللاھ | 189 | 457 |
| خاجە يەھيا | 190 | 458 |
| مەۋلانا فەسىھىددىن | 191 | 458 |
| بەشىنچى مەجلىس | 193 | 461 |
| ئەمىر دەۋلەتشاھ | 193 | 461 |
| ھەسەن ئەلى جەلايىر | 194 | 462 |
| مىر ھەيدەر | 195 | 463 |
| ئەبدۇلۋەھھاب | 196 | 464 |
| سۇلتان ھۇسەين | 197 | 464 |
| مىر ئىبراھىم | 197 | 465 |
| مۇھەممەد سالىھ | 197 | 465 |
| شىرەم | 198 | 466 |

| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مىر ئىشقىي | 199 | 467 |
| مىر ئەلى دوست | 199 | 467 |
| يامغۇرچى بەگ | 199 | 467 |
| مەھەممەد ئەلى جەلايىر | 200 | 468 |
| مەۋلانا كەۋكەبىي | 200 | 468 |
| ئىبراھىم خەلىلىي | 201 | 468 |
| مىر ھەبىبۇللاھ | 201 | 469 |
| مۇھەممەد جەئفەر | 202 | 469 |
| شاھ قۇلى ئۇيغۇر | 202 | 470 |
| دەرۋىش ئەبدۇللاھ | 202 | 470 |
| ئەبدۇلقەھھار | 202 | 470 |
| بەگ مەلەكىي | 203 | 471 |
| ساقىي | 203 | 471 |
| **ئالتىنچى مەجلىس** | 206 | 474 |
| ئەھمەد جامىيبەگ | 206 | 474 |
| خوجە خۇسرەۋ | 207 | 475 |
| ئەبۇلبەرەكە | 208 | 476 |
| خوجە خاۋەند | 209 | 477 |
| ئەمىر مەھمۇد بارلاس | 209 | 478 |
| مەۋلانا فانى دەرۋىش | 210 | 478 |
| مەۋلانا مۇئمىنىي | 210 | 478 |
| ئارىف فەركەتىي | 211 | 479 |
| مەۋلانا ناسىرىددىن | 211 | 479 |
| مەۋلانا بەقائىي | 212 | 480 |
| مەۋلانا خەيرىي | 212 | 480 |
| مەۋلانا سالىكىي | 212 | 481 |
| مەۋلانا شەمسىي | 213 | 481 |





| ماۋزۇ | ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) | يەشمە (بەت) |
|---|---|---|
| مەۋلانا سالىھىي | 213 | 481 |
| مەۋلانا دەرۋىش دىھەكىي | 214 | 482 |
| قازى ئىيسا (ئەيسا) | 214 | 483 |
| شەيخ مۇنەججىم | 215 | 483 |
| خوجە ئەفزەل | 215 | 484 |
| ئەدھەمىي ئىبراھىم | 216 | 484 |
| خاجە ئەلائۇددىن | 216 | 485 |
| مەۋلانا شەھىدىي | 217 | 486 |
| مەۋلانا ھۇمايىي | 217 | 486 |
| مەۋلانا خالىدىي | 218 | 487 |
| مەۋلانا يارىي | 218 | 487 |
| مەۋلانا مىرەكىي | 219 | 488 |
| مەۋلانا ئەھلىي | 219 | 488 |
| مەۋلانا فەزلۇللاھ | 219 | 489 |
| مەۋلانا مۇئىن | 220 | 489 |
| خوجا ئىماد | 220 | 489 |
| مەۋلا بەيزائىي | 221 | 490 |
| سەيىد ئىماد | 221 | 490 |
| **يەتتىنچى مەجلىس** | 223 | 492 |
| مەھمۇد كوراگان | 223 | 492 |
| خاقان سەئىد شاھرۇخ مىرزا | 225 | 494 |
| ئابابەكرى مىرزا | 226 | 495 |
| سۇلتان ئىسكەندەر شىرازىي | 226 | 495 |
| خەلىل سۇلتان | 227 | 496 |
| ئۇلۇغبەگ مىرزا | 227 | 496 |
| بايسۇنغۇر مىرزا | 227 | 497 |
| بابۇر مىرزا | 228 | 497 |

ماۋزۇ / ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (بەت) / پەشمە (ب.ەت)

ئەبدۇللەتىب مىرزا…………228…………498
سەئىد ئەھمەد مىرزا…………229…………499
سۇلتان ئەھمەد مىرزا…………229…………499
تۈركمەن يەئقۇب مىرزا…………230…………499
جاھانشاھ مىرزا…………230…………500
بايقارا مىرزا…………230…………500
كىچىك مىرزا…………231…………500
مىرزا بەدىئۇززەمان سۇلتان…………232…………501
شاھ غەرىب مىرزا…………232…………502
فەرىدۇن ھۇسەيىن مىرزا…………234…………503
مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا…………234…………504
بايسۇنغۇر مىرزا…………234…………504
سۇلتان مەسئۇد مىرزا…………235…………504
سۇلتان ئەلى مىرزا…………235…………505
سەككىزىنچى مەجلىس…………237…………507
سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخان…………237…………508
خىلۋەت…………257…………531

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.



مەسئۇل مۇھەررىر: مەمەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى
خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى

**مەجالىسۇن - نەفائىس**

ئەلىشىر نەۋائى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇزىشىت ئىسلام
ئابدۇمىجىت قۇربان

مۇھەررىر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جېيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17.75، قىستۇرما ۋارىقى: 6
1994 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1,400 — 1
ISBN 7—228—01898—2/I•639
باھاسى: 6.55 يۈەن

责任编辑：买买提吐尔逊·巴吾东
封面设计：吐尔地卡迪尔·纳孜日
书　　法：尼亚孜·克里木·夏尔克

# 名人之谈（维吾尔文）

艾里什尔·纳瓦依　著
整理者：阿布都热西提·司拉木，阿布都米吉提·库尔班
校订：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码　830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本17.75印张　6　插页
1994年 10 月第 1 版　1994年 10 月第 1 次印刷
印数1：—1,400
ISBN7-228-01898-2/I·639　定价：6.55元